# تەڭرىتاغ

پارقىراق قوڭغۇز

ئەۋلىيا

[illegible] پۈكنمە پوۋقرا

نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ

ئورخۇن شەجەرىسى



3

1999

TANGRITAG

ISSN 1004-1745

# ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى



گېزىتخانا مەسئۇللىرى زورۇللا سوپىيۇپ، تۆمۈر قاسىملار ھەرقايسى تارماقلارنىڭ
مەسئۇللىرى بىلەن گېزىت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.

بۇنىڭدىن 15 يىل مۇقەددەم، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى،
بېيىتقۇچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نەشر قىلىنىپ تارقىتى
لىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلۇق سەھىپىلىرى، تېز ئۇچۇرلىرى، ئېسىل ۋە
ئىخچام بەدئىي ئەسەرلىرى بىلەن جەمئىيەتىمىز ھەرقايسى قاتلاملىرىغا، كۈندىلىك تۇرمۇشى
مىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان گېزىتلەرنىڭ
بىرىگە ئايلاندى.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى
ۋە كەچلىك گېزىتىنى ئىبارەت قوش خاراكتېرنى ... قىلىپ ... مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە
شەھەرلىك پارتكومنىڭ سىياسەت، فاڭجېن ... ھەمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەر
نى خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ... گە «ئاممىۋى مۇلاھىزە»،
«قىزىل تاغ ئېتىكىدە»، «مىللەتلەر ... ۇلاھىزە، كۆزنەك»،
« تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» قاتارلىق يېڭى ... سەھىپىلىرى ئارقىلىق
نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ... ناسىپ تۆھپە قوشماقتا.



# تەڭرىتاغ

# 3
# 1999

# TÄNGRITAG

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

## تەھرىر ھەيئەتلەر

مۇرات مەتنىياز، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئېلى.



مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

## ھېكايىلەر

پارقىراق قوڭغۇز ...... ئەركىنجان ئەمەت 13
ئەۋلىيا ...... مەمتىلى ھېلىم 64
«ساراڭ» بىلەن سەپەر ...... ئابدۇخەبەر تاھىرى 17
روزى كالتەك ...... تۇرسۇنجان ئوسمان 47
ياتتاق ...... ئىبراھىم نىياز 101
مەن يىغلىدىم ...... زۆھرەگۈل ئەخەت 111

## ئەدەبىي ئاخبارات

كۆمۈلمەس يول ...... ئىمىر ھەسەن 4

## شېئىرلار

مۇقارىپ يەھيا، ئابلەت ئەسمەت، مۇختار داۋۇت، نۇرئامىنەم ئەھەت، زۆھرە قاسىم، ئىزىز ئەيسا 23

## رومانىدىن پارچە

ئورخۇن شەجەرىسى ...... پەرھات جىلان 27

## ئەدەبىي خاتىرە

كومپيۇتېر، سۇزۇك دۇنيا، بېكىنمە پۇقرا ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن 37
بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا ...... ھاجى قۇتلۇق قادىرى 86

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65 —1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

1999/3
ئومۇمىي 74 - سان

# مۇندەرىجە

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئەنۋەر ئەخمەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئوۋچى)، ئۆمەر مەتىمىن، ئابدۇللا ئېلى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت، تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، غەيرەت توختى 57

## ئەسىرلەر

ئارمان ........ ئەسقەر يۈسۈپ 88
سۆيگۈ رىسالىسى ........ گۈلنار ئابلىز 89

## نەۋائىي خەزىنىسى

نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ (ماقالە) ........ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان 75

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە

«سادا» ھەققىدە ........ ئابدۇللا مەتقۇربان 90
روھنىڭ چېڭقىلىشى ........ غەيرەتجان ئابىت 97

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

ئالبېرت كامۇسنىڭ نۇتقى ۋە ئەدەبىي پارچىلىرىدىن ........ 107

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب




دۇنيادا ئەسلى يول يوق ئىدى، كىشىلەرنىڭ مېڭىشىدىن يول پەيدا بولغان ۋە كېڭەيگەن، دېگەنىدى ئەدىب لۇ شۈن.

شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمى دۇنيا، تارىخ، ئەتىنىڭ يولىنى ئاچتى، شۇندىن ئىنسانلار ئۆز ھايات، تەقدىر يولىداكۈرەشكە ئاتلاندى، سانسىز يوللارنى باستى. ئەمما دۇنياغا يارالغاندىن تا ھازىرغىچە ئىنسانلار كۈرەش، رىقابەت، شالىلىنىش يولىدىن بىر قەدەممۇ چەتنىيەلمىدى. بۇ يول بىلەن كىشىلەر ئوخشىمىغان ئىككى قۇتۇپقا قاراپ يول ئالدى. ئاتالمىش تەقدىر ھۆكۈمرانلىقى چەمبىرىكى ئىچىدە قۇلغا ئايلانغان ئىنسانلار دۇنيادىن ئۈن - تىنسىز خوشلاشتى. مەنىسىز ھايات يوللىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. يىللارغا ئەگىشىپ زېمىنمۇ ئۆزىدە شۇنداق ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىغا گۇۋاھ بولالمىدى. ھەتتا ئەۋلادلار، بالىلارمۇ بىر مەزگىللەردىن كېيىن ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كەتتى...

ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر ئۆتتى. ئەجدادلار روھ، جاسارىتى، چىن ئادەملىكىدىن يارالغان سانسىز يوللار بوران - چاپقۇنلار ھەيۋىسى، نامەردلەر قىلىچىنى سۇندۇرۇپ ئەۋلاد، دەۋر، ئەسىر يولىغا ئۇلاندى. بۇ بىر ھەقىقەت، بۇ بىر رېئاللىق، بۇ بىر كۆمۈلمەس يول!

دۇنيادا يولنىڭ تۈرلىرى تولىمۇ كۆپ، تارىخى ئۇزۇن، مەيلى بىزنىڭ باسقان يوللىرىمىز قانچىلىك ئۇزۇن، قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك ئېگىز بولسۇن، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھەقىقىي يول، يەنىلا چىن ئادەملىك يولى، مەڭگۈ كۆمۈلمەس يول.

«تۇنۇگۈنگە ئوخشىماس بۈگۈن». شۇنداق، ئاتىلار ناخشىلىرىدىكى بۇ ھەقىقەت بۈگۈن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئىنسانلار يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا ئۆز ئادەملىك يولىغا قايتا نەزەر ئاغدۇردى. دۇنيا تېخىمۇ كەسكىن رىقابەت، سىناق، تاللاش، شاللاش يولىدا توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

خېلى كۆپ كىشىلەر يەنىلا ئەتىسى ئۈزۈلگەن يول، مەنپەئەت، ھوقۇق يوللىرىدا يېڭى ئەسىر يولىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئەمما رىقابەت، سىناش يولى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىنسانىي قىممىتى، ۋەتەن، خەلق دەپ تىۋۋلاۋاتقان چوغلۇق يۈرىكىنى كۆتۈرۈپ ئالغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئەۋلاد، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس تارىخ، ئۈزۈلمەس سىمفونىيە يارىتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بويى 1.40 Cm ئەتراپىدا، ئالدى كۆكرىكى ۋە دۈمبىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، جىرابىدىن ئۆز بەستىگە ماسلاشمىغان جاسارەت ۋە روھ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 49 - 50 ياشلار چامىسىدىكى ئاق خالات

كېيگەن بىر كىشى يوقسۇزلۇق تۈپەيلى زارلىنىۋاتقان، يالغۇزلۇق تۈپەيلى غېرىبسىنىۋاتقان، مېيىپلىق تۈپەيلى ئىڭراۋاتقان 16 نەپەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ كىشىلىرىنى، ئۇلارغا ئەگىشىپ تۇرۇپ سانسىزلىغان ھەر مىللەت بىمارلىرىنى خۇشاللىق، ساخاۋەت، ئىنسانىي مۇھەببەت يولىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى...

*          *          *

بۇنىڭدىن ئالتە يىل مۇقەددەم، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى سانالغان «ئىتتىپاق يولى» ئەتراپىدا، ئىشىكىگە «قىزىل كرېست روھى، خەلق دوختۇرخانىسى، نامراتلارنى قۇتقۇزۇپ، مېيىپلارنى يۆلەيمىز» دېگەن قىبلىنەما يېزىلغان، «مېيىپلار ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاش»نى مەڭگۈلۈك نىشان ئەتكەن بىر ئىللىق ماكان دۇنياغا كەلدى. بۇ جۇڭگولۇقلار تۇپرىقىدا تۇنجى بارلىققا كەلگەن، قايسىبىر مىليونېر ياكى ئەرباب تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بىر ئاددىي مېيىپ كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ئائىلىسى، مېيىپ، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارنىڭ ئىللىق ماكانى بولغان «قىزىل كرېست سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى» ئىدى.

دوختۇرخانىنىڭ ھەر بىر قەدەم، قىسمەت ۋە روھى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى، دوختۇرخانا باشلىقى ليۇ يىنشېڭنىڭ قەدەم، روھ ۋە قىسمەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى ئادەمنى گاھ كۈلدۈرسە، گاھ يىغلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئىدى. ئۇ بىر قانچە باللار بىلەن بىللە تراكتور كەينىگە چېتىلغان كوزۇپ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ ئويناۋاتاتتى. تۇساتتىن كوزۇپ چېتىقتىن ئاجراپ كەتتى. ليۇ يىنشېڭ كوزۇپ ئىچىدىن يەرگە يىقىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەينى چاغدا دوختۇرخانىغا ئاپىرالىغان بولسا ئۇ ھەرگىزمۇ مېيىپ بولۇپ قالمىغان بولاتتى. دادىسى ئوتتۇمۇشتە خىزمەتچى بولغانلىقى ۋە ئېتىق بولمىغان تارىخىي مەسىلىسى تۈپەيلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، پەقەت ئانىسىنىڭ ئاز - تولا تىرىكچىلىكى بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى قاتتىق ياماناشتى. مىڭ جاپا - مۇشەققەتلەردە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ھاياتى ئارانلا قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئەمما مېيىپلىق كېسىلىنى داۋالاشقا ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىدى. مانا شۇنداق قىيىنچىلىق، نامراتلىق تۈپەيلى شوخ، تېتىك ليۇ يىنشېڭ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى. ئانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ جىسمانىي مېيىپلىق تۈپەيلى ئازابلىنىپ، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما ئىش پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. 1957 - يىلى ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. بۇ كۈن ئۇنىڭ باشقا باللارغا ئوخشاشلا مەكتەپكە كىرىدىغان خۇشاللىق كۈنى ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر، تىرىشچان بولۇپ، مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. كېيىنكى يىللىرى تەبىئىي ئاپەت مالىمانچىلىقى قانچىلىغان ئائىلىلەرنى قاڭقىر قاقشاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز. ئۇ يىللاردا بىر قاچا تويغۇدەك تاماق يېيىش قانچە چوڭ ئىش ھېسابلانسا، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئاچلىق، يوقسۇزلۇق ئىچىدە داۋام ئېتىشى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە يەنىمۇ ئاجىزلىق، روھىغا ئازاب ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ، بۇ نۆۋەت ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبى ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئالدى كۆكرىكى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆپكە سىغىمچانلىقى كىچىكلەشكە قاراپ يۈزلەنگەنىدى. ئەمما جىسمانىي ئاجىزلىق ئۇنىڭ روھىي غالىبلىقى ئالدىدا باش ئەگدى. ئۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە دەرد - ئەلەملەرنى يېڭىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەلا نەتىجە بىلەن كۆچتى. ئەپسۇس، مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ سۆزى ئۇنى گۈزەل مەكتەپ ھاياتىدىن ئايرىپ تاشلىدى. بىر كۈنى مۇئەللىم ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ: «ليۇ يىنشېڭ، سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ ۋە ئىرادەڭگە ھەممىمىز قايىل، بىراق مەكتەپ دۆلەت ئۈچۈن ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن. سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، كەلگۈسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا...» مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇ ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر سائەتلىك دەرس قوڭغۇرىقىنىڭ ساداسى ئۇنى زادىلا ئۇلتۇرغۇزمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن ئائىلىدە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىنىپ دېرىزىسىگە يامىشىپ سىرتتىن دەرس ئاڭلاش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، بۇ يول بىلەن دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان بارلىق بىلىملەرنى



ئېگىلىدى.

هايات ۋە تەقدىرنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق بىر نېمە دېمەك ھەقىقەتەن قىيىن.

ئويلىمىغان بىر قېتىملىق پۇرسەت ئۇنىڭ هايات يولىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۈرۈمچى شەهەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ جەمئىيەتتىن قوشۇمچە سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خەۋىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇ بىر تەرەپتىن خۇشاللىق ۋە هاياجانغا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشىگە چۈشتى. چۈنكى ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلغىلى خېلى يىللار بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مېيىپ دەپ كەمسىتىلىپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمامسىچۇ؟ ئەمما ئۇ ئاخىرى روهىي جەهەتتىن غەيرەتكە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى. ئۇ، 100 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تاللانغان يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئالدىنقى 4 ـ قاتاردا قوبۇل قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ 2 ـ قېتىم مەكتەپكە كىرىشى، 2 ـ قېتىم هاياتىنىڭ ئۈمىد ۋە جاسارەت يولىدا ئۆزىنى كۆرۈشى ئىدى. ئۇ ئەمدى پۈتكۈل هاياتىنى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشكە قاراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ باشقىلار ئۈچۈن خالىس ئىشلارنى قىلىشقا قاراتتى. ئۇ پەقەت بۇ ئارقىلىقلا خۇشاللىناتتى. هاياتنىڭ چىن مەنىسىنى هېس قىلاتتى. بۇ جەرياندا ئۇ تالاي قېتىملاپ مۇكاپاتلاندى، تالاي قېتىملاپ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى...

ئۇنىڭ هالال ئەجرى بىكار كەتمىدى. 1966 ـ يىلى ئۇ سەهىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. ئەمما «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، شۇ يىلى پۈتكۈل جۇڭگو تۇپرىقىدا خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا كۆتۈرۈلگەندەك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ چىرايلىق تون كىيگۈزۈلگەن ئاتالمىش ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلدى. گۈزەل ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. هەتتا دادىسىدىن قالغان هېلىقى ئائىلە مەسىلىسى تۈپەيلى بۇ يىللارنىڭ ئاتالمىش «قىزىل قوغدىغۇچىلىرى» قاتارىغىمۇ قوشۇلالمىدى.

ئۇ كېچە ـ كۈندۈز كۈتكەن، جاپالىق بەدەللەرنى تۆلىگەن بۇ كۈننىڭ شۇنچە تېز ئاخىرلىشىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىرەر سائەت دەرس ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى.

كىشى كىشىدىن ئۆركۈيدىغان، كىشىلەر ئىنسانىي قىممىتىدىن تامامەن ئايرىلىپ قالغان بۇ يىللار، نۇرغۇن كىشىلەرنى باش ئەگدۈرۈپ تەقدىرگە تەن بەرگۈزدى. لىيۇ يىنشىڭچۇ؟ ئەمدى ئۇمۇ تەقدىرگە تەن بېرىشى كېرەكمۇ؟ ياق! ئۇ ئەمدىلىكتە تېخىمۇ تىرىشىش، هارماي ئىزدىنىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۆزى هەم ئوقۇغۇچى، هەم بىمار بولۇپ هەر كۈنى ئۆز ـ ئۆزىگە قېتىم ـ قېتىملاپ ئوكۇل سېلىش سىنىقى ئېلىپ باراتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەدىنىنىڭ سانسىز جايلىرى ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ ئىزى بىلەن قاپلاندى. بىر قېتىم ئۇ ئوكۇلنى سېلىپ قويغانچە زادى تارتىپ چىقىرالماي قالدى. ئانا ئوغلىنىڭ بۇ هالىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى. ئۇ قىلچە تەمتىرىمەستىن ئانىسىغا: «ئانا، قورقماڭ، دەرهال ئوكۇلدىن يەنە بىرنى سېلىڭ» دەيدۇ. ئانىسىنىڭ قورقۇش، تەمتىرەش ئىچىدە سالغان ئوكۇلى دېگەندەك ئۈنۈم كۆرسىتىدۇ.

1966 ـ يىلى ئۇ سانسىزلىغان زىيالىي ياشلار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى تېرىقچىلىق مەيدانىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۈمىد، جاسارەت، ئۆگىنىشنى ئۆزىگە يار ئەتكەن لىيۇ يىنشىڭ كۈندۈزلىرى قاتتىق ئەمگەك ئىچىدە ئىشلىسە، كېچىسى ئۆز ـ ئۆزىگە ئوكۇل سېلىپ تەجرىبە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ساۋاقداشلىرى هەر قېتىم ئۇنىڭ تەجرىبە جەريانىدىكى جاپا ـ مۇشەققىتىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا: «لىيۇ يىنشىڭ، بولدى قىل، سەن ياشاشنى خالامسەن، يوق» دەيتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا «جاپا تارتماي هالاۋەت يوق» دەپ كۈلۈپ قويغىنىچە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

هارماي ئىزدىنىش، قەتئىي ئىرادە لىيۇ يىنشىڭنى يېزىنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرىغا ئايلاندۇردى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىش پۇرسىتى كەلگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ تاۋ فامىلىلىك بوۋاينىڭ بىلەك ئەترابىنىڭ ياللۇغلانغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرهال يېتىپ بارىدۇ ـ دە، داۋالاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يىگىنە سانجىپ داۋالىشى نەتىجىسىدە تاۋ بوۋاي بۇرۇنقى تېمەن هالىتىگە قايتىدۇ....

شۇندىن باشلاپ ئۇ كىچىك دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ

كـەتتمـۇ كەنت، مەھەللىمۇ مەھەللە يۇرۇپ، قەيەردە كېـسەل بولسا شۇ يەردە ئۇندى. ئۇزۇنغا يارماي ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان بۇ يىگىتنىڭ ئوبرازى كىشلەر ۋە ساۋاقداشلىرى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئەينى يىللىرى رادىئو، گېزىت - ژۇرنال ئورۇنلىرى ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇ نـەتىجىلىرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە قايتىپ كېتىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما تىزىملىك ئېلان قىلىنغان چـاغدا ئۇنىڭ ئىسمى ھېچ يەردە كۆرۈنمەي قويدى. «سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۇتەر» دېگەندەك، ئۇ ئـاخىـر بـۇ پـۇرسەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئانكېتلارنى تـولدۇرۇپ، زىـيالىيلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى.

- سەن لىۋ يىنشىڭما؟

- شۇنداق.

- ئەسلى بىر مېيىپكەنسەنغۇ؟ ساۋاقداشلىرى بىر-بىرلەپ شارائىتى ياخشى جايلارغا كېتىشكە باشلىدى. ئـەمما ئۇ يەنە خۇشاللىق، جاپا - مۇشەققەت، قايغۇ گىرەلەشكەن تۇرمۇش يولىدا يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى.

1977 - يىلى كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 6 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپ دوختۇرلۇق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغىنىدا، ئۆزىنى دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپ مۇھىتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ھايات نىشانى قىلغانىدى. ئـۇنىڭ بـۇ جەرياندا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتلىرى تېزلا ئۈنۈم كۆرسىتىپ، مەكتەپ ئۇچۇن نۇرغۇن شان - شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈردى.

«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ». مەكتەپ ئۇنىڭ نەتىجە ۋە ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەرلىك سەھىيە مەكتىپىگە ئـوقۇشقا ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا يىرىم سائەتمۇ دەرس ئـاڭلاش پـۇرسـىتـىگـە ئېرىشەلمىگەن لىۋ يىنشىڭ ئەمدىلىكتە بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپكە قايتتى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مەنىلىك ئۆتۈشكە باشلىدى.

1988 - يىلـى 8 - ئـايدا 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئـوقـۇغـۇچـىلارنـى نـەنسـەنگـە ھـەربىي مەشىققە ئـورۇنلاشتـۇردى. لىـۋ يـىنشىڭ مەكتەپ دوختۇرى، تـۇرمـۇش يېـتـەكچىسى بولۇش سالاھىيتى بىلەن پـائـالـىـيـەتكـە قاتناشتى. تاغقا چىقىپ - چۈشۈش جەريانىدىكى نەچچە كۈنلۈك ھېرىپ - چارچاش لىۋ يىنشىڭنى ئاخىر ھالىدىن كەتكۈزۈپ يىقىتتى. بەدىنى ئـىششىپ، كاللىپۇكى كۆكىرىپ، نەپىسى سىقىلغان لىۋ يـىنشىڭ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ ياتقانچە بىر يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ جـەرياندا مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئـۇنـىڭدىن قانداق قىيىنچىلىقى ۋە تەلىپى بارلىقىنى سورىغىنىدا ئۇ:



ـ مېنىڭ ھېچقانداق قىيىنچىلىق، تەلىپىم يوق. پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بالدۇرراق پارتىيىگە كىرىپ، پارتىيىنىڭ ئۇللۇقلۇقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا نۇرلاندۇرسام» دەپ جاۋاب بەردى. تەسىرلەنگەن مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە سالاھىيىتى ۋە شەرتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۆزىدىن تۇرالماسلىق ھالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ قېتىمقى پارتىيىگە كىرگۈزۈش پائالىيىتىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئۆيىدە پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئەمدى ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان شەيئى ـ ھادىسىلەر ياكى تۈرلۈك ۋەقەلەر گاھىدا تاسادىپىي مۆجىزىلەرنى يارىتىشىمىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلار بىر تاسادىپىيلىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ بۇ يېڭى يولى ۋە سەۋەبىنى شۇ قېتىمقى پائالىيەتتىن ئىزلەپ شۇنداق دەيدۇ:

ـ «1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە شەھىرىمىزدە مېيىپلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. مېيىپلار جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ يولىمىزنىڭ داغدام، ئەتىمىزنىڭ گۈزەل بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ جەرياندا مەن سانسىزلىغان مېيىپ قېرىنداشلار بىلەن بىر قاتاردا يىغىنغا قاتناشتىم، ئەتراپىمىزدىكى گاس-گاچا، پالەچ، ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ ھەسرەتلىك نالىسىنى ئاڭلىدىم، ئازابىنى كۆردۈم، كىچىك ۋاقىتلىرىمنى ئەسلىدىم، ئۈچ ياش ۋاقتىمدىلا مېيىپلىققا گىرىپتار بولغىنىم ئۈچۈنمۇ قەلبىمدە بىر خىل جاراھەت بار ئىدى. كەلگۈسىدە دوختۇر بولۇپ، ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى قەلبىم جاراھىتىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى دەپ قارايتتىم. ھەر كىمنىڭ دەردى ئىچىدە بولىدۇ. مېيىپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، شۇندىن بېرى قايسىدۇر بىر ئەدىبنىڭ ‹ئىنسان يېيىش، كىيىش ئۈچۈن ياشىماسلىقى كېرەك›، دەپ ئېيتقان ھايات ھەققىدىكى قۇلاق تۈۋىمدە توختىماستىن جاراڭلايدىغان بولۇۋالدى. مەن ئويلاندىم، قايتا ـ قايتا ئويلاندىم. ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 560 مىڭ، ئۈرۈمچىدىكى 60 مىڭ ھەر مىللەت مېيىپ كىشىلىرى ئۈچۈن، مەخسۇس ئۇلارنى داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئالىيسى ماكان بولۇشى كېرەك». بۇ پىكرىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن ناھايىتى ئالقىش، قوللاشلارغا ئېرىشتى... شۇنىڭ بىلەن بۇ يولغا قاراپ قەدەم تاشلىدىم.

شۇنداق، ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىشىگە قارىماي «قىزىل كرېست سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ چارچاش، دەم ئېلىش دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى. تۇنجى قەدەمنى جەمئىيەت تەكشۈرۈشتىن باشلىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. مېيىپلارلا ئەمەس، ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرى ئۇنىڭ دوختۇرخانىسىنىڭ بالدۇرراق قۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگە تارقالدى.

دۇنيادا راستىنلا ھەرقانداق ئىشنى باشلىماق تولىمۇ قىيىن. ئەينى چاغدا ئۇ دوكلاتىنى كۆتۈرۈپ تەرەپ-تەرەپلەرگە چاپقاندا، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلارمۇ، ئۇنى كەمسىتكەنلەرمۇ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، مەدەت بەرگەنلەرمۇ بار بولغانىدى. بۇ ئىش ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، «قىزىل كرېست» جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى يۇنۇس ھېكىم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئىنايىتۇللالاردىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، قىزىل كرېست دائىمىي ئىشلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەقىپ ئابباس، شەھەرلىك مېيىپلار جەمئىيىتى كېڭەش ئەزاسىنىڭ باشلىقى باۋ مىڭخەي قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي ياردىمى، قىزغىن قوللىشى، كەسپىي ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى.

ئەمدىلىكتە، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل ـ مەبلەغ مەسىلىسى ئىدى. ئۆسكۈنە، ياتاق، خىزمەتچى، دورا... ھەممىسىگە خېلىلا كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىشقا

تـوغرا كېلەتتى. «باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان قېرىنداش ھەققىي قېرىنداش بولالايدۇ». ئەينى چاغدا ئـۇنـىڭ يېگى ھايات يولىغا مەشئەل ياققان، ئۇنى يېتىلدۈرگەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئـەمدىـلىكتە ھالقىلىق پەيتتە يەنە كۆكرەك كېرىپ ئـوتتـۇرىـغا چىقتى. ئۇزۇنغا بارمىغان سەپەرۋەرلىك جەريانىدا كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن يىغىلغان 60 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىرقانچە ئېغىز ئـۆينى بوشىتىپ بەردى. يەتمىگەن يېرىگە



بـانكىـدىـن قەرز ئالدى. بۇ پۇللارغا زۆرۈر كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ دەسلەپكى ئۇلى سېلىندى. ئىش باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

«تامار - تامار كۆل بولار» دېگەندەك، ھەرقايسى تـەرەپلـەرنىڭ قوللىشى، ياردىمى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىسىدا لىۋ يىنشىڭنىڭ ئۈمىد كۆلچىكى سۇغا توشتى.

ئـۇ گـۆدەك ۋاقىـتلىـرىدىن تارتىپ تەلپۈنگەن، ئىـزدەنگەن، ئادەملىكنىڭ چىن رېئاللىقى، ھاياتنىڭ ھەققىي مەنىسى ئاخىر يېتىپ كەلدى. 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسى يېـنىدا لىۋ يىنشىڭنىڭ قان - تەرىدىن قوپۇرۇلغان ساخـاۋەت ماكانى - «قىزىل كرېست سالامەتلىكنى ئـەسلـىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى» دۇنياغا كۆز ئاچتى.

* * *

شۇ تەرزدە خېلى يىللار ئۆتتى، ئۇ ئەمدى ئادەتتىكى پۇقرادىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار جـەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك مېيىپلار جـەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۆز - ئۆزىنى قـۇدرەت تـاپقـۇزۇش نـەمـۇنىچىسى، قىزىل كرېست سـالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئايلاندى. ئۇ باش شۇجى جياڭ زېمىندىن تـارتـىپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى، قوللىشىغا ئېرىشتى. دۆلەتنىڭ كاتتا يىغىنلىرىغا قاتناشتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىنىپ ئۇنتۇلماس زەپەرلەرنى قۇچتى... ئەمما ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى ئاق كۆڭۈل، ساددا لىۋ يىنشىڭ ئىدى.

ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «مېنى بۈگۈنكى غەلىبە، شان-شـەرەپكـە ئېـرىـشتـۈرگـەن پارتىيە، خەلقنى، مېنى ئـۆستـۈرگەن ماكاننى، ماڭا ئۈمىدلىك تەلمۈرۈۋاتقان مېيىـپ، يېـتـىم - يېـسىـر، يـاشانغانلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن. مېنىڭ ھاياتىم ئەبەدىي پارتىيىگە، خەلققە، يۇرتۇمغا، ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى ئولتۇراق رايونلىرىدا ئـولتـۇرۇشلۇق ھەر مىللەت مېيىپ، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا مەنسۇپ...»

شۇنداق، بۇ ئۇنىڭ ھەققىي قەلب سۆزى، ئەبەدىي باسماقچى بولغان ھايات يولى.

1987 - يىلى قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەسلىگە كـەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ لىۋ يىـنشـىڭ بـاشچىلىقىدا «قىزىل كرېست جەمئىيىتى» قـۇرۇلدى. شـۇنـدىـن بـاشلاپ ئـۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە «بـىمـارلارنـى قـۇتقـۇزۇش، نـامراتلارنـى يۆلەش، يـاشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش» پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگىچە بېرىپ داۋالاپ، دورا يەتكۈزۈپ تۇردى. ئىقتىساد جەھەتتە پۇل، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى. ھەر قېتىمقى قان تەقدىم قىلىش پائالىيىتىدە مەكتەپ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. تۆت قېتىم شەھەر بويىچە ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتىكى ئىـلغـار ئـورۇن، ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئىلغار كـوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئالجىرىيە قىزىل ھىـلال ئـاي جـەمئىيىتى ۋە ياپونىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى مەكتەپنى زىيارەتتە بولدى.

بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇنداق، 80 - يىللاردىن باشلاپلا قىزىل كرېست روھىنى نۇرلاندۇرۇپ، سۇنغان، مىسكىن قەلبلەرگە روھ، خۇشاللىق ئاتا قىلغان ليۇ يىنشىڭ ئەمدى تېخىمۇ يېڭى روھ، مۇھەببەت، تۆھپە ئىزدەشكە كىرىشتى. ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى نامرات، ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز، ياشانغان كىشىلىرى ئەمدىلىكتە تېخىمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىگە ئايلانغانىدى.

ئۇ كېچە - كۈندۈز، دەم ئېلىش دېمەيدۇ. ئىتتىپاق يولى مەھەللىلىرىدىكى ئېگىز بىنالاردا، ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردە ئۇنىڭ ساخاۋەت ئىزلىرى قالدى. قەيەردە جاپا - مۇشەققەت، ئاغرىق - سىلاق، مېيىپ - ئاجىز بولسا شۇ يەردە ئۇ بولدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىتتىپاق يولى ئەتراپىدىكى 14 نەپەر ئۇيغۇر، ئىككى نەپەر خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان 16 نەپەر مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز، ياشانغانلارنىڭ ئائىلىسىگىچە بېرىپ داۋالاپ، دورا يەتكۈزۈپ بەردى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەر ئايدا 50 يۈەندىن ياردەم پۇلىنى ئۈزۈپ قويمىدى. ھېيت - بايراملاردا ئۇلارنىڭ يالغۇزلۇقىنى بىلىندۇرمەي مېۋە - چېۋە، گۆش ۋە يېمەكلىكلەر بىلەن يوقلاپ تۇردى. بۇ نەرسىلەر گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇ ۋە دوختۇرخانىدىكى بارلىق ساخاۋەت پەرىشتىلىرىنىڭ ئوتلۇق قەلبى ئىدى. بۇ يول بىلەن ئۇ قىزىل كرېست روھىنى نۇرلاندۇردى. بۇ يول بىلەن ئۆز ناخشىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۈيۈك ساداسىنى ياڭراتتى.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ بولغان رايونلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ يۈكسەك ئىتتىپاقلىقى مەملىكىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش» بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ يېتەكچى قائىدىسى دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شۇنداق، ليۇ يىنشىڭمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى»نى دوختۇرخانىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، ئەتىكى غەلبىنىڭ ئاساسى قىلىپ كەلدى.

ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر روھ، جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەر بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك روھ. مەن ئىتتىپاق يولدا ياشاپ كېلىۋاتقىلى 40 يىلدىن ئاشتى. تەڭرىتاغ باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. بۇ زېمىننىڭ سۈيىنى ئىچتىم، ئاشلىقىنى يېدىم، كىچىكىمدىن تارتىپ بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، تۇرمۇش جەھەتتە شىنجاڭنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۆگىنىپ كەتتىم. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭنى، ئۇنىڭ قوينىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى ياخشى كۆرىمەن. مەملىكىتىمىز ھەقىقەتەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ چوڭ ئائىلىسى، ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى قاپلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش بولىدىكەن، مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى زور توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ. دېمەك، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەقىقەتەن ھەرگىزمۇ بىرلا مىللەتكە ئەمەس، پۈتكۈل جۇڭگو تۇپرىقىدىكى 56 مىللەتكە قارىتىلغان. ئۆز يۇرتىنى سۆيمىگەن كىشى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيەلمەيدۇ. مەن يۇرت قوينىدىكى ئاشۇ مېيىپ، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. ئۇلارمۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ. مەيلى كىم، قايسى مىللەت بولسۇن، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىق بولۇشنىڭ ئەڭ نۇرلۇق يولى. مانا بۇ بىزنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىمىزدىن باغلانغان، يارالغان ئۈزۈلمەس رىشتە، ئۈزۈلمەس يول.»



توغرا، بۇ بىر ئۈزۈلمەس رىشتە، ئۈزۈلمەس يول. تالاي يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ قان - تەرى

بۇ يولغا ئۆكۈلدى. ئۈزۈلمەس كوۋىي بۇ يولدا ياڭرىدى. بۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەشەككۈر، خۇشاللىق بىلەن يوغۇرۇلغان ئىنتىپاقلىق ياشلىرى بۇ يولغا سېپىلدى.

بىز زىيارەت جەريانىدا ئۇنىڭ ئۈستىلىگە پاتماي كەتكەن «تەشەككۈر خەتلىرى»دىن بىر پارچىنى قولىمىزغا ئالدۇق.

«قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىدىكى يولداش لىيۇ يىنشىڭ رەھبەرلىكىدىكى بارلىق دوختۇر، سېستىرالارغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئېرىم تەۋەككۇل ئاخۇنغا ئۆز قېرىنداشلىرىدەك غەمخورلۇق قىلدى. ئۇ ئاغرىپ قالغان چاغلاردا ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيگە كېلىپ ھەقسىز داۋالاپ تۇردى. ئېرىم ۋاپات بولدى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، ھەر ئايدا 50 يۈەن ئىقتىسادىي ياردەم پۇلىنى ئۈزۈپ قويمىدى، ھېيت - بايراملاردا يوقلاپ تۇردى. مەن سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەۋزەللىكىگە، بولۇپمۇ قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇر - سېستىرالارغا ئوخشاش سوتسىيالىزمنىڭ ئىز باسارلىرىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەمەلىي بايراقدارلىرىغا، يېتىم - يېسىرلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان لىيۇ يىنشىڭدەك ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، دوختۇرخانىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى، لىيۇ يىنشىڭنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەيمەن.»

بۇ رابىخان ئانىنىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭ ساخاۋىتىگە ئېرىشۋاتقان ھەر بىر يېتىم - يېسىر، مېيىپ - ئاجىزلارنىڭ يۈرەك ساداسى.

نەچچە يىللاردىن لىيۇ يىنشىڭ تەۋەككۇل توختى، زىۋىدىخان، غاپپار، تۇرسۇن، خى چىڭلىياڭ، مۇنۇپ ئەبىسا، تۇلۇڭ قاتارلىق 16 نەپەر كىشىگە دوختۇرخانىنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈن بەدىنى پالەچ، بەزىلىرى ئەقلى ئاجىز، تۇرمۇش تايانچىسى يوق، بەزىلىرى ئىككى پۇتى كېسىۋېتىلگەن، ئىقتىسادىي مەنبەسى يوق... مېيىپ - ئاجىز، ئىگە - چاقىسىز ياشانغان كىشىلەر. ئۇ بىر نەرمىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئازايتىش ئۈچۈن 1995 - يىلى «تىيانشان رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى»، «مېيىپلار جەمئىيىتى» بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1995 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ھەر ئايدا دوختۇرخانىدىن ئۇلارغا 50 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى قارار قىلدى.

تۇرسۇن لېتىپ ئاكا، كىچىك ۋاقتىدىلا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. 1987 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە لىيۇ يىنشىڭ ئۇنىڭغا دورا يەتكۈزۈپ، قان بېسىمىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. تۇرسۇن لېتىپ ئاكا خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مېيىپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىر قېتىم لىيۇ يىنشىڭ ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەۋاتاتتى. تۇرسۇن لېتىپ ئاكا تەسىرلەنگەن ھالدا كۆز يېشى قىلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى، تۇيۇقسىز ئۇنى تۇك سوقۇۋەتكەندەك بولدى.

- سىزمۇ ئەسلىدە...

- شۇنداق، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش مېيىپ.

تۇرسۇن لېتىپ ئاكا تېخىمۇ ھاياجانلاندى، كۆز يېشى قىلدى ۋە خىجىل بولدى.

- سىز ئەمدى كەلمەڭ، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ.

لىيۇ يىنشىڭ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھال چۈشەندى.

- ياق، مەن داۋاملىق كېلىمەن، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۆزۈمنى ئوبدان ئاسرايمەن. مانا شۇنداق 12 يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ناخشىسى ئۈزۈلمەي داۋام ئېتىپ تۇردى.

1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىز تۇرسۇن ئاكىنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمىزدا، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى ئاددىي ئەمما تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ: «ئۇنىڭ مېيىپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشى بىر ئۇلۇغ يۈكسەكلىك بولسا، ئۆزى قۇدرەت تاپقاندا ھەر مىللەت مېيىپ قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى تېخىمۇ ئۇلۇغ يۈكسەكلىك» دەپ ئېيتتى.

مانا شۇنداق، دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئالتە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ساخاۋەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەنلەر 200 مىڭ كىشىگە، ھەقسىز نومۇر ئېلىش پۇلى 10 مىڭ يۈەنگە، كېمەيتىلگەن دورا، داۋالاش ھەققى نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يەتتى.

11



بۈگۈن بىز 21 - ئەسىر بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغىنىمىزدا، يېڭى تەرەققىيات، مۆجىزىلەرگە ئېرىشىۋاتىمىز، دىيارىمىزدا ئاتالغان قانچىلىغان دوختۇرخانا، قانچىلىغان دوختۇرلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت - ژۇرناللاردا «خەلق ئۈچۈن ئاتالغان يۈرەك» ناملىق سانسىز ئېلان تەشۋىقاتلار بېرىلىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، «خەلق ئۈچۈن ئاتالغان يۈرەك»لەر «ئەكسىچە پۇل، مەنپەئەت ئۈچۈن ئاتالغان يۈرەكلەر» بولۇپ چىققىنىدا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىۋاتىدۇ...

1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۇرپانلىق ئايشەم ئىسىملىك ئايال مىڭ جاپا - مۇشەققەتتە باللار پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوغلىنى يۈدىگىنىچە دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. قەلب ياشلىرى توختىماستىن تۆكۈلەتتى.

- دوختۇر، ئوغلۇم قاتتىق قىزىپ كەتكىلى بىرقانچە ۋاخ بولدى، ئەمما قەتئىي يانمىدى، چوڭ - كىچىك خېلى كۆپ دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ باردىم، ئۇلار ھەممىسى ئاۋۋال تېگىشلىك پۇلنى تاپشۇرۇشنى، ئاندىن بالىنىسدا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق مەندە نەدىمۇ شۇنچىلىك كۆپ پۇل بولسۇن... - ئايشەمخان ھەدە سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

- يولداش، - سەممىيلىك بىلەن سۆز باشلىدى لىيۇ يىنشىڭ، - ھەرگىزمۇ جىددىيلەشمەڭ، سىزنىڭ بالىڭىز مېيىپ ئىكەن، دوختۇرخانىمىزنىڭ مەقسىتىمۇ كەڭ مېيىپلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش. ئاۋۋال بالىنى داۋالايلى. قالغان ئىشلارنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى.

ئۇ X نۇرى ئۈستىخانىسىدىكى دوختۇرلار بىلەن بىرلىكتە دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق، بالىنىڭ ئوڭ قول بارماق سۆڭىكىنىڭ قاتتىق يۇقۇملانغانلىقىنى، دەرھال ئوپېراتسىيە ئارقىلىق كېسىپ ئېلىۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايشەمخان ھەدە ئوپېراتسىيىگە خېلىلا كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

- دوختۇر، ئوپېراتسىيە قىلماي، دورا يېزىپ بەرسىلە بولماسمۇ؟

لىيۇ يىنشىڭ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

- سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئالدى بىلەن بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم.

ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بالا ھەقسىز داۋالىنىپ تېزلا دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئايشەمخان ھەدە قايتىش ئالدىدا لىيۇ يىنشىڭنىڭ قولىنى چىڭ سىققان ھالدا:

- سىز ۋە دوختۇرخانىدىكى بارلىق دوختۇر - سېستىرالار بالامغا يېڭى ھايات بەردىڭلار، بىز سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمىز، سىلەرگە رەھمەت! - دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

بۈگۈن لىيۇ يىنشىڭ بۇ ھايات يولىدا تېخىمۇ يېڭى نىشاننى كۆزلەپ ئالغا كېتىۋاتىدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن دوختۇرخانىنى كېڭەيتىپ، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ساخاۋەت يولىغا باشلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەقىقىي روھىنى چېگرا رايونىدا نۇرلاندۇرۇشنى كۆزلەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز نىشانى، ئۆز يولى ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت، ھېرىپ - چارچاشتىن، سانسىز بەدەلدىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى لىيۇ يىنشىڭ.

ئۇ بارلىق مېيىپلارغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

«بىز ئەما ئەمەس، چۈنكى باشقىلار چولپان كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمىگەن دۇنيانىڭ ئەتىسىنى بىز كۆرەلەيمىز. بىز گاس ئەمەس، چۈنكى يېڭى ئەسىرنىڭ يېقىنلا قالغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىيالايمىز. بىز پالەچ ئەمەس، چۈنكى بىز ئۆز روھىمىز بىلەن كېلەچەككە قەدەم تاشلىيالايمىز. بىز چولاق ئەمەس، چۈنكى بىز ئۆز ئىنسانىي قىممىتىمىزنى تارىخ بېتىگە يازالايمىز!...»




چىڭقى چۈش. ئىسسىق دەستىدىن ماشىنا، ئاپتوبۇسلارمۇ ئېزىلىپ كەتكەندەك ئالدىرىماي مېڭىۋاتاتتى. كۆز يەتكۈدەك يەردە نە بوستانلىق، نە سۇ بار يەر يوق ئىدى. بۇ چوڭ يولنىڭ غەربىي تەرىپى تاپ - تاقىر تاغ. يول شۇ تاغنىڭ يان باغرىنى بويلاپ ئۇدۇل غەربىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتەتتى. يولنىڭ بۇ تەرىپى كەڭ كەتكەن تاقىر سايلىق ئىدى. سايلىقتا سەل سۇلىرى ئېقىپ ئۆتكەن يەرلەر قالايمىقان كولانغان چۆنەكلەردەك ئاياغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. سەل دائىم كەلمەيتتى. قاتتىق يامغۇر ياغقان چاغلاردا تۇرۇلۇپ چىقىپ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق نەرسىنى ۋەيران قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەسلى بۇ تاغلاردا يازدا ئېرىگۈدەك قار - مۇزمۇ يوق ئىدى. سەل سۇلىرى ئۇزۇن ئاقمايتتى. ئاتالاشلارغا قارىغاندا بۇرۇنقى زاماندا بەدۆلەت قوشۇنلىرى تۇرپان - قۇمۇلدىن نۇرغۇن، ھەددى-ھېسابسىز ئولجىلارنى ئېلىپ قايتقاندا مۇشۇ ئەتراپتا قونالغا چۈشكەن. كېچىدە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ، سەل سۇلىرى تاغ ئارىسىدىن تۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلۈك، ھەتتا ئادەملىرىدىن تارتىپ ئېقىتىپ كەتكەنىكەن. ئۇ، بۇ يەرلەردە ئىشلىگىلى ئۇزۇن بولدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سەل ئېقىتىپ كەتكەن ئالتۇن - تىللا ئۇچراپ قالامدىكىن دېپ

كۆپ يەرلەرنى كولاپ باققان بولسىمۇ ھېچنەرسە تاپالمىدى. لېكىن ھەرگىز ئۈمىدىنى ئۈزمىدى.

ئىگەمبەردى چوڭ گۈرجەكنى يول بويىغا سانجىپ ئۇچىغا چاپىنىنى ئىلىپ قويغانىدى. ئۇ چاپاننىڭ سايىسىدىلا خېلى ئۇخلىۋالدى. كۈن يۆتكەلگەندە يۈزىگە كۈن چۈشۈپ ئۇخلىغىلى قويمىدى. ئۇسساپ گاللىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. سۇدانىدىكى سۇ ئىسسىپ كەتكەچكە ئىچكۈسى كەلمىدى. «ئاق يەر يىلىنىدەك ئىسسىق ئۆتمەس بولۇپ كەتتۇق - دە». بايا كىچىككىنە ئۇخلاپمۇ چۈش كۆرگەنىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ چۈشىنى ئويلىدى، ئۇ بىر خالتا زىخچە ئالتۇن تېپىۋالسا ئوچاستىكا باشلىقى مۇسادىرە قىلىۋالغۇدەك. ئۇ شۇنىڭغىمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراققا قارىدى. يېڭى كەلگەن ئايال سېرىق رەڭلىك نۇر قايتۇرىدىغان كېلەڭسىز تاشيولچىلار كىيىمىنى كىيىپ ئىشلەۋاتاتتى. يولدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان لاۋادا ئۇ خۇددى كۆيۈپ كېتىۋاتقان پارقىراق قوڭغۇزدەك كۆرۈنەتتى. ئارىلىق بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. تۇرۇپلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئايال گۈرجەك تۇتۇش ئەمەس، تۇزۇكرەك ئاپتاپمۇ كۆرمىگەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپ كۆرمىگەن سۇزۇك قاشتېشىدەك بويۇنلىرى، ئاپئاق پاچاقلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ بەش ناماز

ئۇقۇيدىغان ئادەم ئىدى. خىيالىدىن «تووا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. ئايالى بۇ يەرنى چۆل دەپ تۇرغىلى ئۇنىماي خېتىنى ئالغاندىن بۇيان، بۇ يەرگە باشقا ئاياللار ئىشلەشكە كېلىپ باقمىغانىدى.

ئۇ بىرەر كىلومېتىردىن ئوشۇق يەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولدى. ھازىر سۇ ئاساسلىق ئېلىپ كېتىدىغان يول ئېگىدىن بىتون بىلەن قاتۇرۇۋېتىلگەچكە سەل سۇلىرى تۆپىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، يوللارنى چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتالمايتتى. شۇڭدىمۇ تارماق ئېقىملىرى باشقا يەرلەرنى ئېلىپ كېتىپ يول بويلىرىنى شورا قىلىۋېتەتتى. «ئۇ بىچارە نەچچە قەدەممۇ ئىش قىلالمىدى» دەپ ئويلىدى. ئۇ گورجەكنى ئېلىپ ئايال قېشىغا ماڭدى. يېقىن قالغاندا ئۇنىڭ ھاۋارەڭ كوڭلىكى ئاستىغا پاتماي يول بويىدا ئۆگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. باش ياغلىقىنى سايۋەن چىقىرىپ ئېگىكىدىن تېڭىۋالغانىدى. قاقاس دالىدا ئۇنىڭ كوڭلىكى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا مەڭزىلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كېتىپتۇ. «ئوتەك تاۋلىنىپ ئولتۇرسا، بىرەر يامان شوپۇرنىڭ كۆتۈرۈپلا قېچىشىدىن ئەنسىرىمەمدىكىنە» دەپ ئويلىدى.

بىر قاراپلا ئۇنىڭ ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقىنى بىلدى. گەپ قىلمايلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. يولدىن ماشىنىلار غويۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئېرىپ كەتكەن قارامايى يولدىن ئۇششاق شېغىل تاشلار شىرىقلاپ ماشىنا ئارقىسىغا ئۇرۇلاتتى. ئۇ ئىش قىلغاندا ماشىنىلارغا زادىلا باش كۆتۈرۈپ قاراپ قويمايتتى. يولۇچىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتقان نەزەرلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. قارىسا ئىشى ئاخسايتتى. كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ، بۇ يوللاردا ئىشلىگەندىن بۇيان قانچە قېتىم چوڭ سەل كەلگەنلىكىنى ئويلىدى. «قارامايى يولدىكى بىر تال تاشتەك بۇ يوللارغا مەھكۇم بولۇپ كەتتىم» دەپ ئويلىدى.

ئايال تىزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ، يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك دىققەتتە تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ تېخى بەك ياش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «تۇغمىدى دەپ قويۇۋەتكەن، مۇشۇنداق يەرگە پالىنۋەتكەن ياشلىقنى قارامايى بىلەن قوشۇپ يەرگە چاپلىۋەتسە». ئىگەمبەردى چوڭ ئەتەي گورجەكنى بىرنەچچە قېتىم ئاراڭشىتىپ قويدى. ئايال قاراپمۇ قويمىدى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ بەك ياش ھەم چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئېرىگە ــ ئۆزىنىڭ چوڭ باشلىقىغا ئۆچلۈكى كەلدى.

ــ سۇ ئىچىپ تۇرۇڭ ئۇكام، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ــ سۇ ئىللىپ، بىر قىسما پۇراپ قاپتۇ. ئىچسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدىكەن، ــ دېدى ئۇ ئۆزى تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ــ بۇ يەردىن خېلى يىراقتا بىر بۇلاق بار. سۈيى دوغاپتەك سوغۇق چىقىدۇ، مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي ئەمىسە.

بۇلاق تاغ باغرىدىلا ئىدى. قارىسا يېقىنلا كۆرۈنگەن بىلەن بىرەر سائەت ماڭمىسا بارغىلى بولمايتتى. لاۋادا تاغ يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا ئارقىسىغا قارىسا، ئۇ ئايالنىڭ خېلى ئارىلىق قويۇپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ توختاپ ئۇ ئايالغا قارىدى. ئايال توختاپ، كوڭلىكىنى تۈتۈپ يەرگە چۆكۈپ تۇردى. توۋلاپ گەپ قىلاي دېدى، لېكىن ئۆزىمۇ ئۇسساپ ھالى قالمىغاچقا ۋارقىراپ گەپ قىلىش خۇشىياقمىدى.

ئىگەمبەردى چوڭ بۇلاق بېشىغا بېرىپ قومساقغۇ ھۆل يېرىدە مەيدىسىنى چاپلاپ يېتىۋالدى. ئىسسىق ھەقىقەتەن قاتتىق بولۇۋاتاتتى. «ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ بىچارىگە». ئايال يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەسەبىي بىر خىل خۇشاللىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئايال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاران تىزىغىچە كېلىدىغان بۇلاق سۈيىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئېغىناپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جىمجىت قاقاس تاغ باغرىدا ناھايىتى قورقۇنچلۇق، غەيرىي ئاڭلاندى. تاغلار ئەكس سادا قايتۇردى.

ــ ھەي ئاكا، نېمىشقا بالدۇرراق دېمىگەن بولغىيتتىڭىز؟ ھەي ئادىمىكا، نېمىدېگەن راھەت، مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈپ كەتسەم رازى...

ئۇنىڭ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلاشتى. تولغان ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ئاياللارغا خاس جەزبىدارلىق ئۇرغۇپ تۇرغان بەدىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قالايمىقان سالدۇرۇۋەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئەتراپ ناھايىتى جىمجىت ئىدى.

ئـاپتـوبـۇسلار يـىراقـتـا لاۋا ئىچىدە كۆپـۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— قاراڭ، مەن بۇرۇن سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىدە جىق سۇغا چۆمۈلۈپ ئۈينىغان، بۇنداق راھەتلىنىپ باققان ئەمەس ئىدىم. پاھ، پاھ... سۇداندا بولسىمۇ بېشىمغا سۇ قۇيۇپ بەرسىڭىز كۆپ رەھمەت دېگەن بولاتتىم...

ئىگەمبەردى چوڭ ئامال يوق سۇ قۇيۇپ بەردى. ئىچىدە كۆپ تولۋا قىلدى. كۆپ «ئەستەغپۇرۇللا ئەل ئـەزىن»نى تەكرارلىدى. شۇندىمۇ نەپسى تاقىلداپ پـۇت - قوللىرى تىترەپ دىرىلدەپ كەتتى. ئىككى مـۇرىـسىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر سىزىق ئىككى كاسسىسىنىڭ ئارىلىغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. شۇ تـاپ ئـۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدىغان زىنچىچە ئالتۇنلار، ئالتۇن قۇببىلىك دۇبۇلغا - ساۋۇتلار يوقاپ كەتتى. قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى. ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئىبرى چوڭ باشلىق، ئايالنىڭ تۇغمىغانلىقى باش ئوچاستكا باشلىقلىقىغا ئۆسۈشىگە كاشىلا بولدى دەپ قـويۇۋەتكەنىكەن. شۇندىمۇ ئاتكاپلا قالدىغان بولسا ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيتتى.

ئىگەمبەردى چوڭ ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۇ ئايالنى ئۆزى تەرەپكە قاراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە ئوت چاقنايتتى. ئۇ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ قۇمساڭغۇ يەرگە ياتقۇزدى. ئايال شۇنداق سىلىق، رايىش ئىدى. «مەنمۇ شۇ پېتىم ئۆلۈپ كەتسەم...»

بۇلاق سۇلىرى سۇزۇك قۇم دانىچىلىرىنى تۇغۇتۇپ قـايناۋاتاتتى. ئانچە - مۇنچە ئىچىدىن ھاۋا چىقىپ «ۋىلىق - ۋىلىق» قىلىپ قوياتتى. ئەتراپىدىكى بىر تـوپ پـىچاندىن كۆپكۆك گۈل ئىچىلغانىدى. يەنە بىرنـەچچە تال كاپكاپ گۈلى ساپسېرىق ئىچىلىپ تۇراتتى. ئەسلى بۇ مەزگىلدە توزغاق بولۇپ بولسا بولاتتى. بۇلاق سۈيى ئانچە ئۇزۇن بارماي سىڭىپ تۈگەيتتى ھەم بىر پارچە يېشىل چىملىقى بار ئىدى. بۇ ئەتراپ بىلەن شۇنداق پەرقلىق ئىدىكى، ئۇقمىغان كىشى قۇملۇقتا كۆرۈنىدىغان خىيالىي كۆرۈنۈش دەپ قالاتتى.

ئۇلار ئىگەمبەردى چوڭغا چۈشتەكلا ئىشەنگۈسىز ھـەم ئىبر بـۇز بـەردى. ئـاجايىپ شېرىن شاراپ ئىچىۋالغاندەك بىردىنلا تەنلىرى يايراپ، تېرىلىرى كەڭلىشىپ كەتكەندەك بولدى. قاقاس تاغلارمۇ بىردىنلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئايال كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ مەستلىكىدىن يېشىلگەندەك ئەتراپقا ئالاق-جالاق قارىدى. بىردىن ھۆڭگۈرۈپ يىغلاپ كەتتى. قـۇملارنى تىپچەكلەپ كىچىك ئۇرىقچىلارنى پەيدا قىلدى.

ئىگەمبەردى چوڭ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قـاتتـىق بىئـارام بـولدى. تـاغقا چىقىپ ئۆزىنى تـاشلىۋالغۇسى كەلدى. يېنىغا بېرىپ بىرنەرسە دەي دېۋىدى، ئايال قۇملارنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە زەرپ بىلەن ئاتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ يول بويىغا قايتىپ كەلدى. «ئەمدى نېمە دەپ يۈزىگە قارارمەن؟» ئۇ خۇدىنى ئۇقماي ئىشلەۋەردى. قىلىپ بولغان ئىشنى يەنە قايتا قـىلدى. قانچىلىك ئىشلىدى، ئۆزىمۇ ئۇقمىدى. بىر چاغدا ھاۋارەڭ كۆڭلەكنىڭ يول بويىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

— يىغلاپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم، بۇرۇن ئىبرىم بىلەن كۆپ ئۇرۇشۇپ قالاتتىم. مەن جاھىل بولغاچ پـەقـەت يـىغلىـيالمايتتىم. كۆزۈمدىن ياش دېگەن چىقمايتتى... — دېدى.

ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن گۈرجەكنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئۆزىنىڭ ئىش ئـورنـى تـەرەپكـە قاراپ ماڭدى. ئېلىپ كېتىشكە كېلىدىغان ماشىنا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئىـچـىدە بىر خىل پاتۇرۇپ بولمايدىغان خۇشاللىق قىمىرلاپ، ۋارقىراپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى. «پەرىزاتقا ئۇچرىغاندىمەنمۇ؟» ئۇنىڭ ئىبرىپ كەتكەن قاراماي يولغا چاپلىشىپ يېتىۋالغۇسى كەلدى.

ئـەتىسىدىن تارتىپ ئۇ ئايالغا تىك قاريالمىدى. لېكىن ئىككى كىشىلىك ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلدى. ئـۇ ئـايـالـمۇ گـەپ قىلمىدى. مىننەتدارمۇ بولۇپ كـەتمـىدى. ھاۋارەڭ كۆڭلەك يول بويىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر چۈشنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. بىرمەر ئايدىن كېيىن ئۇ ئايال گەپ قىلىپ قالدى.

— ھەي، ئادىمىكا، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇۋاتىدۇ، كـۆڭلـۈممۇ تـۇيۇۋاتىدۇ، قارىغاندا مەن تۇغماس

ئەمەسكەنمەن... ـ دېدى.

ئىگەمبەردى چوڭ ھەم قورقتى، ھەم خۇشال بولدى. لېكىن ئايال ئۆزىدىن بەك كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا تاغدەك غەم چۈشتى. ئايال بولسا خىيالىدا يوق ھەر قېتىمقىدەك كۆڭلۈكىنى تۇتۇپ ئىشقا چىقىپ قوياتتى. كۆپرەك ۋاقىتلاردا چىقمايلا قوياتتى.

ئايال سالامەتلىكى ياخشى بولالماي، ئارام ئالىدىغان بولۇپ ئۆيىگە كەتتى. شۇ كەتكەن پېتى ئۈچ ئاي ئۆتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كېلىدىغان شوپۇر بالىدىن سۈرۈشتە قىلسا ئۇ يىگىت: «ئېرى قورسىقىدا بار خوتۇننى قويۇۋېتىپتىمەن، دەپ يەنە يارىشىۋالدى ھەم خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكىۋالدى» دېدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ قاتتىق بىئارام بولىدىغان، بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك قاتتىق خۇرسىنىدىغان بولۇپ قالدى. سەل ئېقىتىپ كەتكەن خەزىنىلەرنى قېزىش ئىشىمۇ يوق بولدى. ئەمدى چۈشىگىمۇ كىرىپ قالمايدىغان بولدى. ئۆزى پەرزەنت كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ ئۇچاستىكىدا ئۇ بەك ئۇزۇن ئىشلەپ كەتكەنىدى.

* * *

ئۇ ئايالدىن شۇ پېتى دېرەك ئالالمىدى. ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى. بىر يىلى خىزمەتتە «ئىلغار» بولۇپ باھالىنىپ شەھەردىكى تەقدىرلەشكە چاقىرتىلىپتۇ. ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۆزىگە ئوخشاش «يۆتكىلەلمەن» ياكى «ئۆسمەن» دەپ غەلۋە قىلمايدىغان قارا تاشيولچىلارنى ئانچە ـ مۇنچە مۇكاپاتلاپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ قاراماي يولىغا تېخىمۇ چىڭ پاتۇرۇۋەتكىلى بولاتتى.

ئىگەمبەردى چوڭ شەھەردە ئېسىل تائاملارنى يېدى، ئازادە يۇمشاق تۆشەكلەردە ياتتى. بىرىنچى قېتىم بولغىنىغا قارىماي «پات ـ پات بولۇپ تۇرسا بولىدىكەن» دەپ قالدى. قايتىدىغان كۈنى ئۇ ئايالنى- ئۆزى بىلەن بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ئەمدى ئايىغى چىققان بىر قىز بالىنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇنى خۇددى چۆچەكلەردىكى ئوماق پەرىشتىدەك ياساپ قويۇپتۇ. بالىنى كۆرۈپ ئىللىق بىر سىزىم بېشىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. يۈرىكى ئىللىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئايال قارىدى. تونۇمىغان ئادەمگە قارىغاندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە بالىسىنى يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى. چاقىراي دېدى. ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ بىر كۆتۈرۈپ باقاي دەپ ئويلىدى. تىلى گەپكە كەلمىدى. پۇتى مىدىرلىمىدى. ئۇ خۇددى تاغ باغرىدىكى بۇلاقتىن ئارقىچىلاپ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئىگەمبەردى چوڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نامىزىنى ئانچە ـ مۇنچە قازا قىلىپ قويىدىغان بولدى. بەزىدە ئىش ئورنىدىن خېلى يىراق بۇلاق بېشىغا بېرىپ قونۇپ كېلەتتى. ئەمدى بايلىق تېپىپ چۈشەپ قالمايدىغان بولدى. پەقەت بۇلاق چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندەك بىر خىل رىتىمدا پورۇقلايتتى.

ئىسسىق دەستىدىن قاراماي يول ئېرىپ كەتكەندى. ماشىنا چاقلىرى چاپلىشىۋېلىپ ئىتتىك ماڭالمايۋاتاتتى. يىراقتا ئىشلەۋاتقانلار لاۋا ئىچىدە كۆيۈۋاتقان پارقىراق قوڭغۇزلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى. ھاۋارەڭ كۆڭلۈك شۇ پېتى بۇ يولدا كۆرۈنمىدى. ئۇ ماشىنا دەسسەپ پاتۇرۇۋەتكەن پارقىراق قوڭغۇزدىن بىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئىچى بەك سىيرىلىپ كەتتى. «مېنىمۇ ماي قوڭغۇزىدەك ئۇ ئىشلىگەن يولغا پاتۇرۇۋەتسە...» دەپ ئويلىدى.



# «ساراڭ» بىلەن سەرەڭ

(ھېكايە)

ئابدۇخەبەر تاھىرى



ئاپتوبۇس بېكەتتىن قوزغالدى. مەن بىلەن بىر ئورۇنغا بېلەت ئالغان سەپەرداشىم تېخىچە جايلىشىپ بولالمىغاندەك ھېلى كونىراپ ئۆڭكۈپ كەتكەن دۇراپ چاپىنىنى تۈزەشتۈرسە، ھېلى چوڭ كەلگىنىدىن قۇلىقى كۆتۈرۈلۈپ تۇرمىسا ئۆزىمۇ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان شلەپىسىنى كۆتۈرۈپ، بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا قىلىپ تۈزەيتتى. كونىراپ، كىرلىشىپ كەتكەن قول سومكىسىنى بىردەم ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا سىغدۇرسا، بىردەم تىزىغا ئالاتتى. سومكىنىڭ سىرتمىسى يوق، ئىنچىكە سىم بىلەن قېلىن تورلانغان بولۇپ، ئېتىلىپ كېتىشكە ئاران قالغانىدى. سومكا مەيلى ئورۇندۇقتىن جاي ئالسۇن، مەيلى تىزىغا چىقسۇن ئۇنىڭ بىر قولى سومكا بېغىدىن زادىلا ئاجرىمايتتى. مەن سەپەرداشىمنىڭ بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقاندەك، قورۇنۇۋاتقاندەك «قېتىشما» كەيپىياتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ ئەتەي سورىدىم:

— ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاپ كېتىۋاتامسىز، ياكى؟...

— ھە... ياق، — دېدى ئۇ شلەپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. رەئىس ئەپەندىنى ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن. تۇغقاندىن چارە بوپكەتتۇق دەڭا...

— رەئىسنى، تۇغقاندىن چارە بوپكەتتۇق دەڭ، ئىلگىرىمۇ بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەن ئوخشىمامسىز؟— ئۇ، چىرايىمدىكى ھەيرانلىق ئىپادىسىگە قاراپ مەنىستىمىگەندەك ھىجايدى ۋە بۆلەكچە كىرىلىپ ئولتۇردى.

— كۆرۈشمەي ئەمسە، بىر دېگەن ئۇن يىللىق قەدىناسلاردىن دەڭا، يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئىزلەپ بارىمەن. قانغۇدەك مۇڭدىشىمىز، ئۆيىدە قونۇپ پىكىر ئالماشتۇرىمىز...

مەن ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم - دە، دېرىزىدىن سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە قارىغان بولۇپ بىپەرۋا قىياپەتكە كىردىم. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھازىر دېگەن ئادەملەر پۈتۈن ساختىپەز بولۇپ كەتتى. مۇنۇ مەتۇ، ئەپتىگە باقماي «رەئىس بىلەن قەدىناسلاردىن بوپكەتتۇق» دەۋاتامدۇ. ئېھتىمال مېنى ئۆرۈش نىيىتىگە كەلگەندۇ. چوقۇم شۇنداق، «مەن رەئىس بىلەن ئۇنداق قەدىناس، مۇنداق سىرداش» دەيدۇ - دە، مەن ئۇنىڭغا ھال ئېيتىمەن. ئۇ، مېنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىدۇ؛ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان تالاي ئىشلىرىنى قانداق ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېزىپ چۈشەندۈرىدۇ. قايسىدۇر نازىر، قايسىدۇر ۋالىينىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا «خوش - خوش» دەپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئايىماي پو ئاتىدۇ. مەندە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئىشقىۋاز جوۋانلار ھېجىيىپ، قاش - كۆز ئوينىتىپ بولۇپ كەينىگە قاراپ - قاراپ خالىي ئىزدەپ ماڭغاندەك «ئۇنداق ئالدىراشمەن، مۇنداق ئالدىراشمەن...» دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ مېنى قىزىقتۇرىدۇ. مەن يېلىنىمەن، يالۋۇرىمەن. ئاخىرىدا ئۆزلۈكىدىن يۇمشايدۇ - دە، نەرخىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە دېگەندەك، بېجىرىش ئۈچۈن ئانچە، مېنىڭ تاپان ھەققىم ئۈچۈن مانچە دەپ، يەتتە - سەككىز مىڭنىڭ ھېسابىنى چىقىرىدۇ. مەن ئالدىدىن ئىككى - ئۈچ مىڭنى سۇنىمەن، قالغىنىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن بەرمەكچى بولۇپ پۈتۈشىمىز. ئالغۇلۇقنى ئېلىپ بولۇپلا شامال سۈرگەن ئىستەك يوقايدۇ... چۆچۈرىنى خام ساناپسەن ئاداش، مەن دېگەن ئۇنداق ئەخمەق كومشالاردىن ئەمەس.

ئۇ، ئورۇندۇقنىڭ قول سۇمكىسىنى تىزىغا يۆتكىگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۆزىڭىزچۇ، ئۆزىڭىزدىن قارىسام، يۈتلار ئارىسىدىكى تېپىش تاپالمىغان ياكى جىم تۇرالمىغان يۈتىسولدەك ئۇ شەدىسىن - بۇ شەھەگە قاترايدىغان لىگىتاسىملاردىن ئەمەستەك قىلىسىز، ئۆزۈمچىگە كاماندىروپكىغا ماڭدىڭىزمۇ، ياكى؟...

ئۇنىڭ سۆزى ماڭا «گېپىڭ بولسا تېزرەك ئېيتمامسەن، قارا قويغۇم كېلىۋاتىدۇ» دېگەندەك بىلىندى. خۇشياقمىغان كەيپىياتتا:

— شۇنداق، كاماندىروپكىغا ماڭدىم، — دېدىم ۋە سىرىنىڭ پاش بولسۇنچۇ، سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوپكەتمىگىنىڭنى كۆرەي، دېگەندەك قىلىپ، — رەئىس بىلەن مۇڭدىشىمىز دەڭ، رەئىسنىڭ سىزدەكلەر بىلەن مۇڭداشقىلى ۋاقتى يېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، شىلەپىسىنى كۆتەردى:

— ئىشەنمىدۇق دەڭلا، كىتاب - ژۇرنال كۆرمەيدىغان ئوخشىمامسىلە. ھازىر كىشىلەر شۇنداق بوپكەتتى، مەن زىيالىي دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ئوقۇغان ماتېرىيالىدىن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىنى ئىزدەپ ئوقۇغان ۋۇيۇتسكىچاقلىرى كۆپ. بىر سىلە ئەمەس دەڭلا، شۇڭا خىجىل بولمىساڭلىمۇ بولىدۇ. ئەگەر كىتاب ئوقۇغان بولساڭلا، رەئىس ئەپەندى مەن بىلەن سىرداشقانلىقىنى؛ ھەر قېتىمدا قانداق كىيىم، قانداق سۈپەتتە بارغانلىقىنى ھەممە ئەسەرنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىۋاتىدۇ. قىزىق ئادەم-دە، ئىسمىمنى ئېلان قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، قىياپىتىمنى ئىنچىكە سۈپەتلىگىنى نېمىسى...

ھە، ئۇ دېگەن «رەئىس» بىلەن مەن ئويلىغان «رەئىس» بىر ئەمەستەك قىلامدۇ، نېمە؟ مەن ئۇنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە باشقىدىن قاراپ چىقتىم، دەل ئۆزى شۇ.

— سىز ھېلىقى... — مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ سالماسلىق ئۈچۈن دەرھال ئاغزىمنى يىغدىم. ئۇنى يۈزىدىن - يۈزىگە «سىز ھېلىقى ‹ساراڭ› شۇكەنسىز-دە،» دەپ سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خاپىلىشىپ قېلىشقا تاس قالغانىدىم.

— تونۇدىڭىز؟ رەئىسنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپتىكەنسىز-دە! مەن ئاشۇ «ساراڭ» شۇ. قانداق، ئەسەرلەر مۇۋەپپەقىيەتلىكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە رەئىس ئەپەندى «ئۆز ئەيىنى بەردىم» دېگەن بىلەن خېلى كۆپ ئىشلەيدۇ ئەڭگا، دىتى بار ئادەم.

ئۇنىڭغا «ساراڭ» دېگەن نام تولۇق ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قىلچە ئاغرىنمىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىماقچى بولدۇم - دە، بىردىن ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېڭى ئىسمىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۈزلا سوراۋەردىم:

— قاراڭ ساراڭ، مەن تېخى سىزنى «رەئىس بىلەن سىرداشمەن» دەپ يۈرۈپ، قارىچىلىق قىلىدىغانلاردىن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. رەئىس دېگىنىڭىز يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى ھېلىقى ئەپەندى ئىكەن ئەمەسمۇ. ئېيتىڭە، يەنە يېڭى ئەسەر ئېلىپ ماڭدىڭىزمۇ؟

— يوقمۇ ئەمەس، بىراق رەئىس كۆرگەندىن كېيىن بىر گەپ بولىدۇ، — ئۇ سومكىسىنى ئوتتۇرىمىزغا سىنغدىغاندىن كېيىن پۈتىنى بىر خىل رىتىمدا تاقىلداتقاچ سۆزلىدى، — قارىغاندا سىزمۇ خىيالىي ئەمەلدارلاردىن نېرى كەتمەيدىغان يېڭى زامان كىشىلىرىدىن ئوخشايسىز. ئەمەلدارلارنىڭ گېپى بولسا ئىدارىمىزدا يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالدى. يازايمىكىن دەيمەن، بىراق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىدارە باشلىقىمىز تېپەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. بۇ قېتىم رەئىس بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مېنىڭ نامىمنى يازماسلىق ھەمدە قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ تەسۋىرلەپ، ئېلان قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقىمەن. بولغۇدەك بولسا ئوبدان ئىشلەپ كېلەر قېتىم ئېلىپ بارىمەن ياكى غاچچىدە پوچتىدىن سېلىۋېتىمەن.

مەن ساراڭنىڭ بۇ يېڭى ئېيتىسىغا قىزىقىپ قالدىم. ئىلگىرى تۈنجى ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قولۇمغا تەگكەنلا گېزىت - ژۇرنالدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزلەيدىغان بولدۇم. بولسا ئالدى بىلەن شۇنى ئوقۇيتتىم، بەزىدە بىر قېتىم ئوقۇپ قانماي قايتا - قايتا بىرقانچە قېتىم ئوقۇغان ئەھۋاللارمۇ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنمىغان ژۇرنال ماڭا سۈپەتلىك ئورالغان ساختا تاۋاردەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ يېزىپ ۋە ئېلان قىلىنىپ بولغۇچە، ئۇنىڭغا شۇنچە تەسىر قىلغان ئىشنى بىلسەممۇ بىلگۈم كەلدى.

— ئېيتىڭە، ئىدارەڭلەردە سىزنى شۇنچە قىزىقتۇرغۇدەك نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — ئۇ سومكىسىدىن تۈنجى قېتىم قولىنى ئاجرىتىپ تاماكا قەغىزى ئالدى. چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن كۆپكۆك تاماكىنى ئېلىپ ئورىغاچ:

— مۇنداق ئىش قاراڭ، ئىدارە باشلىقىمىز تولىمۇ

كەسكىن ئادەم. ئىدارىمىزدە ئىشلەۋاتقىلى بەش - ئالتە يىل بولغان. ئىدارىنىڭ ئىككى بالىسىنى باشقۇرغانچىلىكلا كۆچەپ باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى، - ئۇ بىرئاز توختاپ تاماكىسىنى قېنىپ - قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، - بەش يىل ئىچىدە ئىدارىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قېلىپقا سېلىپ بولغانىدى. ئىدارىمىزدىكى مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتمىش ئادەم ھەممىمىز ئۇنىڭ قېلىپىغا چۈشۈپ بولغاندۇق. ئىشلىرىمىز قېلىپتا قۇيغان خىشتەك ئۆلچەملىك يۈرۈشەتتى. ئىدارىمىز شەھەر، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئورۇن ئىدى.

- ئۇنداقتا ھەممىڭلار شان - شەرەپكە ئىگە بولۇپ كېلىۋېتىپتىكەنسىلەر - دە!

- ياقەي، ھەممىمىز شان - شەرەپكە ئېرىشىشمۇ ئىشمۇ. يا ھەممىمىز ئىدارە باشلىقى بولمىساق. مەن ئىدارىمىزنى ۋە باشلىقىمىزنى دېۋاتىمەن. ئۇنىڭ روخسىتىسىز ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشمۇ مەنئىي قىلىنىدۇ. نېمىشقا دېمىسىز؟ بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش- ئىدارىمىزنىڭ بىر زاپخوزى بولىدىغان، باشلىقىمىز يېڭى كەلگەندە ئۇ ئەسلى «قائىدە» بويىچە «مۇئاۋىن» نىڭ خەۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوبۇرنىنىڭ چۈشۈندىسىنى يېزىلىق بىر دېھقانغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. پات - پات چىقىرىپ تۇرمىسا ئاتمىش ئادەم بار ئورۇندا توشۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ. دېھقان ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن باشلىقىمىز ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق كايىغان گەپ، ئۇ شۇ زامات بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قايتۇرۇپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. زاپخوز دېھقاننىڭ ئۆيىنى ئىككى كۈن ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇ ئاللىقاچان قوناقلىرىغا ئەي بېرىپ بولغانىكەن. باشلىق «ئىزدەش» توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ ئىدارىدە مېنىڭ بۇيرۇقۇم ئەمەلىيلىشەمدۇ - يوق؟» دەپ رەسمىي جېجىلىپ، چوڭ يىغىندىلا «مۇئاۋىن» بىلەن زاپخوزنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە «قەتئىي ئىجرا قىلىش» قا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىر نەپەر ئىشلەمچى ۋە قول تراكتورى تېپىپ، قوشنا ئىدارىنىڭ ئوبۇرنىسىدىن بىر كوزۇپ گەندە تېپىپ كەلدى. ئىدارە باشلىقى ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرى ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۆزىدە بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن گەندە ئىدارىمىزنىڭ خالاسىغا قايتا تۆكۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىدارىمىزنىڭ دەرۋازىسى باشلىقنىڭ تەستىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قەتئىي ئېچىلمايدىغان بولدى. ئىشچى-

خىزمەتچىلەر ۋېلىسىپىتلىك كەلسە كىچىك ئىشىكتىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزەتتى. قىيىنچىلىق موتسىكلىت مىنىدىغانلارغا بولدى. بىرەيلەننىڭ بەش مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان موتسىكلىتى دەرۋازا ئالدىدىن يوقاپ كەتكەنىدى، موتسىكلىت مىنىپ ئىشقا كېلىدىغان يىگىرمىدەك ئادەم باشلىقتىن ئىجازەت ئېلىشقا كەلدى. باشلىق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىراقتىن كېلىدىغانلىقى، گىرا ئاپتوبۇسى قولايلىق ئەمەسلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئويلىشىپ كۆرۈشكە قوشۇلدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بۇ ئىشمۇ ھەل بولدى.

- ئىدارىدىكى خادىملاردىن ئىشقا موتسىكلىت بىلەن كېلىدىغانلارغا دەرۋازىنى تەستىقسىز ئېچىپ بېرىدىغان بولدى دەڭ، - مەن ئۇنىڭ تەپسىلىي بايانىدىن زېرىكىپ قوشۇمچە قىلدىم.

- نېمە دەيدىغانسىز، تۇزۇم دېگەن تۇزۇم، ئۇنى قانداق ئۆزگەرتكىلى بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىرمە ئادەم كۆپنىگە كەم دېگەندە، ھە... - ئۇ بىرپەس توختاپ بىرنېمىلەرنى ھېسابلىدى، - ھە، سەكسەن قېتىم، سەكسەن قېتىم يولىۋرۇق سوراشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ. باشلىقىمىز بۇلارنى ئويلىغان گەپ. ھەل بولدى دېگىنىم، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ يېقىندىلا ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىنغان بىر ياش دەرۋازا ئالدىدا موتسىكلىتلىق كەلگەنلەرنىڭ موتسىكلىتىنى مۇنتىزىم ساقلايدىغان بولدى.

- ئۇنداقتا يۇقىرىدىن ياكى باشقا ئورۇنلاردىن ماشىنا بىلەن ئادەم كەلسە ئىدارەڭلەرنىڭ دەرۋازىسىدا ماشىنىسىنى قويۇپ كىرىدىكەن - دە!

- نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن، 60 - يىللاردىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، - گېپىم ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىدىمۇ-تاڭ، ئاۋازى سەل زەردىلىك تۇس ئالغانىدى، - ھازىرقى باشلىقلار ئوبۇرنىغىمۇ ماشىنا بىلەن بارىدىغان تۇرسا. سىز دېگەندەك، - ئۇ يەنە تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، بىرئاز توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - ھېلىقى سۆزىڭىزنى دەيمەن، رەھبەرلەر كېلىپ قالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا تالاش - تارتىش بولغانىدى. يەنىلا ئەقىللىق كىشىلەر باشلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىر نەپەر خادىم مەخسۇس دەرۋازا ئېچىش بىلەن دەرۋازا ئالدىدىكى تېلېفون ئارقىلىق يولىۋرۇق سوراشقا مەسئۇل قىلىندى. قىزىق، دەرۋازا باققۇچى بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكتىمۇ، قانداق؟ باشقىلار بىلەن شاھمات ئويناپ باشلىققا كۆرۈنۈپ قالغانلىقى

19

ئۈچۈن، ئىش ۋاقتىدا شاھمات ئوينىغانىڭ جازاسىغا يەتتە كۈنلۈك ئىش ھەققى تۇتۇلۇپتۇدى. يېقىندىن بىر ئادەملەر شۇنداق، ئەدىبىمىزنى يېسەك «مېنىڭ قىلغىنىم ئېمىگە ئەسىر يەتكۈزدى» دېگەنىنىڭ ئورنىغا بىر ئويدان تۇزۇلۇپلا قالىمىز...

مەن ئۇنىڭ تۇگىمەيدىغان پاراڭلىرىدىن ئادەم قېزىقىدىغان قانداقتۇر بىر تېمىنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچ قىلالماي ئولتۇراتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەممىسى پارچە - پۇرات گەپلەردەك قىلاتتى.

- ئەسلى گەپكە كەلسەك، - دېدى ئۇ، سۆزىنى داۋام قىلىپ،- شۇنداق قىلىپ ئىدارىمىزدە بىر كوزۇپ گەندىنى باشلىقنىڭ تەستىقىنى ئالماي بۇيرۇپ بېرىش ۋە قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن، دەرۋازىنىڭ ئىشى شۇنداق قېلىپقا سېلىنغاندىن باشلاپ نۇرغۇن ئىشلار قېلىپقا سېلىندى. ھېلىقى «مۇئاۋىن» نى كىشىلەر «پوقنىمۇ تەستىقلىيالمايدىغان باشلىق» دەيدىغان بولدى. بەش يىل ئىچىدە ئىدارىمىزدە چوڭ - لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش، ماشىنا ئىشلىتىشتىن باشلاپ، كىچىكى - تازىلىق ئىشلىرىغا قەدەر قېلىپقا سېلىندى. دەرۋازا باشلىقنىڭ تەستىقى بىلەن ئېچىلىدۇ، خالانىڭ چۆشۈندىسى باشلىقنىڭ تەستىقى بىلەن ئىشلەمچى سېلىپ چىقىرىلىدۇ، ئىشخانىلاردا ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرماقچى بولغاندا باشلىقنىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك. ئىدارىدىن بىرەرسى ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىنى قىلماقچى بولسا باشلىق بەلگىلەپ بەرگەن كۈندە قىلىشى كېرەك. نېمىگە كۈلىسىز، چۈنكى بىرەيلەننىڭ ئادەمگەرچىلىكى چىقسا ئىدارىدىكى ھەممەيلەن بارىدىغان گەپ - تە! شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشلىقنىڭ تەستىقى بىلەن قىلىنىدىغان بولغانىدى. ئىدارىنى شۇنداق قېلىپلاشتۇرغان باشلىق بىر كۈنى ئاغرىپ قالدى. بالنىتسىدا ياتتى...

- ئاندىن ئىدارەڭلەرنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ - دەرھال سورىدىم مەن قىزىقىپ.

- ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغۇ ئۆز پېتى يۈرۈشتى، چۈنكى باشلىق ياتقان ياتاققا ئالدى بىلەن تېلېفون ئورنىتىپ، ئاندىن باشلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىراق باشلىقنىڭ كېسلى باشقا ھەرقانداق بىمارنىڭ كېسلىگە ئوخشىماي قالدى. ئەڭ داڭلىق دوختۇرلار تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن باشلىقنىڭ كېسىلىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتى. راكمىكەن دەمسىز؟ نەدىكىنى، نېمە دېدى ئىلاھىم، ئۇ كېسەلنىڭ نامىنى ئىشقىلىپ غەلىتە يېڭى بىر كېسەل، ئىدارىمىزدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە باشلىقنىڭ مېڭە قىسمى بىلەن يۈرىكى چىقىشالمىغاندەك بىر كېسەل ئىكەن. شۇنداق قىلىپ دوختۇرلار باشلىقنىڭ بېشىنى بويىنىدىنلا كېسىپ ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدى...

- نېمە دېدىڭىز، بېشىنى بويىنىدىنلا كېسىپ ئالماشتۇرىدىغان بولدى، دېدىڭىزما، - ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

- شۇنداق، شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىكەن. باشلىق ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، چۈنكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن باش كېرەك ئىدى. دوختۇرلار ئالماشتۇرۇشقا باش تېپىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن، باشلىقىمىز بىر تۇغقانلىرىدىن، ئايالىدىن، بالىلىرىدىن بېشىنى بېرىشنى، توغرىسى بېشىنى تېگىشىشنى سوراپتۇ. بىراق ھېچكىم بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. كىممۇ بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدۇ دەيسىز. باشنى كېسىپ ئالماشتۇرۇش قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئاجايىپ ۋەھىملىك ئىش - دە، بۇ...

- شۇنداق، بۇ خىل ۋەھىملىك ئىشقا تەۋەككۈل قىلالايدىغان ئادەم نەدە بولسۇن، - دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

- باش ئالماشتۇرىدىغانلار چىقمىغاندىن كېيىن، - سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، - دوختۇرلار ھايۋاننىڭ بېشىغا ئالماشتۇرۇش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن خالىغان بىرسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ ئالماشتۇرسا بولغۇدەككەن. شۇنداق قىلغاندىلا باشلىقنىڭ بېشىنى دەپنە قىلىۋېتىپ گەۋدىسىنى ياكى گەۋدىسىنى دەپنە قىلىۋېتىپ بېشىنى ھايات قالدۇرغىلى بولغۇدەككەن. دوختۇرلار باشلىققا ھايۋانلاردىن بىرەرسىنى، مەسلەن، ئات، كالا، قوي، ئىت، ئېشەك دېگەندەك بىرسىنى تاللاشنى؛ يەنە بىرى، ياكى باش، ياكى گەۋدىسىنىڭ ئىككىنىڭ بىرىنى ساقلاپ قېلىشنى تاللاشنى ئىختىيارىغا قويۇپتۇ. باشلىق بىر كۈن ئويلانغاندىن كېيىن ئىت بېشىنى تاللاپتۇ...

- نېمە دەۋاتىسىز، ھوي!؟ - ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن، - ئىت بېشىنى گەۋدىسىگە ئالماشتۇرماقچىمىكەن، ئىتتىن باشقا نۇرغۇن ئېسىل ھايۋانلار تۇرسا.

- شۇنداق، ئۇ ئىت بېشىنى تاللاپتۇ. باشلىق، شۇنداق قىلسام ئەمەلىمگە تەسىر يەتمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە ئانالىز قىلىشىمۇ، باشلىقنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىن

ھەرقانداق ھاۋانىغا قارىغاندا ئىتقا بەكرەك يېقىن ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى ئەڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ. باش ئالماشتۇرۇشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئىدارىدە باشلىقنىڭ بېشىنىڭ دەپنە مۇراسىم خەۋىرى تارقىدى. بۇ خەۋەرمۇ ئەلۋەتتە باغاق ئارقىلىق تارىغانىدى.

شۇ كۈنى ئىدارە باشلىقنىڭ بېشىنىڭ يەتتە نەزىرىسى، يىگىرمە نەزىرىسى، قىرىق نەزىرىسى، يىل نەزىرىسىگە قانداق بېرىش؛ ھەربىر ئادەم قانچە يۈەندىن چاي ئىچكۈزۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانىكەن، مۇزاكىرە ئۈستىگە ھازا ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقانلىقى ۋە تەسىرلىك مەرسىيەنامىلەرنى ئوقۇپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ھۆ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ نادانلىق قىلغانلىقىمىزنى چۈشەندۇق - تە، ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ ھازىسىغا قوشۇلدۇق. ھازا بىرەر سائەتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە ئېسەدىشىنى توختىتالمىغان ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ، قەسەم بەرگەن قىياپەتتە: «باشلىق تولىمۇ ئىقتىدارلىق ئادەم ئىدى. ئىدارىمىزنىڭ قوياشى ئىدى. ئەمدىلەتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىدارىمىزنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بېشىنى دەپنە قىلىشقا توغرا كېلىۋېتىپتۇ. مەن بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرىمەن... لېكىن ئۇنىڭ مۇبارەك گەۋدىسىنى ئىتنىڭ بېشى باشقۇرسا قانداق بولىدۇ. باش دېگەنمۇ ئوخشاش، بىراق...» ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە تۆكۈلۈپ كەتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدۇق. ئۇ، ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ داۋام قىلدى: «مەن بېشىمنى باشلىققا تەقدىم قىلىمەن!» ئۇ، شۇنداق دېدى - دە، يېتىلىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدۇق. ئۇنىڭ بۇگۈرۈشى ئىتتەك چاققانىدى...

ئىشۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىققىنىمدىن ئاغزىم كامادەك ئېچىلىپلا قالغانىدى.

— ئاندىنچۇ؟ — سورىدىم مەن ئالدىراپ. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ، باشلىق بىلەن ھېلىقى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقنىڭ بېشى بويىندىن كېسىپلا ئالماشتۇرۇلدى.

— باشلىقنىڭلار ساقايدىمۇ؟

— باشلىق، ياق، باشلىقلار ساقىيىشىنى ساقايدى. ئىدارىغا كېلىپ خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋەردى. بىراق، قىزىق ئىشلار شۇنىڭدىن كېيىن چىقتى. ئىككىيلەن بالنىستىدىن چىققاندىن كېيىن ئىدارە باشلىقنىڭ بېشىنى ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان ۋىجىككىنە گەۋدە باشلىقنىڭ ماشىنىسىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلىقلار ماشىنىنى ئىشلەتمىسە بىكار تۇرسا تۇرىدىغان، لېكىن زاۋۇتتىن چىققانچە باشلىقتىن باشقا ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان، ئالدىدىكى مەخسۇس ئورۇندا گىدىيىپكىنە ئولتۇرۇپ ئىدارىغا كەپتۇ. دەرۋازا ئالدىدا ئۆزىگە ماس كەلمىگەن قەتئىيلىك بىلەن: «دەرۋازىنى ئاچ» دەپ ۋارقىراپتۇ دەرۋازىۋەنگە. دەرۋازىۋەن نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغانىكەن، «نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟» دەپتۇ شوپۇر. باشلىقنىڭ گەۋدىسى بولسا، بۆلۈم باشلىقنىڭ بېشىنى ئۈستىگە قوندۇرۇپ رايىش ھالدا ۋېلىسىپىتكە مىنىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ باشلىق بىلەن بۆلۈم باشلىقى ئارىلىشىپلا كەتتى. ئىدارىدىكىلەرگە ھەقىقەتەن تەڭلىك بولغانىدى. لېكىن بېشىنىڭ چوڭلۇقىدىن گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەيلا قالغان ھېلىقى بۆلۈم باشلىقنىڭ گەۋدىسى بىلەن باشلىقنىڭ بېشى ئىدارىنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈم - قېلىپلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ كەلدى. ھېچكىمنىڭ «غىڭ - پىڭ» قىلىشىغا يول قويمىدى. بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ھەممىگە كۆنۈپ كەتتۇق. بىرەر ئايدىن كېيىن يۇقىرىدىن كېلىپ باشلىقنىڭ گەۋدىسى بىلەن ھېلىقى بۆلۈم باشلىقنىڭ بېشىنى ئالاھىدە تەقدىرلىدى ۋە باشلىقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتا زور خىزمەت كۆرسەتتى دەپ، ئىدارىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشلار ئەسلىگە كەلدى. لېكىن باشلىق بىلەن بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلار خېلى ئۇزۇنغا قەدەر سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈردى. ئەلۋەتتە بۇ گەپلەرنى قىلىشقاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلدۇق، باشلىقلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشى ياكى قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق.

مانا ھازىر گەۋدىلەرنىڭ بىرى كۈندىن كۈنگە سەمرىپ

تىقىلىپ، يەنە بىرى تەدرىجىي ئۆرۈۋقلاپ ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ بولدى. دېمەك، باشلار بىلەن گەۋدىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشىپ بولدى. قارىغاندا ئىككىيلەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئىنقا يېقىن بولسا كېرەك. ئويلاپ باقساق ھېلىقى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى كاساپەت يامان نېمىكەن ئەمەسمۇ، بىر سەكرەپلا باشلىق بىلەن ئارىلىشىۋالدى. ئىدارىدىكى ھەممەيلەن تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتكىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپلا قېلىشتى...

— ھەقىقەتەن قىممىتى بار ماتېرىيال ئىكەن، ئوبدانراق يېزىڭ، — دېدىم مەن ساراڭنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، — ئىدارەڭلەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئازراق قوشۇپ قويسىڭىز بولغۇدەك.

— ماتېرىيالنىڭ قىممىتى بولمىسا سۆزلەپ يۈرەمدىمەن، گەپ قىممىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىدە. مېنىڭچە، باشلىقنىڭ كېسىلى بۇندىن كېيىن باشقا كىشىلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەيدىز، راك دېگەن كېسەللەر پەيدا بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەرگە يۇقتى...

— مېڭىسى بىلەن يۈرىكى سىغىشمىغانلىقى غەلىتىدەك قىلىدۇ، شۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟

— شۇنى دەيمەن. بىراق بۇنىڭمۇ ئازراق ئاساسىي بار. ئادەملەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلىشى، قانداق پىكىر قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئادەملىك گىننى ئېلىپ يۈرىدىغان ئىسسىق قاننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يۈرەكتە ئازراق بولسىمۇ ئادەملىك خۇسۇسىيەت يۈتمىسە كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، — ئۇ بىرپەس توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھى بىلەن تېنىدە بۇ خىل زىددىيەت ھامان مەۋجۇت بولىدۇ. روھىي ئالەمدە ئادەملىك خۇسۇسىيەتتىن ئەسەر قالمىغان كىشىلەردە بۇ خىل زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، تېنى مېڭىسىنى ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئەسلى گەپكە كەلسەك — ئەگەر باشقا كىشىلەرگە بۇ خىل كېسەل يۇقسا، ئۇ ئادەم باشلىق بولىدىغان بولسا ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا بېشىنى ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. باشلىق ئەمەسلەرچۇ؟ بۇنداقلار بۇ خىل كېسەلدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى لازىم. ئېيتىڭە، سىز قانداق قارايسىز؟ — ئۇ سوممىكىسىنى تىزىغا ئېلىپ جايلاشتۇردى. مەن بىرئاز ئازادىرەك ئولتۇرۇش ئۈچۈن سەل سۈرۈلۈپ قويدۇم.

ساراڭ «سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭچۇ؟» دېگەندەك ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن نېمە دەيمەن، كاللام قۇپقۇرۇقمۇ ئەمەس، تۈرلۈك پىكىرلەر چېچىلىپ ياتىدۇ. بىراق بىرنېمە دېيىشكە ئالدىرىمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرىگە ماتېرىيال بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خاتا دېيىشكىمۇ ياكى توغرا دېيىشكىمۇ بولمايتتى.

— سىزمۇ شۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ، — دېدى ساراڭ. ئۇ مېنىڭ شۈكلەپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ ھېلىقى باشلىقنىڭ كېسىلىدىن يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئەنسىرەپ كەتسە كېرەك دەپ ئويلىغاندى. مەن گەپنى بۇرىدىم:

— رەئىس ئەپەندىگە ئېلىپ ماڭغان ئەسەرلىرىڭىز بولسا كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— بولۇشى بار. بىراق كۆرمىگىنىڭىز ياخشى. ئەسەر ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن كۆپ ئادەم كۆرسە بولمايدۇ. ئۆتكەندە رەئىسكە تۆكۈرۈك توغرىسىدا بىرنېمە يازىمەن دېگەنىدىم. ھە، ئۇقۇۋالغانمىدىڭىز. شۇ گەپ ئەمدى پۈتتى.

ئۇ شۈكلەپ كەتتى. ئاپتوبۇس توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە. ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭ بەزىسى ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن، بەزىسى ئۆزلىرى بىلگەن پەدىگە ئېڭىشىپ ناخشا ئوقۇۋاتقان، بەزىسى ئۆزئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرغان. لېكىن ھەممىسى قۇرۇق پاراڭ، قۇرۇق ۋايساشلار. مەن چەكسىز خىيال ئىلكىگە چۆممەكتىمەن. خىيالىم ھېلى باش ئالماشتۇرغان ئىدارە باشلىقىغا، ھېلى بېشىنى تەقدىم قىلغان ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىققا كۆچىدۇ. ئاخىرىدا يېنىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ ساراڭنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ. راستىنلا قىزىق ئادەم ئىكەن. مۇشۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىلا ئوقۇشقا قىزىقماستىن ئۆزى بىلەنمۇ تونۇشۇپ، سىردىشىپ قويىدىغان گەپكەن ئەسلى.

ئۇ تۆكۈرۈك توغرىسىدا نېمىلەرنى يازغاندۇ؟ ئېھتىمال دېھقانلارنىڭ كەتمەن چاپقاندا قولىغا تۆكۈرگىنىنى يازغاندۇ ياكى چېلىشچىلارنىڭ تۇتۇشۇش ئالدىدا قولىغا تۆكۈرگىنىنى يازغاندۇ. ياق، ئۇ چوقۇم بىرەيلەننىڭ باشقىلارنىڭ يۈزىگە غەزەپ - نەپرەت بىلەن تۆكۈرگىنىنى يازغان، چوقۇم شۇنداق...

# روھىمدىكى چېگرا سىملىرى

## مۇقارىپ يەھيا

يەنە بىردەم ساقلاپ تۇر تارىخ،
كېلەلمىدى دەردمەن كېلەچەك.
ئەجەب ئەمەس ياغسا چۈش بولۇپ،
تاڭ قېنىدا ئېچىلغان چېچەك.

*          *

سۆلەتۋاز مۇھەببەت كەلدى يېقىنلاپ،
ئويغانغىن كۆكلەمدىن يىلانسىمان چۈش.
قىسمەتكە بۆلۈنۈپ مۇگدىمەكتە ئۇ –
سايىلەر تەختىگە يېقىلغان ئۆتمۈش.

*          *

يىغلىدى، يىغلىدى، يىغلىدى تەقدىر،
ئۆتمۈشنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ ئۇزاق.
ياشقا قان ھەدىيە قىلدى رىئاللىق،
يوللاردا تۇز ئۈندى يەنىلا قىرتاق.

*          *

ئاراملىق بەر ئۈنلىسۇن كۆڭلۈم،
يۈرىكىڭگە يۆلىنىپ بىردەم.
ھېرىپ قالدى تومۇرلىرىمدا،
ئېقىۋېرىپ بىر دەريا ئەلەم.

*          *

ئۇ قىرغاقتا زەيتۇن ياپرىقى،
تۇرار ئىمىش قولىدا لەگگەر.
بۇ قىرغاقتا ئۇچۇپ ئۆتەلمەي،
ياش تۆكەرمىش قاناتسىز كەپتەر.

*          *

چۈشلىرىدە قارارمىش پات – پات،
قول ئۇزاتقان مېيىپ دالىغا.
يارغۇدەكمىش تەگرى يول خېتى،
ئىچ ئاغرىتىپ پېتىم بالىغا.

*          *

تەقدىرىنى قاندا چالغىتىپ،
ئىچكەن ئىمىش بىرقەدەم قەسەم.
شۇڭا بىلەپ باشنى قىلىچتا،
گىرەلىشىپ تۇرارمىش مەھكەم.

*          *

سوۋۇپ قالغان مەھرۇم يۈرەكتە،
مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى تېنى.
كۆيۈك ھىدى كۆكلىگەن كۆزدە،
تېپىرلايدۇ سۆيگۈنىڭ جېنى.

*          *

سۆيۈۋېرىپ تالدى ئەقىدەم،
قون يۈرەككە بەگۋاش قاناتلار.
ئىزلىرىمنى جاياماز قىلار،
لەۋلىرىگە تاش ئاتسا ياتلار.

*          *

ئۈمىدىمدىن چاقنىسا كۆك نۇر،
مۆكۈۋالار قارىغۇ يۈرەك.
كېلەچىكىم ئەۋەتسە پاسپورت،
خوش دېيەلمەس يىغلاڭغۇ تىلەك.

*          *

شەۋكەتلىك رەڭ ئىزدەيمەن توندىن،
قىسمىتىمگە يۈكۈنۈپ كۈن – تۈن.
يۈلتۇزۇمنى ئىزدىگەن يولدا،
روھ – تېنىمدىن قالار ئىس – تۈتۈن.

# ئىككى شېئىر

## ئابلەت ئەسمەت

### تەقدىر

1

سەرگەردان شاماللار ئۇچار پەرىشان،
قەھرىتان قوينىدا ھۇۋلار تۈن – كېچە.
ياغماقتا كۆك بويلاپ يەرگە قار – چېچەك،
ئەنسىزلىك ئىچىدە دۇنيا ئۆزگىچە.

2

كېلىدۇ ھاياتنى قىپ قاراڭغۇ تۈننى،
ئورمانىنى ئارىلاپ غەمكىن بىر ئايال.

ئۇستىدە ئاق كۆڭلەك يېتى يالاڭياغ،
پىچىرلار مەۋھۇم روھ: بۇ قانداقچە هال؟!...

لالىرەڭ چېھرىدە مۇڭلۇق لىرىكا،
قولىدا ئارغامچا، بويىدا ياغلىق.
ئېھتىمال هاياتنى ئۈمىد ئۈزگەن ئۇ،
ئانا يەر باغرىدىن تىلەپ پاناهلىق.

**3**

بىپەرۋا شامالLar ئۇچۇرۇپ هەريان،
چۇۋۇلغان چاچلاردىن ئەتىر سورايدۇ.
قارلارنى قان قىلغان ئەقدەم ئىزى،
چاتقاللار دىممۇ - دىم ئۆلۈم پۇرايدۇ.

خروستال بوپ قاتقان بۇلاق كۆزلەردە،
ئازابتىن تۇغۇلغان ئاچچىق - ئاچچىق ياش.
ئەرۋاھتەك ئەلەڭلەپ كېلەر ئۇھ مانا،
گۇناهكار مەھبۇستەك كۆتۈرمەستىن باش.

**4**

يوق كۆكتە جىۋەك ئاي، نە بىرەر يۇلتۇز،
تۇرىدۇ سۇكۇتتە قەدىمكى سۆگەت.
ئۆلۈمگە هامىلە بولغاچقىمۇ تۈن،
قار بىلەن ئاق لىباس كىيگەن تەبىئەت.

سۆگەتنىڭ يان شېخى ئېگىلگەن پەسكە،
ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆلگەن بىر ئازاب.
كېپەنلەر لەپەڭلەپ تۇرار بوشلۇقتا،
ئالماقچى بولغاندەك تەقدىردىن هېساپ.

تۇندىكى گۇلخاندەك قان رەڭلىك ياغلىق،
ئېسىلىپ تۇرىدۇ جىگدە شېخىغا.
بەلكىم ئۇ بوپ قالار هاياتلارغا سىر
ۋە ياكى تەۋەرۈك ئۇماق قىزىغا.

ئىلاۋە سۆزلەيدۇ زېمىن پىچىرلاپ:
تەقدىرمۇ، ئادەممۇ ئۇنى يوقاتقان؟!
نېمشقا ئۇ شۇنچە ياشقىنە كەتتى،
باغرىمغا هەم تامماي بىرەر تامچە قان.

**5**

سەرگەردان شامالLar ئۇچار پەرىشان،
ئۆلۈمگە شاهىت بوپ قالدى بۇ كېچە.
يوقالدى تىنىقلار، كۆمۈلدى ئىزلار،
قار هەيكەل بوپ قاتتى ئايال تاڭغىچە.

سۈبھىدەم تۇماندىن ئاق رومال ئارتىپ،
مۇسىبەت كۈيىنى چالدى ئورمانلار.
هەممىگە بۇ ئالەم ئەپسۇس بوپ قالدى،
ئۆلچىدى كۆك بويلاپ كۈيچى تورغايلار.

## باللىقنى سېغىنىش

نەلەردە قالغانسە، سېغىندىم ئەجەپ،
قەدرىڭنى قىلمىغان، غەمسىز باللىق.
قاراپ باق چوڭ بولدۇم دۇنيا مۈرەككەپ،
ئۆمرۈمنى كۆلپەتلەر باستى لىقمۇ - لىق.

تىزلاندىم ئانىنىڭ ئاياقلىرىغا،
ئاۋازىم قاپ - قارا بوراندا قالدى.
بوۋامدىن تەۋەرۈك دات باسقان قىلىچ،
ئېزىتقۇ قولىدا سونۇپ يوقالدى.

يەھۇدى بوپ كەتكۈم كەلدى نەچچە رەت،
چۆلدىكى قىزارغان يۇلغۇننى كۆرۈپ.
ياتاتتى قەدىمى تارىخ هالسىراپ،
تەڭرىتاغ باغرىدا قانغا كۆمۈلۈپ.

ئەمدىچۇ؟
هەممىدىن سوۋۇدى كۆڭلۈم،
ئىزدەپلا يۈرۈيمەن باللىقىمنى.
بىر چاغلار ئۈزگەنتىم كېپىنەك قوغلاپ،
باهاردا ئېچىلغان كاككۇك گۈلىنى.

سورىغاچ شامالدىن ياپۇز هىدىنى،
بۆلدۈرگەن تىترەتتۇق باللار بىرگە.
ياتاتتى ئۆكمىز چىمەنلىكلەردە،
گۈللەرگە قول سوزۇپ شوراپ ئىمىزگە.

بوۋامنىڭ كەپىسى چىقماس ئېسىمدىن،
قوغۇنغا قارايتتۇق ياز كېچىللىرى.
هېكايە سۆزلەيتتى بوۋام تاڭغىچە،
خىياللار قوينىغا غەرق قىپ مېنى.

يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇرغان سامادا،
قالاتتى چىرايلىق بۇلۇتلار تۇنەپ.
ياتاتتى ماڭىلا تونۇش تۇمۇچۇق،
كەپىگە ياندىشىقان شاختا ئۈگدەپ.

كەتمەيتتى چېھرىمدىن دائىما شاتلىق،
شۇ نامرات كەپىدە ئىدىم پەرىشتە.
ماڭا خاس بىر جەننەت بارالغان ئىدى،
ئانامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەرشتە.

* * *

نەلەردە قالغانسەن؟
سېغىندىم ئەجەپ،
قەدرىڭنى قىلمىغان غەمسىز باللىق.
قاراپ باق!
شۇ تۇرقۇم قانداق بىچارە،
ئۆمرۈمنى كۆلپەتلەر باستى لىقمۇ ـ لىق.

غارلارغا يەم بولدى بەختسىز روھىم،
ھوقۇشتەك يىگانە قالدىم دالىدا.
قىبلىگە باش ئۇرۇپ، سۆيىمەن يەرنى،
چۈشۈمنى قايتۇر دەپ قىلغانچە نىدا.

تىلەيمەن، باللىق قايتىپ كەل تىزراق،
پەقەتلا بىرسىنى كۆرگۈم كېلىدۇ.
تارىمنىڭ باغرىغا سىڭىپ روھ كەبى،
ئەجداتلار ئىزىنى سۆيگۈم كېلىدۇ.

## ئايلانماقتا روھلارغا ۋەتەن

### مۇختار داۋۇت

### ئىشخانا

مىليونلاپ يۈرەكنىڭ مۇھەببىتى سەن،
مۇقەددەس تۆت تامغا ئامراق مەن ئەجەب.
ماڭسەمەن ئالدىراپ ـ ھەممىنى ئۇنتۇپ،
بىر كىشىلىك ئورۇندۇق، بىر كىشىلىك ئۈستەل،
مەشۇقۇم ـ بىر كىشىلىك ئىش ھەققىنى دەپ.

ئانچىكى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، سېنىڭ
بوسۇغاڭ ئاتلىماق ـ ئىچىگە كىرمەك.
ئاھ بۇندا تولغىنىپ ئىزتىراپ چېكىش،
مۇستەقىل ياشاشنىڭ مۇقەددىمىسى،
تەقدىرنىڭ قولىدىن پۈتۈن نان يېمەك.

ئۆمرۈمنى تېگىشىپ كېتىمەن ساڭا،
سۆيۈملۈك تاملارغا ئىشقىم بار قەۋەت.
ئىشخانا تاملىرى كۆلۈمسىرەيدۇ،
بىر كىشىلىك ئورۇندۇق، بىر كىشىلىك ئۈستەل،
بىر كىشىلىك مائاشتۇر بايلىقىم پەقەت...

ئىدارە تۈزۈمى بولماس تەسەللى،
قۇتۇلماق بولمەن بۇندىن بىئارمان،
ئىچۈنكى يەنىلا تاللاي يىل ئۇقۇپ،
تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرىسكەن دېيمەن،
بالامنى، نەۋرەمنى ئىز بېسىپ ھامان!

تۇرىدۇ ھەر ۋاقىت تاتلىق يېتىرقاپ،
بىر كىشىلىك ئورۇندۇق بىر كىشىلىك ئۈستەل.
مەھكۇملۇق تونىنى يىرتىمەن ھەر كۈن،
بىر كىشىلىك مائاشنى تەرك ئېتىپ، ئەمما
شۇ يوسۇن ـ ئادەتكە تۆلەيمەن بەدەل.

### پاسىل

ئىككىمىز بەك يېقىن لېكىن بىز ھامان،
مەن كەبى، سەن كەبى بىر ئادەم ئەمەس.
قۇياشقا يېقىنمىز، ئايغىمۇ يېقىن،
ھېچكىشى بىزلەرنى قۇياش، ئاي دېمەس.

تاغلارمۇ تاغلاردۇر ئەمما ئۇلارمۇ،
ئايرىلىپ تۇرىشار ئىسمى بار ئايرىم.
ھەممىسى ئادەمدۇر بىراق نىھايەت،
پۇقرالار شاھلارغا قىلىدۇ تازىم.

ئۆيلەرمۇ ئۆيلەردىن تۇرار ئايرىلىپ،
بىلمەن ھەممىنىڭ مورىسى باشقا.
بىر جاينىڭ چۆلى بار، بىر جاينىڭ كۆلى،
يۈرىكى كۆلگەننىڭ كۆزىدۇر ياشتا.

تونۇشار باشقىلار بۇ دېگەن شۇنداق،
گەپ كەتمەس كونا ھەم ئاداققى ئۇقۇم.
چاقىمەن شۇڭلاشقا مەڭگۈلۈك دەردنى،
ئۆزۈمنى پاسىل دەپ جاكارلاپ چوقۇم.

## ئۈچرىشىش

كەلمەكتە يېقىنلاپ ئۈچرىشىش پەيتى،
ئەللەيلەپ ۋىسالسىز ئۆتكەن دەملەرنى.
چايقىلار دېڭىزلەر، چايقىلار يوللار،
قويمەن ئۈزۈلۈپ يەنە كىملەرنى.

شاھانە ياپراقلار تۆكۈلەر ئاستا،
يۈرىكىم ئۈلارغا بولىدۇ ۋەتەن.
يېشىنەر مەن ئۈچۈن ئۇن - تىنسىز كېلىپ،
قۇيۇقۇرۇق ئېسىمدە يالىڭاچ بىر تەن.

قاشتېشى ئويمىسى جىلۋىدار قۇتا،
پەرىشان روھىمنى قويمەن سولاپ.
ئەخلاق قورغۇلىسىدا يېشىمەن مانا،
قەدىمىي ئۆتەڭنى بۇندا تەكرارلاپ.

يۈرەك مەركىزىدە ئېچىلىپ بىر گۈل،
ئەڭ گۈزەل ئارمانىنى سېلىپ نوتىغا.
مۇھەببەت ئىشكى ئېچىلغان شۇ پەيت،
كىرىمەن ئەر بولۇپ ئاشۇ قوتىغا.

## ۋەسۋەسە

### نۇرئامىنەم ئەھەت

ئۇ ئەمدى بىرسىنىڭ ئايالى دېمەي،
قېنى كىم ئاشكارە سۆيەلىدۇ مېنى؟
چىقىلار يۈرىگىم كۆڭدە مىڭ قېتىم،
باغرىمدا چايقىلار ئۈمىدىنىڭ قېنى.

مەجبۇرى باغرىغا باسىدۇ دۇنيا.
ئالىمىدىم ئېخچە ھېچكىمدىن مەدەت.
ئەركىلەپ باقمىدىم بىرمۇ كېچىگە،
مۇزدەك كارۋات، قىينار رەسمىيەت.

## ئاداشقان كېمە

### زۆھرە قاسىم

خىيالىم دېڭىزى چايقىلار تىنماي،
ئارمانىنىڭ لىۋىگە لىۋىنى يېقىپ.
مەنزىلىدىن ئاداشقان كېمىدە تۇرار،
كاپىتان ئەتراپقا ئۈمىدلىك بېقىپ.

نە جانلىق، نە قىرغاق كۆرۈنمەس بۇندا،
پەقەتلا ھەيۋە قىپ بۇرەر ئاگولا.
مەقسىدى غۇلىسا شۇ تەنھا كېمە،
ئاداشقان جانلارنى يالماپ يۇتماققا.

تىترەيدۇ كۆك ئاسمان، تەۋرەيدۇ دېڭىز،
ئۆكسۈيدۇ قۇياشمۇ نۇر چېچىپ خىرە.
ئاھ مۇڭلۇق كېمىدە غەمكىن يولۇچى،
ئۈمىدىنىڭ شولىسىنى كۆرمەكتە ئەنە.

سۇكۇتلۇق مىنۇتلار ئەمەس مەڭگۈلۈك،
نومۇسقا تەسلىم بوپ تۇرۇش ئۆلۈمگە.
بەربىر ئىنساندا ئەقىل - ئىدراكلىق،
تۇرار ئۇ ئۆلۈمگە ۋە يا كۆرۈمگە.

## ئەستە تۇت

### ئېزىز ئەيسا

ئارقامدا ئۆتمۈشۈم... ئۇزاق كەچمىشىم،
ئەجدادلار تىكلىگەن پارلاق نەمۇنە.
ئارقامدا ئۆتمۈشۈم... ئاچچىق كەچمىشىم،
نادانلىق، يوقىلىش، نومۇسلار يەنە.

بىر سۈنئىي ئارالدا تۇرىمەن بۈگۈن،
بارلىقتىن يىراقتا، چۆلدە، ئازابتا.
كەلگۈسى ئەۋلادلار نېمەدەر بىزگە،
يىغلايمەن بوغۇلۇپ ئاشۇ سوراقتا.

ئالدىمدا كەلگۈسۈم، تۇتۇق تەبەسسۇم،
قۇرت كەبى ئۆملەپ ماڭىمەن ئالغا.
ئىزدەيمەن سايىلەر ئارا ئۆزۈمنى،
تاپقىچە ئاخىرى يېتىپ ۋىسالغا.

ئارقامدا ئۆتمۈشۈم، ئۇزاق كەچمىشىم،
ئالدىمدا كەلگۈسۈم تۇتۇق تەبەسسۇم.
يىرگىنىپ قالمىسۇن بىزلەردىن ئەۋلاد،
ئەستە تۇت سەن ئادەم بولساڭ دوستلۇرۇم.






## 2 ـ قىسىم 5 ـ باب

## قۇردانلىق پەرىزات①

مەشھۇر چاڭئەن② شەھىرى. قۇتادمىش ئاق قاشقىلىق چىلانتورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى. ھازىرغا قەدەر يىلقا بېقىپ، ئۇۋچىلىق قىلىپ، تاغ ۋە يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەن بۇ ئۇرخۇنلۇق يىگىت چاڭئەننى ۋە ئۇمۇمەن ھەرقانداق شەھەرنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ چېدىر شەكىللىك ئۆگزىلىرىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرگە، قاتار ـ قاتار رەستىلەرگە، بۇ يەرلەردىكى تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مال ـ دۇنيانىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ ھەيران بولاتتى. بولۇپمۇ، كوچىلاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ غەلىتىلىك ھېس قىلاتتى. بۇنداق پېتىچە مۇھىتتا ئۇ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى ئاڭقىرالماي ياتسىرايتتى ۋە بىرئاز قورقاندەك بولاتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى يات كىشىلەرگە ھېيىقىپ گۇمانسىراپ قارايتتى. بۇ كىشىلەر خۇددى ئۇنىڭغا خىرىس قىلىدىغاندەك، ئۇنىڭ مۇشۇ يالغۇز ئېتىنى تارتىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلىسە، سول قولى بىلەن بېلىدىكى قىلىچىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇۋالدى.

ھالبۇكى، قورققۇدەك ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بەزىلەر رەستىلەردە سودىلىشاتتى، بەزىلەر يول بويىدىكى چايخانىلاردا ئۇسسۇلۇق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، بەزىلەر ھېچ يەردە توختىماي ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى؛ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى ھارۋىلاردا...

قۇتادمىش مۇشۇ يولۇچىلار ئىچىدە ئادارقىز، ئىنەچۈك تاي ۋە ياكى ھېلىقى سۈيىقەستچى ماسمادارنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرماي ھەر يانغا سەپسالاتتى. لېكىن ئۇ يېرىم كۈن كوچا ئايلانغان بولسىمۇ ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى، ئۆزى ھېرىپ، ھېچ ھالى قالمىدى. گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغاندا ئۇ بىر ئاددىي كارۋان سارايغا كىرىپ ياتتى.

ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىنلا دەرھال ئېتىغا مىنىپ يەنە كوچىغا چىقتى. ئۇ كىرمىگەن كوچا، ماڭمىغان يول قالمىدى، لېكىن ئادارقىزنى تاپالمىدى. نۇرغۇن كىشىلەردىن سوراۋاشتۇردى، سورىدى. ھەممىسىنىڭ

① قۇردان ـ خوتەن.
② جاڭئەن ـ ھازىرقى شىئەن شەھرىنىڭ ئورنىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئاستانىسى.

جاۋابى «بىلمەيمىز، كۆرمىدۇق» دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى. قۇتادمىش ئۇدا ئون نەچچە كۈنگىچە چاكىنىڭ شەھىرىنىڭ ھەممە بۇلاڭ - پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئادارقىزنى ئىزلىدى، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈشكە باشلىدى. «ئادارقىز راست مۇشۇ شەھەردىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ماسمادار ئۇلارنى يەنە قايسىدۇر بىر باشقا شەھەرگە ئېلىپ كەتكەنمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاشۇ ئورخۇن ۋادىسىدىكى باشقا بىر يەرگە كەتكەنمۇ؟ ھېلىقى قاراقچى قەستەن مېنى ئالداش ئۈچۈن ئۇلارنى چاكىئەنگە كەتتى دەپ قويغانمۇ؟» قۇتادمىش ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىدى. ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىدى، روھى چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

دەردمەن يىگىت پۇل قاپچۇقىنى ئاختۇرۇپ باقتى. ئاران بىرنەچچە تال كۈمۈش تەڭگە قالغانىدى. ئەمدى ئۇ مۇھەببەتنىلا ئەمەس، بەلكى جان بېقىش مەسىلىسىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى. «ئاتنى ساتايمۇ؟ ياق، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئاتنى سېتىشقا بولمايدۇ».

قۇتادمىش گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت ياندىكى كوچىدىن بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر چىقىپ كەلدى.

- مۇشۇ يەردە قورساقنى توقلىۋالايلى، - دېدى ئۇلاردىن بىرى ۋە مەيخانا ئالدىدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى.

يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان بۇ ساقاللىق ۋە بۇرۇتلۇق ئادەملەرنى كۆرۈپ، تويلىشىپ تۇرۇشقان بىكارچىلار ئېھتىيات بىلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئۇلاڭ يېنىدىن ئېتىلىدىغان ئەپچىل پەشمەت كىيىشكەن، ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى يەلكىلىرىگە چېچىلىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر ئاتلىرىنى چەتتىكى لاپاس ئاستىغا باغلاپ قويۇپ، تۆت ئەتراپى ئوچۇق راۋاق شەكلىدىكى يازلىق مەيخانىغا كىرىشتى ۋە قارا سىرلانغان يۇملاق جوزىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

قۇتادمىش ئۇلارغا قاراپ توختاپ قالدى. «ئۇلار ئۇيغۇر ئىكەن، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋاتىدۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە. نەچچە كۈنلەردىن بېرى مۇساپىرچىلىقتا يېتىمسىرەپ يۈرگەن قۇتادمىش ئۇلارنى كۆرۈپ بۇ يەردىن كېتەلمەي قالدى ۋە شۇ مەيخانىغا كىرىپ ئۇلارغا سالام بەردى.

- كەل، بىز بىلەن ئولتۇر، - دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بولغان بودۇر ساقاللىق كىشى.

قۇتادمىش ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ، يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا ئولتۇردى. جوزا ئۈستىگە بىر كومزەك مەي ۋە ئىككى تاۋاقتا بېلىق ۋە ئۆردەك گۆشى كەلتۈرۈلدى. سۈمۈرۈغ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن جانان چىنىلەرگە مەي قۇيۇلدى. بەزىلەر چوكا بىلەن، بەزىلەر قوللىرى بىلەن غىزاغا تۇتۇش قىلىشتى. ھېلىقى بودۇر ساقاللىق كىشى (ئۇ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى) بىر چىنە مەينى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن قۇتادمىشقا مۇراجىئەت قىلدى:

- ھەي باتۇر يىگىت، نەدىن كەلدىڭ؟ سېنى بۇ شەھەردە كۆرمىگەنىدىم.

- ئورخۇن تەرەپتىن كەلدىم.

- ھە، مۇنداق دېگىن، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئىكەنسەن - دە.

- شۇنداق.

- بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ سودىگەرمۇ سەن ياكى كارۋانچىمۇ؟

- ياق، مەن سودىگەرمۇ ئەمەس، كارۋانچىمۇ ئەمەس. بىر يېتىم مۇساپىرمەن.

بودۇر ساقاللىق كىشى ئىككىنچى چىنىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە تاۋاقتىكى ئۆردەكنىڭ بىر پۇتىنى يۇلۇۋېلىپ ئىشتىھا بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى.

- ھە، مۇساپىرمەن دېگىن، - دېدى ئۇ قۇتادمىشقا قاراپ، - ئۇنداق بولسا بىز بىلەن كەتكىن، قارىسام خېلى قاۋۇل، بولىدىغان بالىدەك كۆرۈنىسەن.

- سىلەر نەگە بارماقچى؟

- فەنياڭغا.①

- فەنياڭ دېگەن نە ئۇ؟

- بۇ يەردىن يىراقتىكى بىر ئايماق.

- ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز؟

بودۇر ساقاللىق كىشى ئۈچىنچى چىنىدىكى مەينىمۇ توختاتماستىن سۈمۈرۈۋەتتى.

- ئىچە! - دەپ ئۇنىلۇك خىتاب قىلدى ئۇ ۋە قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە قاتتىق شاپىلاقلىدى. ئۇ خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى. قۇتادمىشمۇ ئالدىدىكى چىنىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا بوشاتتى.

- يارايسەن! - بودۇر ساقاللىق كىشى قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە يەنە بىر شاپىلاق ئۇردى، - ھەي، سەن تېخى فەنياڭنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن... فەنياڭغا نېمە قىلغىلى بارىدىغانلىقىمىزنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن. بىز فەنياڭغا ئەركىن ياشىغىلى بارىمىز! ئەن لۇشەنگە قوشۇلغىلى

① فەنياڭ - ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يېنىدا بولغان بىر ئايماق.

بارىمىز! ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

— ياق، چۈشەنمىدىم، ئەن لۇشەن دېگەن كىم ئۇ؟

— ئەن لۇشەن دېگەن فەنياڭ دىيارىنىڭ ھىراۋۇلى. ئۇ ھازىر كۆك تۈرك ۋە سوغدىلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، چوڭ ئىش تەۋرەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

قۇتادمىش ئوقايسىزلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.

— ياق... زادى چۈشەنمىدىم.

— ھەي، تازىمۇ ساددا نېمە ئىكەنسەن - دە، — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى، — شۇ ئىشلارنىمۇ بىلمەي نەلەردە يۈرگەن ئەخمەق سەن؟

جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشىۋاتقان ھەقامسايىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئاغىل - تاغىل سۆزلىگىلى تۇردى:

— تازا ساددا نېمە ئىكەن. ھا - ھا - ھا...

— ئورخۇن بويىدىن كەپتۇ ئەمەسمۇ.

— يايلاق، داللاردا يىلقا بېقىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ - دە، ئۇ.

— چوڭ شەھەرلەردە بولىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان - دە.

قۇتادمىشنىڭ مەڭىزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— مەن بۇ شەھەرگە تېخى يېقىندا كەلدىم. بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلەي.

— ھە، بوپتۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي — دېدى ھەقامسايىلەردىن بىرى تەكەببۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا.

ئۇ، بۇ بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە ھەممىدىن ياشراق بولۇپ، كىيىملىرىمۇ باشقىلاردىن يېڭىراق ۋە رەتلىك ئىدى. ئۇچىسىغا سۆسۈن رەڭلىك قىسقا شايى پەشمەت، كۆك بۆز شىم ۋە قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن ھەمدە سىلىق تارالغان ئۇزۇن چاچلىرىنى قىزىل تاۋار ياغلىق بىلەن چىگىۋالغانىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا قىسقا قىرقىلغان قاپقارا بۇرۇتىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن سىلاپ قوياتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئىشقىۋازلارغا خاس سۆلەتۋازلىق چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى ئۇ قۇتادمىشنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە سۆزىنى تەكرارلاپ، — يېقىندا ئەن لۇشەن جاڭئەندىكى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەلەپ قويدى. ئۇ پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك توقلى ياڭ گۈيفېينى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تاڭ شۈەنزۇڭ بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇڭا ئەن لۇشەن ئوردىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ياڭ گۈيفېي بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقاتماقچى.

— بىر توقالنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىش كېتەمدۇ؟ — دېدى قۇتادمىش ھەيران بولۇپ، — پادىشاھنىڭ توقلى بىلەن ئۇ ئەن لۇشەننىڭ نېمە كارى؟

— ھەي، ھەي، ھەي! راست تومپاي نېمە ئىكەنسەن، — دەپ كۈلدى سۆلەتۋاز يىگىت، — ئەن لۇشەنمۇ بۇرۇن ئوردىدا خىزمەت قىلاتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ ئاشۇ ياڭ گۈيفېي دېگەن ئالىي توقال بىلەن ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان. كېيىن پادىشاھ بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئەن لۇشەننى يىراقتىكى فەنياڭ دىيارىغا ھىراۋۇل قىلىپ يۆتكىۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭ گۈيفېي ناھايىتى چىرايلىق ھەم ناھايىتى ھىيلە - مىكىرلىك چوكان ئىكەن. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن. ياڭ گۈيفېي پادىشاھنى راسا كۆيدۈرۈپ ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن، ئوردىدىكى ئۆزىگە ياقمىغان بىرمۇنچە پېشقەدەم ئەمەلدارلارنى ئەيىبلەپ، چېقىشتۇرۇپ، خىزمىتىدىن قالدۇرغان. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئوردىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان. ھازىر نۇرغۇن ئەمەلدارلار بۇ ئىشتىن نارازى بولسىمۇ، پادىشاھتىن قورقۇپ گەپ قىلالمايدۇ. ئەن لۇشەن مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوردىغا يۈرۈش قىلماقچى. ھازىر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر ھەرقايسى جايلارغا قاتناپ، تۈرك ۋە سوغدىلارنى فەنياڭغا بېرىپ ئەن لۇشەن قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ، تومپاي يىگىت؟

— بىراق، ئۇ ئەن لۇشەن نېمە ئۈچۈن تۈركلەر بىلەن سوغدىلارنى توپلايدۇ؟ — يەنە سورىدى قۇتادمىش.

— چۈنكى ئەن لۇشەننىڭ ئاتىسى سوغدى، ئانىسى تۈرك.

— ھە... — دەپ ئاۋازىنى سوزدى قۇتادمىش ۋە چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— ھە، قانداق؟ بىز بىلەن فەنياڭغا كېتەمسەن؟ — سورىدى ھېلىقى بۇدۇر ساقاللىق كىشى يەنە قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ.

— سىلەر ئۆزۈڭلار قايسى تائىپىدىن بولىسىلەر؟ سوغدىمۇ، تۈركمۇ؟ — قۇتادمىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوئال قويدى.

— بىز توگرا قەبىلىسىدىن بولىمىز.

— ئەمىسە ئۇيغۇر ئىكەنسىلەرغۇ.

— شۇنداق، ئۇيغۇرنىڭ توگرا قەبىلىسىدىن.

— ئۇنداقتا، سىلەر ئۇياققا بېرىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— ئەن لۇشەننىڭ قوشۇقى ئىنتايىن جەڭگىۋار قوشۇن. ئۇلار چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ. ئۇلارغا قوشۇلساق زىيان تارتمايمىز، بېيىپ كېتىمىز. سەنمۇ بىز بىلەن كېتەمسەن؟

— ياق، بۇ يەردە ئىشىم بار.

— شۇنچە مۇھىم ئىشمۇ؟

— مەن بۇ يەرگە ئىنەچۇڭ تاي دېگەن بىر كىشىنى ئىزلەپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئادارقىز ئىسىملىك بىر قىزىمۇ بار. ئۇلارمۇ ئىسورخۇن بويىدىن كەلگەن. ئۇلارنى تونۇمسىلەر؟

— ياق، تونۇمايمىز.

قۇتادمىش ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمىدى. بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئورنىدىن تۇردى.

— يىدۇق، ئىچتۇق، ئەمدى چىقايلى، — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— ئەمدى نەگە بارىسىلەر؟ — قۇتادمىشمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى.

— سەيلە قىلىمىز، تاماشا قىلىمىز، — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى، — بۇ شەھەردىن كەتكىچە راسا بىر ئوينىۋالمامدۇق.

ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. قۇتادمىشمۇ ئۆزىنىڭ ئاق قاشقىلىق چىلانتورۇق ئېتىغا مىنىپ ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار مەي ئىچىپ قىزىپ قالغان بولغاچقا، كوچىلاردا ئاتلىرىنى قالايمىقان چاپتۇرۇپ، ۋارقىرىشىپ - تۇۋلىشىپ، مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈشتى، قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ، يولۇچىلارنى قورقۇتۇپ، ئۇچرىغان قىز - چوكانلارنى قوغلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ يۈرۈپ ئاخىر بىر كەڭرى مەيدانغا چىقىپ قالدى.

مەيدانىڭ ئوتتۇرىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان سەھنە بولۇپ، ئەتراپىغا ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى. سەھنىدە قانداقتۇر بىر سەييارە سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويماقتا ئىدى. سەھنىنىڭ بىر چېتىدە سېپتا كىمخاپ لىباسلارنى كىيىشكەن بىر توپ سازەندىلەر چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ باربىت، خارپ، نەي، داپ - دۇمباق قاتارلىق سازلارنى ماھىرلىق بىلەن ياڭراتماقتا ئىدى. سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدا زىلۋا بويلۇق بىر قىز ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى.

قۇتادمىش ۋە ئۇنىڭ يېڭى ھەمراھلىرى ئاتلىرىدىن چۈشمەستىنلا سەھنىگە يېقىن كېلىپ تۇرۇشتى.

— بىردەم ئويۇن كۆرەيلى، بۇ قىز ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئوينايدىكەن، — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى.

ھېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— ياھ، ياھ، ياھ! نېمىدېگەن گۈزەل قىز بۇ! — دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇ شەھۋانىي ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سەھنىگە تىكىلىپ.

— قاراڭلار ئۇنىڭ كۆكسىگە! بەل، ساغرىلىرى نېمىدېگەن قاملاشقان! — دەپ توختىماي كوتۇلدايتتى ئۇ.

ئۇسسۇلچى قىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز كۆپتۈرۈپ ياسالغان قېنىق قوڭۇر چاچلىرىغا ئالتۇن زىخچىلار سانجىلغان، سول چېكىسىگە كەلتۈرۈپ ئىككى تىزنەقچە مەرۋايىت ئېسىلغانىدى. ئۇچىسىدىكى خۇددى تاڭ شەپىقىدەك ھال رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن قىسقا يەڭلىك پىنجىكى ئەۋرىشىم بەدىنىگە يېپىشىپ، قىزنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلاتتى. يەنە شۇنداقلا ھال رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن شىمى بەلدىن تىزىغىچە تار، تىزلىرىدىن باشلاپ كاناي شەكلىدە بولۇپ، ئۇسسۇلنىڭ شوخ ۋە يېنىك ھەرىكەتلىرىگە تازا ماسلاشقانىدى.

سەھنىنىڭ ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلار چىۋەرلىك بىلەن ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن زوقلىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئالقىش ياڭرىتىپ تۇراتتى. تابغاچلار غەربىي يۇرتنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدى.

ئۇسسۇلچى قىز قەلەمدە سىزىپ قويغاندەك قارا قاشلىرىنى ئوينىتىپ، بۇلاقتەك بالقىپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، بەئەينى ئەپسانىۋى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلاردەك جەۋلان قىلاتتى.

— بۇ سەنئەتچىلەر نەدىن كەلگەن؟ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر تابغاچتىن.

— ئۇلار يۇيتيەندىن① كەلگەن، — دەپ جاۋاب بەردى تابغاچ، — يۇيتيەنلىكلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ.

— يۇيتيەن دېگەن قانداق يەر؟ — سورىدى قۇتادمىش بۇدۇر ساقاللىق كىشىدىن.

— تابغاچلار قۇردانى② يۇيتيەن دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بۇدۇر ساقاللىق كىشى.

---

① يۇيتيەن — خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى.

② قۇردان — خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى.

– قۇرداندىن ئېسىل قاشتاشلىرى چىقىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن قاشتېشىدىنمۇ ئېسىل قىزلار چىقىدىكەن، – دېدى ھېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت ۋەھەۋەسلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇسسۇلچى قىزغا قاراپ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن قىسقا قىرقىلغان بۇرۇتىنى سىلاشتۇرۇپ قويدى.

سەھنىدە قۇردان ئۇسسۇلى داۋاملاشماقتا ئىدى. شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىنىۋاتقان ساز ۋە گۈزەل قىزنىڭ نازاكەتلىك ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلماقتا ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت ئېتى بىلەن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ سەھنىگە يېقىنلاشتى.

– بۇ قۇردانلىق پەرىزات ئەمدى مېنىڭ بولسۇن! – دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

ئۇنىڭ ھەقامسايىلىرىمۇ ئاتلىرىنى قامچىلاپ، ھەر تەرەپتىن سەھنىگە يوپۇرۇلدى. ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تاماشىبىنلار قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ ھەريانغا قېچىشتى.

– ۋايجان! قۇتۇلدۇرۇڭلار! – ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ۋەھىمىلىك ۋارقىرىشى ھەممە ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ كەتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە سۆلەتۋاز يىگىت ئېتى بىلەن سەھنە ئۈستىگە چىقتى - دە، «قۇردانلىق پەرىزات»نى نازۇك بېلىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ توغرىسىغا ياتقۇزۇۋالدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى بولغۇچى چار ساقاللىق بوۋاي ۋە سازەندىلەر قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ سۆلەتۋازغا ئېسىلدى. لېكىن باشقا توگرالار ئۇلارنى قامچىلىرى بىلەن ساۋاپ، ئاتلىرىغا دەسسىتىپ، ئۇلارنىڭ بەل ۋە بويۇنلىرىغا ئېسىلغان قاشتېشى بويۇملىرى ھەم پۇل قاپچۇقلىرىنى يۇلۇۋالغىلى تۇردى. ھېلىقى سۆلەتۋاز ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قىزنى ئېلىپ قاچتى. باشقا بۇلاڭچىلارمۇ ئولجىلىرىنى قويۇنلىرىغا تىقىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. سەنئەتچىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن داد - پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ قېلىشتى.

قۇتادمىش بىردىنىڭ ئىچىدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ كۆتۈلمىگەن ۋەقەدىن دەسلەپتە ئېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ قارىسا، تاماشىبىنلار تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، زار قاقشاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈنى كۆيگەن توخۇدەك پالاقلاپ يۈرگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. ئۇ ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنلىرىغا قاتتىق نىقتىدى.

گەۋدىلىك چىلانتورۇق يۇلقۇنۇپ قوزغالدى - دە، توگرا قەبىلىسىدىن چىققان ئاشۇ بۇلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىپىپ كەتتى.

قۇتادمىش قىز بۇلاڭچىسىغا ئاسانلا يېتىشىۋالدى.

– توختا! – دەپ ۋارقىرىدى قۇتادمىش.

قىز بۇلاڭچىسى توختىمىدى. قۇتادمىش ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى ئۇنىڭغا يانداشتى.

– توختا! – دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى ئۇ.

قىز بۇلاڭچىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. قۇتادمىش بىر يانغا ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تارتتى. بۇلاڭچىنىڭ ئېتى قۇتادمىشنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماي توختاشقا مەجبۇر بولدى. قىز ئات ئۈستىدىن سىيرىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

– نېمە قىلماقچىسەن؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ – دەپ ۋارقىرىدى سۆلەتۋاز بۇلاڭچى قۇتادمىشقا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ.

ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئاتلىرى بىر - بىرىگە كۆكرەكلىرى بىلەن سوقۇلۇپ، ئەنسىز كىشنەپ تېپىرلاپ كېتىشتى.

– قىزنى قويۇۋەت، قايتىپ كەتسۇن، – دېدى قۇتادمىشمۇ بۇلاڭچىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ.

سۆلەتۋاز بۇلاڭچىنىڭ قەبىلىداشلىرى ئاتلىرىنى توختىتىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىز ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن چىرايى تاتىرىپ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتكەن ھالەتتە خۇددى قاپقانغا چۈشكەن كېيىك بالىسىدەك دىر - دىر تىترەپ تۇراتتى. ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ ئۇياق - بۇياققا تەمشىلىپ باقاتتى، لېكىن ئۇنى ھەر تاماندىن قورشاپ تۇرغان ئاتلىق كىشىلەرگە قاراپ يەنە ئېچىنىشلىق قىياپەتتە جىمىپ قالاتتى.

قۇتادمىش بىلەن قىز بۇلاڭچىسى ئات ئۈستىدە بىر - بىرىنىڭ يەڭ ۋە ياقىلىرىدىن تارتىشىپ ئېلىشىپ كەتتى. باشقا بۇلاڭچىلار دەرھال قۇتادمىشقا ئېتىلماقچى بولغانىدى، ئۇلارنىڭ بۇدۇر ساقاللىق باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىلۈك خىتاب قىلدى:

– باشقىلار ئارىلاشماڭلار! ئىككى باتۇر مەردلەرچە ئېلىشسۇن!

ھەممەيلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، ئىككىسىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىشتى. بۇ مالىمانچىلىقنىڭ سەۋەبچىسى بولغان قۇردانلىق پەرىزات قانداق قىلىشنى بىلمەي تېكىرقاپ بىر چەتتە تۇرۇپلا قالدى.

ئىككى يىگىت يانغا ئايرىلدى ۋە قوللىرىغا قامچىلىرىنى

ئېلىنىپ، قايتىدىن بىر - بىرىگە ئېتىلدى. ئۇنچىكە تاسمىلاردىن قاتتىق ئېشىلىپ، پۇختا توقۇلغان قامچىلار ئىككى باتۇرنىڭ بەدەنلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغا قاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. مەردلەرچە ئېلىشىش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. بۇ كوچىدا بولۇچىلاردىن بىرەر ئادەممۇ قالمىغانىدى. باشباشتاق توگرالار ئۆز ئادىمىگە مەدەت بېرىپ چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى:

- غەيرەت قىل!

- ئۇرە! بېشىغا سال!

ۋەھالەنكى، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ قار - شۇۋرغانلىرىدا قىيارسىغايدەك مەزمۇت چېنىقىپ ئۆسكەن ئورخۇنلۇق يىگىتنى يېڭىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى قاپلاندەك ئالغا ئېتىلىپ، كەينى - كەينىدىن شىددەتلىك قامچا ئۇرۇپ، قىز بۇلاگچىسىنى سۈرۈشكە باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ دىققەت - ئېتىبارى شۇلارغا مەركەزلىشىپ قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇسسۇلچى قىز يەنە قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇندى، لېكىن توگرالار ئۇنى يەنە توسۇۋالدى.

- قاچما، قىز، - دەپ كۈلۈشتى ئۇلار، - نەگە بارىسەن؟ بۇ ئىككى يىگىتتىن كىم ئۇتۇپ چىقسا سەن شۇنىڭ بولىسەن.

قىزنىڭ بۇلاقتەك ئوخچۇپ تۇرغان مەسۇم كۆزلىرىدىن ئاققان مۇنچاقتەك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاق سۈزۈك مەڭزىلىرىنى بويلاپ تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

شۇ ئەسنادا قۇتادمىش يەككىمۇ يەككە ئېلىشىشتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، رەقىبىگە قاتتىق زەربە بەردى. قىز بۇلاگچىسى ئۇزۇن چاچلىق بېشىغا قامچا يەپ ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇسسۇلچى قىز ھەددىدىن ئاتۇق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا چىرقىراپ كەتتى. توگرالاردىن بەزىلەر بۇرادىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چىققانىدى، بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇلارنى يەنە توختىتىۋالدى.

- ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، - بىر ئادەمگە كۆپ ئادەم ھۇجۇم قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس.

- قىزنى قانداق قىلىمىز؟ - دەپ سورىدى بىرەيلەن.

بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماستىن، قوتادمىشقا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئوغۇل بالا ئىكەنسەن! بىز بىلەن كەتسەڭ بولامدۇ؟

قۇتادمىشنىڭ سول تەرەپ پېشانىسى قامچىنىڭ زەربىسىدىن يېرىلىپ، قاش ۋە قاپاقلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇ يېشىدىكى يېشىل شايى ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ قان داغلىرىنى سۈرتتى.

- ياق، مەن ئۆز ئادەملىرىمنى تېپىشىم كېرەك، - دېدى ئۇ.

- ئۇنداق بولسا، بۇ قىز سېنىڭ بولدى. ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر، باتۇر يىگىت.

سۆلەتۋاز بۇلاگچى يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن قوپتى-دە، بېشىدىن قان ئېقىپ تۇرغىنىغا قارىماي قۇتادمىشقا يەنە ئېتىلدى. بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇنى قاماللاپ تۇتقىنىچە سۆرمىشتۇرۇپ بىر چەتكە ئېلىپ كەتتى. پەقەت شۇندىن كېيىنلا قۇتادمىش قامچىسىنى كەمرىگە قىستۇردى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ، قورقۇپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- ئېتىمغا مىنگىشىڭ، - دېدى ئۇ قىزغا قولىنى سوزۇپ.

ئۇسسۇلچى قىز «ياق!» دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغىنىچە كوچا بويلاپ قاچتى. قۇتادمىش ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتتى - دە، ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ، بىلىكى بىلەن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. ھورى بېسىلمىغان چىلانتورۇق ئات ئۇچقاندەك چاپقان پېتى ئۇلارنى ھېلىقى سەھنە قوپۇرۇلغان مەيدانغا ئېلىپ كەلدى.

سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر پايپېتەك بولۇپ، «قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەپ ۋارقىرىشىپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ، ئاخىر قىلىچ - گۈرزىلەر بىلەن قوراللانغان بىر توپ تابغاچ يايلارنى باشلاپ كېلىشكەنىدى. دەل شۇ چاغدا قۇتادمىش بۇلاپ كېتىلگەن ئۇسسۇلچى قىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. سەنئەتچىلەرمۇ، يايلارمۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقالماي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. قۇتادمىش قىزنى ئات ئۈستىدىن ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى.

يايلار قىلىچ ۋە گۈرزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قۇتادمىشنى قورشىۋالدى.

- ئاتتىن چۈش! نېمە ئادەمسەن؟ - دەپ ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى.

ئۇسسۇلچى قىز ئاران دېگەندە ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ يايلارنىڭ ئالدىنى توسىدى.

- ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار! - دەپ خىتاب قىلدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، - بۇ يىگىت مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ جار ساقاللىق خوجايىنى قىزنىڭ

يېنىغا كېلىپ سورىدى:

― بۇ نېمە ئىش، ئايتولۇن؟ بۇ كىم؟ ئۇ سېنى قانداق قۇتۇلدۇردى؟

― بۇ يىگىت ھېلىقى لەنتى بۇلاڭچى بىلەن بىرگە بىر ئېلىشىپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى.

― ئىسمىڭىز ئايتولۇنمۇ؟ ― سورىدى قۇتادمىش قىزدىن.

― ھەئە، ― دەپ جاۋاب بەردى قۇردانلىق ئۇسسۇلچى قىز بېشىنى ئىرغىتىپ.

― چىرايلىق ئىسمىڭىز بار ئىكەن.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى قۇتادمىشقا قاراپ تۆۋەنلىك بىلەن ئىلتىجا قىلدى:

― مەرھەمەت قىلغايسىز، باتۇر يىگىت. بىزدە مېھمان بولۇڭ، تونۇشايلى.

قۇتادمىش ئاتتىن چۈشتى. يايلار قايتىپ كەتتى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى يىغىلىپ كېلىپ قۇتادمىشنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن، بەزىلىرى قىزىقىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكەتتى.

سەھنە قويۇرۇلغان مەيدانغا چىقىدىغان بىر تار كوچىدا دەرۋازىسى قارا سىرلانغان چاققانغىنا بىر ھويلا بولۇپ، مەزكۇر سەييارە سەنئەت ئۆمىكى شۇ ھويلىدىكى چېدىر شەكىللىك ئۆگزىلىرىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان بىرنەچچە ئېغىز ئاددىي ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى قۇتادمىشنى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىغا باشلاپ كەلدى ۋە چەتتىكى بىر ئېغىز كىچىك ئۆينى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى.

― سىزمۇ بىزگە ئوخشاش مۇساپىر ئىكەنسىز، ― دېدى ئۇ، ― ماقۇل كۆرسىڭىز، بىز بىلەن مۇشۇ يەردە بىللە تۇرۇڭ.

قۇتادمىش ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

― ماقۇل، مەنمۇ يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى خېلى تارتتىم، سىلەرگە ھەمراھ بولاي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەكنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپ، ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا ھەمكارلىشىپ بىرنەچچە كۈنىنى ئۆتكۈزدى. سەنئەتچىلەر سەييارە ئويۇن قويغاندا ئۇ تەرتىپ ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۆمەك خوجايىنى ئۇنىڭ شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشىگە قاراپ مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى ئىرغىتتى.

― بۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي يىگىت ئىكەن، ― دەيتتى ئۇ قۇتادمىشنى ماختاپ.

ھالبۇكى، ئۆمەكتىكىلەردىن قۇتادمىشقا ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلىۋاتقىنى ئۇسسۇلچى قىز ئايتولۇن ئىدى.

― تەلىيىمگە تەگرىم قۇتادمىشنى ئۇچراتمىغان بولسا ئۇ لەنتى بۇلاڭچىلار مېنى نېمە قىلىۋېتەتتىكىن، ― دەيتتى ئۇ، ― قارىسام، بۇ قۇتادمىشنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن، ھەتتا چىراي - تۇرقىدىنمۇ ياخشىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئاجەپمۇ باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەن.

شۇندىن كېيىن بۇ قىز ھەمىشە قۇتادمىشقا يېقىن يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. پۇرسەت چىقسىلا قۇتادمىش بىلەن ئۇنى - بۇنى دەپ پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭغا ھەربىر قارىغاندا چوقۇم ئىللىق كۈلۈمسىرەيتتى. قۇتادمىشمۇ قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى.

ئۆمەك خوجايىنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ۋە بولۇپمۇ ئايتولۇننىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلدى. بىر كۈنى ئۇ قۇتادمىشنى يېنىغا چاقىردى:

― بۇياققا كەلگىنە ئوغلۇم، ― دېدى ئۇ، ― بىز قۇرداندىن بۇ شەھەرگە كەلگىنىمىزگە ئۈچ - تۆت ئاي بولۇپ قالدى. بۇ يىل قىشنى ئۆتكۈزىۋالساق، كۆكلەم كېلىشى بىلەن قايتىمىز. سەنمۇ بىز بىلەن قۇردانغا كەتكىن. قۇردانمۇ چوڭ، گۈزەل شەھەر، كۆنۈپ كېتىسەن.

قۇتادمىش ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن سىلىقلىقچە رەت قىلدى.

― ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ھۆرمەتلىك خوجايىن. لېكىن مەن ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنى تاپمىسام بولمايدۇ. مەن سىزگە بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم.

― ماڭا قارا، قۇتادمىش، ― دېدى يەنە خوجايىن، ― ئايتولۇننىڭ ساڭا كۆڭلى بار. ئۇ مېنىڭ ئاسراندى قىزىم. ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن. مەن ئۇنى سەككىز ياش ۋاقتىدا بېقىۋالغانىدىم. مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇسسۇلچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم. ئۇ بەكمۇ كۆڭلى يۇمشاق ياخشى قىز، كېيىنچە ئۆزۈڭمۇ بىلىپ قالىسەن. ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قوياي.

― راست، ئايتولۇن ياخشى قىز، ― دېدى قۇتادمىش ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ― بىراق، مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنىم بار، ئادارقىزنى تاشلىۋېتەلمەيمەن.

خوجايىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ نېرى كەتتى. ئۇشتۇمتۇت قۇتادمىشنىڭ

33

# روماندىن پارچە

ئارقا تەرىپىدىن ئايتولۇننىڭ ئوتلۇق نىداسى ئاڭلاندى:

— قۇتادمىش!

قۇتادمىش چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئايتولۇننىڭ شەھلا كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمەكنىڭ مال - مۈلكى توشۇلىدىغان سېلىۋەنىڭ يوغان كۆتەك ھارۋىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، خوجايىن بىلەن قۇتادمىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ قۇتادمىشنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قۇتادمىش، — دېدى ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغا ئارىلاش ئاۋازدا، — قۇتادمىش، سەن مېنى ياراتمامسەن؟ سەن مەن بىلەن بەختلىك بولالمامسەن؟

قۇتادمىشنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئايتولۇن، — دېدى ئۇ، — سەن بەك چىرايلىق، بەك ياخشى قىز. سېنىڭ قولۇڭنى تۇتقان ئادەم بەختلىك بولىدۇ... مەن سېنى چۈشىنىمەن، بىراق... سەنمۇ مېنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

— مەن ئاشۇ ئادارقىزغا تەڭ بولالمامدىم؟ سەن ئۇنىڭدىن زادى كېچەلمەمسەن؟

— كېچەلمەيمەن. كەچسەم بولمايدۇ، ئايتولۇن.

ئاردا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىككىسى بىر ئەسناغىچە بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئايتولۇن كەينىگە بۇرۇلدى - دە، يۈگۈرگىنىچە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

قۇتادمىش پەرىشانلىققا چۆمدى. چۈشىنىكسىز بىر خىل ھارغىنلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ۋۇجۇدىنى ئېغىرلاشتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئادارقىز بىلەن ئايتولۇننىڭ شۇنچە گۈزەل، شۇنچە سۆيۈملۈك سىمالىرى ئالمىشىپ، گىرەلىشىپ سۈرەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خۇددى داۋالغۇپ، تىنىمسىز ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدەك تىنچلىقنى يوقاتقان قەلبىگە ئادارقىزغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇسى بىللە يەنە ئايتولۇننىڭ ئاشۇ گۈزەل ۋە ھەسرەتلىك قىياپىتىدىن كېلىۋاتقان ئىللىق ئېقىم سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. سۆيگۈ ۋە دوستلۇق، ئادەمگەرچىلىك ھېسسىياتلىرى قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ يەنە قانداقتۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ ۋە ئازابلىق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلاتتى.

ئۇ كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، لېكىن ئولتۇرغۇسى كەلمەي قوپۇپ كەتتى. «ھۇجرامغا كىرىپ ياتايمۇ؟» دەپ ئويلىدى، لېكىن ياتقۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشى گاراڭ بولغان ھالەتتە ھويلىدىن تالاغا چىقتى. كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا ئۇزۇن قارا چاپان ۋە قارا پوسما كىيگەن قانداقتۇر بىر ياشانغان كىشى ئەتراپىغا ئادەم ئولاشتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. قۇتادمىش قەدەملىرىنى سۆرەپ ئاستا ماڭغىنىچە شۇ يەرگە باردى. قارىسا، ھېلىقى قارا چاپانلىق كىشى ئەسلىدە مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان سەۋدايى ئىكەن. كىيىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خېلى ھاللىق ئائىلىدىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ سەۋدايى بوۋاينىڭ تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىگە قىزىقىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا باشلىرىنى چايقاپ:

— ھەي، ھەي، بۇ بىچارىگە ئۇۋال بولدى، — دېيىشەتتى ۋە ئاز - تولا يېمەكلىك، مىس ياماقلارنى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىپ بېرەتتى.

قۇتادمىش سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر سوغدى كىشىدىن سورىدى:

— بۇ نېمە بولغان ئادەم؟ ھەممىڭلار ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىلەرغۇ؟

يول - يول كىمخاپ تون كىيگەن سوغدى ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

— بۇ كىشى ئەسلى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكاندار ئىدى. يېقىندا بىر بۇلاڭچى ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بۇ بىچارە مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا سەۋدايى بوۋاي تۇيۇقسىزدىن تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن قۇتادمىشنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كۆزلىرىنى قورقۇنچلۇق چەكچەيتكەن ھالدا ۋارقىراپ كەتتى:

— ھا - ھا - ھا... سەنمۇ ئۇيغۇرمۇ؟ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمنى بۇلاپ كەتكەن ھايۋاننى تېپىپ بەر! ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنى تېپىپ بەر...

قۇتادمىش تەمتىرەپ قالدى. ئۇ خەنزۇچىنى بىلمەيتتى. شۇڭا بوۋاينىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمىدى. ھېلىقى سوغدى ئۇنى سەۋدايى بوۋاينىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش.

— ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بۇلاڭچى ئورخۇن تەرەپتىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئىدى، — دېدى سوغدى.

قۇتادمىش سەگەكلەشتى.

ـ سىز ئۇ بۇلاقچىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنى تونۇمسىز؟

ـ ئۇ مەلئۇن قاتىل مۇشۇ بىچارىنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇراتتىم. مەنمۇ بۇ بىچارىنىڭ قوشنىسى.

ـ شۇ بۇلاقچىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

ـ ئۇنىڭ ئىسمى ماسمادار.

گوياكى قۇتادمىشنىڭ بېشىغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، كېكىرتەككە بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

ـ ماسمادار...ـ دېدى ئۇ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بوغۇق ئاۋازدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ـ ئۇنى تونۇمسىز؟ ـ ھېلىقى سوغدى دەرھال سەگەكلىشىپ سورىدى.

قۇتادمىش ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال ياندۇردى:

ـ ئۇ ماسمادار دېگەن مەلئۇن بۇ يەردە كىم بىلەن تۇرغان؟ بىر بوۋاي بىلەن بىر ياش قىز بارمىدى؟

ـ توغرا، توغرا! ئىنەچۈك تاي ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىدى. يەنە ئۇنىڭ قىزى... ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى...

ـ ئادارقىزمۇ؟ ـ يەنە سورىدى قۇتادمىش.

ـ توغرا، توغرا! ئادارقىز. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.

ـ ئۇلار نەگە كەتتى؟ ـ قۇتادمىش ھېلىقى سوغدىنىڭ بىلەكلىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇۋالدى.

ـ سەن ئۆزۈڭ نېمە ئادەم؟ ئۇلار بىلەن نېمە ئالاقەڭ بار؟ ـ سوغدى گۇمانسىراپ سورىدى.

ۋەھالەنكى بۇ يەرگە يىغىلغان باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاپىغاچ بولغاچقا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىدى ۋە ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى. قۇتادمىش «بىكاردىن بىكارغا قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالماي» دەپ ئويلاپ سوغدىغا ئىشنىڭ راستىنى چۈشەندۈردى:

ـ ماسمادار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، ئاندىن ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم ئادارقىزنى ئېلىپ قاچتى. مەن ئۇرخۇن دىيارىدىن ئاتايىن شۇلارنى ئىزلەپ كەلدىم. ماسماداردىن ئۆچۈمنى ئېلىپ، ئادارقىزنى قايتۇرۇپ كەتمەكچىمەن.

سوغدى «ئەمدى چۈشەندىم» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىرغىتتى.

ـ ئۇ ماسمادار دېگەن بەك ياۋۇز نېمىكەن، ـ دېدى ئۇ.

قۇتادمىش ئۈمىد ۋە پىلىنىش مەنىلىرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن سوغدىغا تىكىلىپ قارىدى.

ـ ئۇلار ھازىر نەدە؟ نەگە كەتتى؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا راستىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

سوغدى ئەمدى قۇتادمىشقا ئىشەنگەنىدى. شۇڭا ئۆزى بىلىدىغان گەپنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردى:

ـ ئۇ ماسمادار دېگەن بۇلاقچى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچە ئالىقانات سوغدى يىگىتلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، «ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىمىز» دەپ يۈرۈشكەنىدى. ئاڭلىسام، ئۇلار شۇ مەقسەتتە فەنياڭ دىيارىغا كېتىپتۇ. ماسمادار ئاۋۇ بىچارە بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بۇلىغان كۈنىلا يوقالدى. بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى ئالىقانات يىگىتلەرمۇ شۇ كۈنىلا يوق بولۇشتى.

ـ ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادار قىز ئۇنىڭ شۇنچە ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە فەنياڭغا كېتىشكە ئۇنىغانمىدۇ؟ ـ دەپ خىتاب قىلدى قۇتادمىش.

سوغدى «بۇنى بىلمەيمەن» دېگەننى قىلىپ، مۈرىلىرىنى قىسىپ ئۈنچىقمىدى. قۇتادمىش ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى.

ـ رەھمەت سىزگە، ـ دېدى ئۇ ۋە كەينىگە بۇرۇلدى-دە، يۈگۈرگەندەك مېڭىپ ھويلىغا قايتىپ كىردى.

قۇردانلىق سەنئەتچىلەر قۇتادمىشنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى. قۇتادمىش ئۇدۇل ماڭغىنىچە ئۆمەك خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. خوجايىن كاڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى.

ـ نېمە بولدۇڭ؟ ـ دېدى ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ. چىرايى ئۆزگىرىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان قۇتادمىش خوجايىنغا تىكىلگىنىچە ئىشىك تۈۋىدە توختاپ قالغانىدى. ئۇ گوياكى قانداقتۇر بىر غايەت زور بالا ـ قازا ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئادەمدەك ياكى يىراق يولدىن توختىماي يۈگۈرۈپ كەلگەندەك چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ گەپ قىلالماي تۇراتتى. خوجايىن ياتقان يېرىدىن قوپۇپ، چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى.

ـ نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ قايتا سورىدى ئۇ، ـ كېلە، بۇياققا كېلىپ ئولتۇر.

ـ خوجايىن، مەن كېتىدىغان بولدۇم، ـ دېدى قۇتادمىش تۇرغان يېرىدىن قوزغالماستىن.

# روماندىن پارچە

— نېمە، نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — خوجايىن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەستىن ئالدىراپ سورىدى، — كېتىدىغان بولدۇم دەمسەن؟ نەگە كېتىسەن؟

قۇتادمىش ئۆزىنى نەستە بېسىۋېلىپ، ئىمكانقەدەر تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە تىرىشتى:

— ئىنەچۇك تاي بىلەن ئادارقىزنىڭ دېرىكىنى ئالدىم. ئۇلار فەنياك دېگەن يەرگە كېتىپتۇ. ئەمدى مەنمۇ فەنياكقا بېرىپ ئۇلارنى تېپىشىم كېرەك.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — دېدى خوجايىن ۋە ئەمدى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بېشىنى ئىرغىتتى، — ھە، شۇنداقتىمۇ ئالدىرىما، بۇياققا كېلىپ ئولتۇر، مەسلىھەتلىشەيلى.

قۇتادمىش كاتقا چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ھېلىقى سوغدى كىشىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— بوپتۇ، ئەمسە بارغىن، — دېدى خوجايىن ئاخىر، — بىراق، فەنياكقا قانداق بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەن ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باققانمۇ؟

— ياق، بېرىپ باقمىغان. خەقتىن سوراپ تېپىپ بارمامدىم.

— ئۇنداق قىلساڭمۇ بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى، فەنياك دىيارىغا بارىدىغان ئادەملەرنى تاپايلى. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇ شەھەردە تۇردۇق، ئەمدى يەنە بىر - ئىككى كۈن ئارتۇق تۇرۇۋەتسەڭ ھېچنىمە بولمايدۇ.

شۇندىن كېيىن خوجايىن بىلەن قۇتادمىش ھويلىدىن بىللە چىقتى. خوجايىن قۇتادمىشنى ئۆزى تونۇيدىغان بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە دۇكانلىرىغا باشلاپ باردى، «ھەممە يەردە فەنياكقا بارىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ سۈرۈشتۈردى. ئاخىر، كەچ كىرگەن مەزگىلدە ئۇلار فەنياكقا قاتنايدىغان بىر سوغدى سودىگەرنى تاپتى.

— يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز، — دېدى سودىگەر، — فەنياكقا بۇغداي، قوناق، تېرىق توشۇيمىز: ئۇ يەردە ھازىر ئاشلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ. ھىراۋۇل ئەن لۇشەن جاي - جايلاردىكى زېمىندار ۋە سودىگەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە ئاشلىق جۇغلاۋاتىدۇ.

— ھە، ياخشى بولدى، باي سودىگەر، — دېدى ئۆمەك خوجايىنى، — مانا بۇ يىگىتنى كارۋىنىڭغا ئېلىۋالغىن، ئۇنى قورۇقچى چەۋەنداز قىلساڭمۇ، ئات - تۆگىلىرىڭنى باقىدىغان چاكار قىلىۋالساڭمۇ بولىدۇ، قانداق ئىشقا سالساڭمۇ يارايدۇ، چوقۇم رازى بولىسەن.

سودىگەر ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرغان قۇتادمىشقا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ بىر قارىۋالدى.

— ھە، ماقۇل، ئالسام ئالاي، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ئېتى بار ئىكەن، يەنە قىلىچ - خەنجەرلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۆزىسىمۇ خېلى قاۋۇل، بېجىرىم كۆرۈنىدۇ. ئىشلەشنى خالىسا ئاش - تامىقى مەندىن بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىش ھەققى بېرەلمەيمەن.

— ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، پەقەت فەنياكقا بېرىۋالسام بولدى، — دېدى قۇتادمىش.

— ئەمسە كېلىشتۇق، — سودىگەر بۇنداق بىكارغا ئىشلەيدىغان «ئەخمەق»نى تاپقىنىدىن ئىچىدە خۇش بولۇپ دەرھال ماقۇل بولدى.

ئېيتقاندەك، سوغدى سودىگەر بىلەن كېلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئاق كۆكۈل قۇردانلىق سەنئەتچىلەر قۇتادمىشنى ئۇزىتىپ چىقتى. ئۆمەك خوجايىنى قۇتادمىشنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ قۇچاقلىدى.

— ئاق يول بولسۇن، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ.

قۇتادمىش ئايتولۇننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاق يول بولسۇن، — دېدى قىز بوش ئاۋازدا.

شۇ تاپتا قۇتادمىشنىڭ ئايتولۇنغا نۇرغۇن - نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ھەرقانداق گەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ياخشى نىيەت، سەممىمىي تىلەكلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئايتولۇننىڭ شۇنچە گۈزەل ۋە شۇنچە مىسكىن رۇخسارىغا قاراپ بىر ئەسناغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ئاستاغىنە ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، خۇددى سىڭلىسىنى سۆيگەن كۆيۈمچان ئاكىسىدەك مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى.

— بىز ياخشى دوست بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئۇ، — مۇقەددەس روھلار يولىمىزنى بىر قىلسا كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز. ئامان بولغىن ئايتولۇن، ئۇماي ئانىمىز بەختىڭنى بەرسۇن.

— مەن سىزنى ئۇنتۇمايمەن، قۇتادمىش، — دېدى ئايتولۇن ۋە ئاشۇ چىرايلىق يوغان قوي كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— ھەي، ھەي! تېزرەك خوشلىشىڭلار، ماڭدۇق ئەمسە! — دەپ توۋلىدى سوغدى سودىگەر.

كارۋان قوزغالدى. قۇتادمىش ئۆتۈكەن باغرىدىن تارتىپ ئۆزىگە سادىق ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان چىلانتورۇق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە بېرىپ كارۋان ئەھلىگە قوشۇلدى.

# كومپيۇتېر، سۆزلۈك دۇنيا، بېكىنمە پوقرا



(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

بەزىدە ئىچىم قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، مۇشۇنداق چاغلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى پات - پات يۈز بەردى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، سەن ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە، ساڭا پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولۇشقا تېگىشلىك سۈكۈت قىلىش ھوقۇقىڭنىمۇ قوغدىيالماي قالىسەن. سېنى پەقەت قورساق قايغۇسىغىلا سېلىپ قويغان رېئاللىق ئۆزىنىڭ ئەدەپسىز قوللىرى بىلەن ئەمدىلا سۆزلۈلۈشكە باشلىغان دىققىتىڭنى قوچۇۋېتىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۆز «سۈكۈت»ىڭگىمۇ ئۆزۈڭ ئىگە بولالماي قالىسەن.

«سۈكۈت» زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى، سەن بۇ چاغدا رېئاللىققا نىسبەتەن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارالمايسەن، بەلكى رېئاللىقنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلەر مەنۋىيىتىڭنى تالان - تاراج قىلىپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە تاشقى دۇنيانىڭ تەرەققىيات سادالىرى سېنى قورشاۋغا ئالغان، ئۇ يەردىكى يېڭىلىقلار سېنى ھەيرەتكە سالغان، سەن دۇنياغا ئېرىشمەن دەپ ئېرىشەلمىگەن. دۇنيا قانداقتۇر بىر شەكىلسىز تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە سېنى ئەلەمنىڭ كۆندەشلىككە قويغان...

بۇنداق چاغدا پىكىر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ سەن تېز ئۆزگىرىۋاتقان، ئۇچۇرلار پارتلاۋاتقان دۇنيا تەرىپىدىن ئۈگىلەنگەن تىنجىق قورۇغا ئوخشاپ قالدىڭ. سېنىڭ ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئەقلىڭ رېئاللىققا نىسبەتەن مول بولۇشى، ئۆزۈڭنى روھىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىدا كۆرۈشۈڭ، يەنى كۆز ئالدىڭدىكى ھەر بىر شەيئىدىن ئۆزۈڭنى ياپقىيالىشىڭ كېرەك. بىراق ھەقىقىي دۇنيا سېنى تاشلىۋېتىدۇ. سەن ئويدۇرۇپ چىقىلغان ساختا رېئاللىق تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئەھۋالدا، پايانسىز ئېقىندا لەيلەپ كېتىۋاتقان ئوت - چۆپكە ئايلىنىپ قالىسەن. شۇنداق ئىكەن، سەن ئۆز ئىدىيەڭنىڭ غالىب جاكارچىسى بولالامسەن؟ ياناپىن. بۇنداق چاغدا سەن بىر قورت، ھەتتا سېنى ئوراپ تۇرغان ياغاچنى ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزۈڭنى يەۋاتقان قورت.

ئادەم ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىدىغان پائالىيەتچى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ قۇرتقا ئايلىنىپ قېلىشى جىنايەتتىن دېرەك بېرىدۇ. دۇنيا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تاپشۇرۇلغان.

ئىچىم نېمە ئۈچۈن قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن شۇك بولۇپ قالىمەن؟ نېمە ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ؟ مەن ماھىيەت بىلەن ھەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن. قەلەم ۋە پىكىر قىلىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەت ۋە خەلق ئالدىدا ھېساب بېرىشتۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا مىليونلاپ كىتاب - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ. مىلياردلاپ تېلېۋىزور ئىنسانىيەتنىڭ دىققىتىگە جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، مىلياردلاپ رادىئو قۇلاق پەردىمىزنى تەۋرىتىپ تۇرىدۇ، مىليونلاپ گېزىت بىزنى ئۆز تەسىرىگە ئالىدۇ. كىنو، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، تېلېگرامما، داۋراڭ (ئېلان سەنئەت)، پوچتا ماركىسى، ھۆججەت، دوكلات، ئۇقتۇرۇش، شوئار، خەت - چەك دېگەندەك نەرسىلەر شىددەتلىك ياغقان قار ئۇچقۇنلىرىدەك ھايات بوشلۇقىمىزنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بىز بۇلارنىڭ قانچىلىكىنى كۆرەلەيمىز؟ ئېيتىلىشىچە، تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى بۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇچۇرلارنىڭ ئاران بەشتىن بىر قىسمىنى تارقىتىش دائىرىسىگە ئالالايدىكەن. روشەنكى، پەن - تېخنىكا يۈكسەلگەن، ئۇچۇر يوللىرى راۋان بولغان غەرب ئەللىرىدىمۇ ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كۆپ قىسمى نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېتىدىكەن. كانادالىق كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى Derrick de KenI Derrick de Kerckhove (دېرىك دى كېركخوۋ)نىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئىنتېرنېت (Internet) بۈگۈنكى

شارائىتنىڭ ئۆزىدە سېكۇنتىغا 20 مىليون ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، پات كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا بىر مىليارد ئۇچۇر يېتكۈزىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈلىدىكەن. روشەنكى، بىر ئېنتېرنېتنى ئىلىم قامۇسى دەپ سۈپەتلىسەك، بۇنداق زور كۆلەمدىكى ئۇچۇرنى ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قامۇس ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان. مەزكۇر ئېلېكترون قامۇس ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، بىلىم مىقدارىنى بولسا داۋاملىق ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بارىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى پەقەت ئىنسانىي سەزگۈ ئورگانلىرىمىز (كۆز، قۇلاق، تېرە، مېڭە) بىلەن كۆزىتىۋاتقان بىزدەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىق مەڭگۈ سىرلىق پېتى قېلىۋېرىدۇ. دۇنيانىڭ سەزگۈ ۋاستىلىرى كۆپىيىپ ئىنسان ئىقتىدارىدىن تالاي ھەسسە ھالقىغان بۈگۈنكى دۇنيادا بىز ئۆزىمىزنىڭ رېئاللىقنى ھايۋانلارغا خاس ئىپتىدائىي سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن كۆزىتىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدۇق.

تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىكى ئاممىۋىلىق شەخسىي تاللاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوقاتتى. ئۇ سىياسەت، ئىقتىساد، تەشۋىقات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا، كىشىلەردىن ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى. كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ۋاقتى، يۆنىلىشىنى يۇقىرىقىدەك مۇئەسسەسەلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتتى. داۋراڭ (ئېلان) نومۇرلىرى، تەشۋىقات نومۇرلىرى قاتارلىقلار تېلېۋىزور ئالدىدىكى ئادەملەرنى ئىستېمالچى قاتارىدا ياكى سىياسىي يۆنىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوبيېكت دەپ بىلدى. ئاخىرقى ھېسابتا تېلېۋىزور دۇنيا ھەققىدىكى كۆزنەك بولالمىدى، كىشىلەر تېلېۋىزورنى ئەمەس، تېلېۋىزور كىشىلەرنى كۆزەتتى.

تېلېفون ۋە يانفونلار كىشىلەرگە ئالماشتۇرۇش جەھەتتە نىسبەتەن خاسلىق ئېلىپ كەلگەن بولدى. كىشىلەر بۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. پىكرىنىڭ تۈسى، مەزمۇنى ۋە ۋاقتى قاتارلىقلارنى نىسبىي ھالدا (بەزى جەمئىيەتتە تولىمۇ چەكلىك) بەلگىلىيەلەيدۇ. سودا ۋە سۆھبەت ئىشلىرى مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ئىرادىسىگە باقىدۇ. بىراق تېلېفون ۋە يانفونلاردىكى چەكلىمىلىك يەنىلا زور. سىز كۆرۈشتىن ئېرىشىدىغان نۇرغۇن ئۇچۇرلاردىن قۇرۇق قالىسىز. ئۇ سىزنىڭ ھېسابلاش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا سىز كۈتكەندەك پاس چىقىرىپ بېرەلمەيدۇ.

تالانتلىق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تالانتنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت بولمايدىكەن ياكى ئۇنىڭ تالانتى جارى بولالمايدىكەن ئۇ ھالدا بۇ تالانت ئىگىسى لۈكچەك، ھاراقكەش ياكى جىنايەتچى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. تالانت ئادەمدىكى مەنىۋى يېقىلغۇ، ئۇنىڭ كۆيۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك ھاۋا ۋە بوشلۇق كېرەك. بۇ بوشلۇق بولمىسا، تالانت ئىگىسى پارتلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ پارتلىشى تۇپەيلى باشقا يەرلەرگىمۇ ئوت تۇتىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق ئادەمدە مەلۇم نىسبەتتە ئىجادىيلىق بولىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن، دېموكراتىك جەمئىيەت تۇغما ئىجادىي روھقا نىسبەتەن كەڭرى پۇرسەت بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ مۇھىتتا جارى بولىدۇ. تېلېۋىزور، تېلېفون، چاقىرغۇ دېگەنلەر بىر مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ئۇسكۈنىلىرى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ روھىي ئۇلۇك ئاۋامغا ئۈنچىلىك جانلىنىش ئېلىپ كېلىشى ناتايىن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تېلېفون، چاقىرغۇ قاتارلىق نەرسىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۇقراسى ئۈچۈن سودا، دوستلۇق، ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە قولايلىق قورال بولۇش بىلەن بىرگە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن بەزىبىر قولايسىزلىقلارنىمۇ تۇغدۇردى.

بىزدە شۇنداق تارىخچىلارمۇ ۋە شۇنداق جەمئىيەتشۇناسلارمۇ بولۇشى كېرەك، ئۇلار تېلېۋىزور، ھاراق، تورت، تېلېفون، چاقىرغۇ، پىۋا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىغا، ئەخلاق قارىشىنىڭ، قىز - يىگىتلىرىنىڭ ساپاسىغا، ئۆرپ - ئادىتىگە، ماتارىپقا ۋە ئاخىر ئىستىقبالىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشى كېرەك. ئۇلار ئەمدى تارىخنى قولىيازمىلار، ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار، مەشھۇر شەخسلەر ۋە ۋەقەلەر ئارقىلىق بايان قىلىش بىلەن چەكلىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن يۈكسەلگەن ھالدا جەمئىيەتتىكى ئۇچۇر قوراللىرىنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تەقدىردىكى بەلگىلەش رولىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە لىنىيىسىگە ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئىچكىرىلەپ كىرگەن 18 ياشلىق يىگىتنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتى پەخرلەندى. قۇدرەتلىك ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان شانيۇ - شۆھرەتلىك بوۋىمىز ئاتىللا بۈگۈنكى شارائىتتا ئەينى دەۋردىكى باتۇرلۇقى بىلەن ھەرگىزمۇ ئاتىللا بولالمايدۇ. ھەربىر دەۋر ئۆزىگە لايىق ئاتىللانىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتىدۇ. بۈگۈنكى شارائىتتا كومپيۇتېر تاختىسىدىكى بىر كونۇپكا ياكى

سىزنىڭ مەلۇم بىر بارمىقىڭىزدىكى يەڭگىل بىر كۈچ بىر رايوننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. ئەمدى بىز «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» دېگەن گەپ بىلەن «بىلىم - كۈچ» دېگەن گەپنىڭ سالمىقىنى ئوبدان سېلىشتۇرۇشىمىز ۋە تەدبىقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مەن بىر شائىر. بىراق مەندىكى ئەقىل، تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى تىنىمسىز تالىشىۋاتقان دۇنيا شېئىر ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ساپ تەبىئەتنى قوغلىۋەتتى. ئەگەر مەن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي قوۋۇقى (بېيمېن)دىن دۆڭكۆۋرۈككىچە ماڭىدىغان بولسام تۈرلۈك پىلاكاتلار، خەتلەر، ئاۋازلار، بەلگىلەر مېنىڭ كۆزۈمگە تاشلىنىپ، دىققىتىمگە ئىستىلا يۈرگۈزىدۇ. ئەگەر مەن مىنىبۇسقا چىقىپ ماڭسام دورا ۋە ئىچىملىكلەر ھەققىدىكى داۋراڭلار كۆزۈمگە چۈشىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىياپىتى، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ئۈچۈر جەمئىيىتىنىڭ ۋاسىتىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ماركىلىرى، ئۇلاردىكى خەتلەرنىڭ مەنىسى سىزنىڭ كاللىڭىزغا سىجاپ تۇرىدۇ. دېمەك، مەن ئارام ئېلىشقا، پىكىر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەستىنلا تاشقى دۇنيا غىدىقلىرى داۋاملىق يەڭگۈشلىنىپ تۇرىدۇ. ئارامخۇدا ۋاقىت بولمايدۇ. مېنىڭمۇ ئۈچۈر ئىشلىشىمگە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. سەن ئارام تاپىدىغان چىملىقلار، ئورمانلار، تاغلار، سالقىن سۇ بويلىرى بۇ يەردە يوق. بۇ نەرسىلەر شەھەرلەردە ئاللىقاچان تاۋارغا ئايلىنىپ كەتكەن. سەندە روھىي مۇۋازىنەت يوقالغان، رېئاللىق بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ تېز يۈز بېرىۋاتقان ياتلىشىشنى كۆرگەن، كۆز ئالدىڭدىكى رېئاللىقنى سەن ئۆزۈڭ ياراتقان بولماستىن، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ياساپ كەلتۈرۈپ چىقىلغان ئەھۋالدا شائىرنىڭ دۇنياسى قانداقمۇ ھەرىكەتكە ئۆتسۇن! دەل مۇشۇ شائىرنىڭ قۇلىقى، كۆزى، يۈرىكى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان خەلق ئۈچۈر دەۋرىنىڭ پالەچ ئىستېمالچىسى بولۇپ قالغان شارائىتتا، شائىرنىڭ ۋىجدانى تەنتەنىلىك مۇراجىئەتكە ئۆتسۇنمۇ؟! مېنىڭ «ئىستېمالچى» دېگەن سۆزۈم خەلقىمىزگە نىسبەتەن تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئۈچۈر ئىستېمال قىلىش بىر زامانىۋى مىللەتكە مەنسۇپ ئىش. زامانىۋى مىللەت قانداق بولىدۇ؟

«زامانىۋىلىك» ھەققىدە 1960 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالىملارنىڭ «زامانىۋىلىك» ھەققىدىكى بىردەك پىكرى مۇنداق بولغان (لى مىڭ تۈزگەن «جۇڭگو كرىزىسى» دېگەن كىتابقا قاراڭ. ئىسلاھات نەشرىياتى. 1998 - يىل 12 - نەشرى).

(1) شەھەر نوپۇسى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، ھەرقايسى جەمئىيەت ئارماقلىرى مەركەزلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ.

(2) ئېنېرگىيە كۈچىدىن يۇقىرى سەۋىيىدە پايدىلىنىلغان، تاۋارلار كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇلغان، ئاممىۋى مۇلازىمەت ھەممە يەرنى قاپلىغان بولىدۇ.

(3) جەمئىيەت ئەزالىرى كەڭ تۈردە يارىدى - كەلدى قىلىشقان، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارغا ھەر تەرەپلىمە ئارىلاشقان بولىدۇ.

(4) يەرلىكچىلىك ۋە مىراسخور گۇرۇھلار يىمىرىلگەن، شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى پائالىيەتچانلىقى كۈچەيگەن بولىدۇ.

(5) دۇنياۋى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان، كىشىلەرنىڭ مۇھىتقا قارىتا مۇستەقىللىقى ماڭارىپ بىلەن ئۇنىڭ تاناسىپ ھالدا كېڭەيگەن بولىدۇ.

(6) قاتناش ۋە ئاخبارات تورلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان بولىدۇ.

(7) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ رولى كۈنسايىن پارچىلانغان بولىدۇ ۋە كۆپ خىللاشقان بولىدۇ.

(8) دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت كەڭ قانات يايغان بولىدۇ.

بىز يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك مەزمۇنغا ئۆزىمىزنىڭ رېئال ھالىتىنى تەدبىقلاپ باقايلى. شۇنى روشەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز، بىز «زامانىۋىلىك»تىن كۆپ يىراق.

بىز ئوتتۇرا ئەسىر ئىگىلىك شەكلىدە تۇرۇپ ئىنتېرنېت دەۋرىدە ھېچقانداق كرىزىس ھېس قىلماي ياشاۋاتقان بىغەم كىشىلەرمىز. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، بىز ۋەيران بولغان مىللىي ئەقىدە ۋە مەدەنىيەتنىڭ خارابىسىدىكى ئۆلۈم ئۇسۇلىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئويناۋاتىمىز.

ئەلۋەتتە، 21 - ئەسىردىكى دۇنيانىڭ زامانىۋىلىققا قويغان تەلىپى 60 - يىللاردىكى سەۋىيىدە تۇرمايدۇ. مۇشۇنداق بىر جىددىي تەقەززالىقنى ئويلىغاندا پەيدا بولغان ۋەھىمە كىشىدىكى روھىي تىنچلىقنى بىراقلا بىسىجىت قىلىۋېتىدۇ - دە، تىت - تىتلىق، بىئاراملىق ئۆرتەشكە باشلايدۇ.

مانا بۇ مېنىڭ ئاۋاكىلىقىم، مانا بۇ مېنىڭ جىمجىتلىقىم، مانا بۇ مېنىڭ شۈك بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى.



گېرمانىيە يازغۇچىسى Erwim Sfrittmatter نىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئەگەر مەن بەزىدە سۈكۈت قىلمىسام تۇرمۇش مەندىن كۈتكەن تەلەپ ۋە ئۈمىدلەرنى ئاڭلىيالمىغان بولاتتىم».

روشەنكى، سۈكۈت ئىچكى تاپشۇرۇق قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى شەكلىدۇر. ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سەن سۈكۈت قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغدا سېنىڭ ئورنۇڭ جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان، سەن بولساڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئوبيېكتىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بولىسەن.

ئۇچۇر دەۋرى تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن سەندە قانداق سەزگۈ بولۇشى كېرەك؟

ئاۋستىرىيە فىزىكا ئالىمى ماخ ئۆزىنىڭ «تۇيغۇلار تەھلىلى» دېگەن كىتابىدا «ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشى تولىمۇ مۇجمەل» دېگەن بىر سۆزنى ئېيتىدۇ، ئارقىدىنلا رىبوت ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ «ئورتاق تۇيغۇ ئۆزلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىل» دېگەن سۆزىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ماخنىڭ قارىشىچە، ماددا تۇيغۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ دەۋاتقان ماددا رەڭ، ئاۋاز، تېمپېراتۇرا، بېسىم، ماكان، زامان بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، يەنە ھېسسىيات، ئىرادە، تۇيغۇ قاتارلىقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا «ماددا» دېگەندە، مەزكۇر ئۇقۇم يۇقىرىقىلارنىڭ ئورتاق بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىنساندىكى ئۆزلۈك (自我) مۇئەييەن مەنىدە ماددىي مەۋجۇتلۇق بىلەن بولغان بىرلىكنى شەرت قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋلادىمىر نابوكوۋ «رېئاللىق ئىنتايىن سۇبيېكتىپ نەرسە» دەيدۇ. بۇ گەپتىن ئايانكى، ئىنساننىڭ رېئاللىق دەۋاتقىنى دۇنيا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. روشەنكى، دۇنيا تامامەن سۇبيېكتىپ نەرسە ئەمەس. ئەلۋەتتە، تامامەن ئوبيېكتىپ نەرسىمۇ ئەمەس.

بىر ئادەمدە تەبىئىي رەۋىشتىكى بىئولوگىيىلىك سەزگۈ بولىدۇ. م: ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش قاتارلىقلار. بۇ ئىقتىدار بىر دوكتور بىلەن بىر تىلەمچىگە نىسبەتەن ئوخشاش تەقسىملەنگەن (پۈتۈن ئورگانىزمى ساق بولۇش شەرتى ئاستىدا). بىراق ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىقتىداردىن پايدىلىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر ھۈنەرۋەن، بەزىلەر سەنئەتكار، بەزىلەر ئالىم بولدى. بەزىلەر بولسا ئىپتىدائىي ئىنسان پېتى تۇرىۋەردى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى دەل ئەنە شۇ ئىقتىدارنىڭ تەشكىللىنىشى، پىششىقلىنىشىغا يارىشا كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا، تەبىئىي سەزگۈ ئىقتىدارى بارلىق ئىقتىدارنىڭ ئاساسى، بارلىق تەرەققىياتنىڭ خېمىرتۇرۇچى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئىقتىداردىن پايدىلىنىشىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن سەۋىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىنساندا يەنە 6 - خىل سەزگۈمۇ بولىدۇ، بۇ دەل پىكىر سەزگۈسى، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل دەرىجىسى دەل مۇشۇ سەزگۈدە بىۋاستە نەتىجىلەندى. دېمەك، پىكىر سەزگۈسى ئىنساندىكى بىئولوگىيىلىك سەزگۈنىڭ پىششىقلىنىشىدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى تەرەققىياتلار مۇشۇ سەزگۈگە كېرەك بولىدىغان ۋاستىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلاندى. م: تېلېسكوپ، مىكروسكوپ دېگەنلەردەك. بۇ ئۈسكۈنىلەر ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان سەزگۈسىنى كېڭەيتتى. ئىنسانلار ئۇ ئارقىلىق ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ كىچىك نەرسىلەرنى كۆزەتتى، چۈشەندى ۋە ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇردى. دوربۇن كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتتى. تېرمومېتىر تېرە سەزگۈسىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتتى. سىمسىز تېلېفون ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، پەن سەزگۈلەر جۇغلانمىسىدىن يېڭى ئىلمىي تەسەۋۋۇرلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، تېخنىكا (ھۈنەر) بۇ تەسەۋۋۇرنى مەلۇم ئۈسكۈنە ۋاستىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ئۆزى ئۈچۈن تامامەن سىرلىق بولغان قوينىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. ھەر قانداق بىلىش ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن ئىنتىلىشىدۇر.

بۈگۈنكى جاھانگىرلىك رىمىن ئىنگىلىش ۋە يەر ئېچىشتا كۆرۈلەتتى. بىقىنقى جاھانگىرلىك بايلىق توشۇش، بازار ئىگىلەش رىقابىتىدە كۆرۈلدى. بۈگۈنكى زامانىۋى

جاھانگىرلىك مېڭىنى قىزىش ئارقىلىق يارىتىلغان بايلىقنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇملاشتۇرۇشنا كۆرۈلمەكتە. ئىككى قۇلىقىمىز ئۇتتۇرىسىدىكى بوشلۇق دۇنيادا تېخى ھېچكىم يۇرۇش قىلمىغان بوز يەر. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى مۇشۇ بوز يەرنى ئىگىلەشكە قاراپ ماڭماقتا.

«مەدەنىيەتنىڭ تېرىسى» (The Shinof Culfure) نىڭ ئاپتورى كېزكخوۋ كومپيۇتېر پەيلاسوپى ماكلوخاننىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى كىتابىنىڭ تېتولىغا يازغان: «ئېلېكترون دەۋرىدە ئىنسانىيەت بىزنىڭ تېرىمىز سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ». بۇ سۆز قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ «دۇنيا مېنىڭ ۋۇجۇدۇم، ئادەملەر مېنىڭ ھۇجەيرەم» دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالىدۇ. سەنئەتكارلار بىز پۈتۈن ئالەم بىلەن تۇيغۇمىز ئارقىلىق سۆھبەت ئېلىپ بارىمىز دېيىشىدۇ، بۇ گەپ ئەۋلىيالار ئېيتىدىغان ئىنسانلار، ئەرۋاھلار، دەل - دەرەخ، گىياھلار، ھەتتا يىراقتىكى غۇۋا يۇلتۇزلار بىلەن روھىي تىلدا سۆزلىشىپ تۇرىدۇ دېگەن سۆزى بىلەن بىردەك. ئامېرىكىلىق مەشھۇر سەنئەتكار مايكىل جېكسۇننىڭ مۇنۇ سۆزى تېخىمۇ تېپىكلىككە ئىگە: «مەن ناخشىلىرىمنى ئۆزۈم يازمىدىم، بەلكى ئۇلارنى ئەرشتىن قوبۇل قىلدىم. چۈشۈمدە ئەرش خەلقى ماڭا سۆزلەيدۇ، مەن ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلارنى خاتىرىلەپ ئالىمەن. مەن ئۇشتۇمتۇت بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن. بۇ گەپلەرنى ئۆزۈم ئويلاپ چىققان ئەمەس، مەن بۇ گەپلەرنى قوبۇل قىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن، خالاس».

مۇقامىغا يەتكەن بىر ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك تىل بىلەن سىر ئېيتىدۇ، دۇنيا بۇ كىشىگە نىسبەتەن پايانسىز كەتكەن دەرسخانا. بۇنداق مۆجىزىلەر تارىختىكى پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ناھايىتى روشەن ئىسپاتلانغان. بىتخوۋېن قاتتىق تاشتىن قوپۇرۇلغان بىنادىنمۇ مۇزىكا ئىشىتكەن.

قارىساڭ، دۇنيا چەكسىز كەتكەن روھىي ماگنىت مەيدانىدەك كۆرۈنىدۇ. دۇنيانىڭ قايسىبىر چېتىدە بىراۋ ئويلىغان مەسىلىنى يىراق بىر چەتتىكى بىراۋ راۋاجلاندۇرۇۋاتقان بولىدۇ. سەن بىلمەيدىغان بىراۋنىڭ ئىشتى سېنىڭ چۈشۈڭگە بېشارەت بولۇپ كىرىشى مۇمكىن. سېنىڭ تۇغقۇنۇڭ خوتەندە قازاغا يولۇقسا سەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن، بۇ چاغدا سېنىڭ روھىڭ قانداقتۇر بىرنەرسىدىن لەرزىگە كەلگەندەك بولىدۇ، سەن ئۆزۈڭمۇ بىلمىگەن ھالدا سىرلىق پەرىشانلىققا پاتىسەن. سېنى قارا بېسىشى مۇمكىن... ۋەھاكازالار. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىنى ئاختۇرساڭ يىراق - يىراق قىتئەلەردە ياكى يىراق - يىراق سۇلالىلەردە ياشىغان دىنى ۋە ۋەتىنى ئوخشىمىغان شائىرلار خۇددى ئالدىنئالا كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاش ماھىيەتلىك سۆزلەرنى قىلىشقان. ناۋائى ئېيتقان سۆزلەرنى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ ئېيتقان بولۇپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئىنسانلار قايسى قەۋمگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ «زاپچاس»لىرى ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر تەبىئەت بىلەن جاھان ھادىسلىرىگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىيالايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان لۇغەتلەشكەن تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. بىراق ئۇلار يەنە قانداقتۇر ئۆزلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولالمىغان غايىب تىل بىلەنمۇ سۆزلىشىدۇ، بۇ تىلدىكى سىغىم ۋە كۆلەم ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزلۈكىدىن ناھايىتى ھالقىپ كەتكەن. دەل مۇشۇ تىل ئىنسانلارنى كۆرۈنمەس رىشتىلەر بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. بەلكىم ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدۇر. بەلكىم ئۇ ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىگە بولغان مايىللىقىدۇر. بەلكىم ئۇ تەقدىر كۈنلىكى ئاستىدىكى قىسمەن بىرلىكىدۇر. ئىنسانغا بېرىلگەن قابىلىيەت ئىنسان ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئىشلەتكەن قابىلىيەتكە نىسبەتەن تالاي كۆپ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشى ئەنە شۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، ئىستىغپار ئېيتىدىغان پەللىگە تېخى يەتمىدى.

دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئەندىزە، ئەقىدە ۋە تەقدىر جەھەتتىن ھەر خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان يولنى ئاللىبۇرۇن ۋايىغا يەتكۈزدى. لېكىن بۇ ئىش سەنئەت، ئىنسان تەبىئىتى، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن رېئاللاشتى. ئىقلىملارنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ بۇنداق بىرلىكى بەربىر رومانتىك، مىستىك تۈس ئالغان بىرلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقاندا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە جىنچىراق دەۋرىدە ياشاۋاتقان خەلقنى ئېلېكترون دەۋرىدە خەلق بىلمەيۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئۈچىنچى ئىنسانلار، تەرەققىيات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، ئۆزىنىڭ تېڭىشلىك پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرالماي، تالاي «بېرلىن تاملىرى»نىڭ

قورشاۋىدىكى ئىپتىدائىي سەھرادا دۇنيا دېگەن مۇشۇ دەپ ياشاۋاتقان خەلق 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپتۇ. دەل مۇشۇ خەلقنىڭ ياپون دېڭىزى، ھىندىچىنى، يۇنان، ئىران، مىسىر قاتارلىق ئەقلىملار بىلەن تۇتاشقان پايانسىز مەدەنىيەت چەمبىرىكى بار. بۇ چەمبەر ئەسىرلەر داۋامىدا گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ تۇرغان. بۈگۈن بۇ خەلق تەكلىماكان قۇملىرىنىڭ گىردابلىرىدا ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچكىمدە يوق، تېخى قېزىلمىغان ئاجايىپ سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە. بۇ مەدەنىيەتنىڭ روياپقا چىقىشى ئۇنى ياراتقان ئىگىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈتمەكتە.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر ئىختىرا بىر قېتىملىق زور ئىنقىلابتىن ئىبارەت بولغان. يېزىقنىڭ كەشىپ بولۇشى مىسلىسىز ئىنقىلاب سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئەسىرلەردىن ۋە رايونلاردىن ھالقىتتى. مەتبەئە، پار ماشىنىسى، تېلېفون، كامېرا، تېلېۋىزور دېگەنلەرمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىغان. ناھايىتى قىزىقكى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 يىل ئىلگىرى ھېسابلاش ماشىنىسى دۇنياغا كەلگەندە، دەل ئۇنى ياسىغان ئامېرىكىلىقلار ھېسابلاش ماشىنىسى (كومپيۇتېر)نىڭ بۈگۈنكىدەك ئومۇملىشىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىكەن. چۈنكى دەسلەپكى كومپيۇتېرنىڭ ئېغىرلىقى 30 توننا بولۇپ، 170 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيدىكەن (تەخمىنەن بىر بىنا بىلەن تەڭ). شۇڭا ئەينى چاغدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كومپيۇتېردىن 3 ـ 4 بولسىلا كۇپايە دېگەنىكەن. بىراق 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىشخانىلار ۋە ئائىلىلەردىن ئورۇن ئېلىپ، ئۈچۈر ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپ لىنىيىلىك قاناللىرىغا ئايلاندى. مەلۇمكى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى زېرەك ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. كەشىپ بولۇپ 10 مىليون خېرىدارغا ئومۇملاشقىچە تېلېفون ئۈچۈن 30 يىل ۋاقىت كەتكەن، سىنئالغۇ ئۈچۈن توققۇز يىل ۋاقىت كەتكەن. دۇنياۋى تور (Wohd Wide Web – WWW) ئۈچۈن پەقەت ئۈچ يىللا ۋاقىت كەتكەن. ھازىر ئىنتېر تورىنى ئىشلەتكۈچىلەر 50 مىليون بولۇپ، 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە 100 مىليوندىن ئاشىدىكەن.

شۇنداق، تەرەققىيات ناھايىتى تېز، پات كەلگۈسىنى پەرەز قىلىش قىيىن، ۋەزىيەتكە ئەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ كۆپلۈكى ۋە رولى ئادەملەرنىڭ قىياس ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتتى. بۈگۈن سەن ئويلاۋاتقان بىر ئىش باشقا بىر يەردە ئىشقا ئېشىۋاتقان بولىدۇ.

كومپيۇتېر 20 ـ ئەسىردىكى ئىنسانلارنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئىنسانلار تېخى پەرەز قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرىغا ھامىي قىلدى. ئۇ تار بىر رايون بىلەن چەكلىنىپ تۇرغان ئەنئەنىۋى سودا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا جەڭ ئېلان قىلدى. ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى چىگىتتى. كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن بېكىنمە مۇتەئەسسىپ، جاھىل دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى، ئۇ يېپىق شەكىلدىكى باشقۇرۇشنىڭ گاللىۋاكى، چۈشكۈن پۇقرالىرىنىڭ قەلبىگە يىراق دۇنيادىن ھالقىپ كەلگەن نۇر دولقۇنلىرىنى چۈشۈردى. كىشىلەر بىرقانچە تار روجەكتىن بولسىمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن كەڭ بىر مۇھىتنىڭ بارلىقىنى كۆردى، ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى پۇرىغاندەك بولدى، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ھەممەتنىڭ ئەسلىدە چەكسىز ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇرۇنقى دۇنيا تۇمانلىق دېڭىزدىكى يىراق ـ يىراق ئاراللاردەك بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن مۇجمەل ۋە تۇتۇق ئىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرى بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەتتىيۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجى، تەلپۈنۈشلىرىنى بىلەلمەيتتى. بىزدەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدە ئۆزگىچە ئەقلىملارنىڭ بارلىقىنى «زىيالىي» دەپ ئاتالغانلىرىمىز خەرىتىدىن ياكى جۇغراپىيە كىتابلىرىدىن بىلەتتۇق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ساۋاتسىز كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىن باشقا دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار بىرەر يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسا «ئۇ يەردىمۇ ئاۋۇز بارمىكەن، لەغمەن، پولۇ بارمىكەن» دەپ سورىشىدۇ، گەرچە بۇ گەپ ھازىرنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىپ كەتمىسىمۇ ئۇ تېلېۋىزور يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى رېئاللىق ئىدى، شۇنداق ئادەملەرنى ھازىرمۇ كۆزلىپ تاپقىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىم يار بېرىپ، بىر دانە كومپيۇتېر سېتىۋالسام ۋە ئىنتېر تورىغا كىرىش لاياقىتىنى سېتىۋالسام بولارغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولۇش شەرتى ئارقىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولاتتىم:

ناۋائىي ئەسەرلىرى قانچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى؟

پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قانچىلىك؟

نيۇ-يوركتا قانچىلىك ئۇيغۇرلار بار؟

Fard ماركىلىق ماشىنىنىڭ ياپونىيىدىكى باھاسى قانچىلىك؟

پابلونېرودانىڭ شېئىرلىرى جەمئىي قانچە مىسرا؟

ئەزھەر داشۆسىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى قانچىلىك؟

... ... ...

مەن يۇقىرىقىلارنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئەڭ يىراق يەرلەرگە ئۇقتۇرالايمەن. دېمەك، كومپيۇتېر يەرشارىنى ئىخچاملاپ، بىر كەنت ھالىتىگە كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە «قوشنا» دېگەن ئىبارىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. بەزىدە ئىشىكىگە قاراپ تۇرغان ھەقەمسايەڭ تونۇمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ، سىدنى ياكى سىنگاپوردىكى شېرىكىڭ، كۈندىلىك سىردىشىڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. روشەنكى، سېنىڭ ئالدىڭدا پۈتۈن دۇنيا سۈزۈك پېتى



يېيىلىپ تۇرغان بولىدۇ. خۇددى سەن لامپۇچكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلىنى كۆرگەندەك كومپيۇتېردىن ئىبارەت ئالاھىدە «سەزگۈ» ئارقىلىق كۆز ئالدىڭدا بولمىغان دۇنيانىي ماتېماتىك ئېنىقلىقتا كۆرۈپ تۇرىسەن.

مەن باشتا سەزگۈ ئورگانلىرى ھەققىدە ئازراق توختالغانىدىم، ئىنسانلار پەن - تېخنىكىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ياساپ چىققان ئۈستۈنلۈك ئۈسكۈنىلەر ۋە باشقا قوراللار ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشىدىكى - سەزگۈنىڭ ۋارىيانتى دېگەن پىكىرلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يېڭى مەزمۇن ئېلىپ كەلگەن كومپيۇتېرمۇ ئىنسانىيەتتىكى ئۆزلۈك كېڭەيمىچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرمۇشنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. كومپيۇتېر مېنىڭ ئىختىيارىمغا ئۆتكەن ھامان، ئۇ مېنىڭ كۆزۈم، قۇلىقىم، تېرەم ۋە نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمگە ئايلىنىدۇ. مەن ئۇ ئارقىلىق يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتەلەيمەن، ئاتوم ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنى ئايلىنىپ چىقالايمەن، ھۈجەيرىلەرنىڭ شەكلى، تۈسى ۋە تۈزۈلۈشىنى كۆرەلەيمەن. دىسنى باغچىسىنى، بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىنى، ھەر خىل ئارخىپ ئامبارلىرىنى كۆرەلەيمەن. بۇ نەرسىلەر مېنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىمنىڭ تايانچ نۇقتىلىرىغا ئايلىنىدۇ - دە، سۇبيېكتىپ تەشەببۇسكارلىقىمنى تېخىمۇ ئەركىن رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن.

مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، مەن ئۆزۈمدە يېتەرلىك بىلىم، كىشىلىك ساپا، دۇرۇس ئەقىدە تەييارلىغان شارائىت ئاستىدا، كومپيۇتېر مېنىڭ ئىنسانىي تەركىبىمگە ئايلىنىدۇ. «ماشىنا كىشىلىك خاراكتېرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى» (بىل. گېيتس ئۆزىنىڭ «كېلەچەك يولى» دېگەن ئەسىرىدە كەلتۈرگەن نەقىل. بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى. 1996 - يىل 1 - ئاي نەشرى).

ئىنتېر تورىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كومپيۇتېرنىڭ تەسىر كۈچىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە زورايتتى. ئىنتېر تورى نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزغىنلىق پەيدا قىلدى؟ مەن بۇ سوئالغا ئەڭ ياخشىسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېگەنلىرى بويىچە جاۋاب بېرەي: «بارمىقىڭىز قولىڭىزدىكى چاشقىنەكنى (mouse) نوقۇغان ھامان دۇنيانىڭ يىراق چېتىدىكى ئاخباراتلار بىر توپ پەرىشتىگە

ئايلىنىپ، سېكۇنتىغا يەر شارىنى يەتتە يېرىم قېتىم ئايلىنىپ چىققۇدەك سۈرئەت بىلەن نۇر ۋە توك كابېللىرى ياكى تېلېفون سىملىرى ئارقىلىق ئىقلىم ئاتلاپ ئالدىڭىزدا ھازىر بولىدۇ» («بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى» ناۋ دېيەن تۈزگەن. جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى).

كومپيۇتېر ئىنسانلارغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى قايسى بوشلۇقنى تولدۇردى؟

ئىنسان ئەقىل ئىگىسى، شۇنداقلا ھېسسىيات ئىگىسى. ئىنسان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ تۇتقۇنى. ئەتراپىدىكى دۇنياغا ھېسسىيات تۈسى بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان رومانتىك مەخلۇق، مانا بۇ ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەرىپى ھەمدە ئاجىز تەرىپى. مەن ئۆزۈمنى ئالسام دۇنيانى كۆزىتىشنى، كېزىشنى خالايمەن، بۇ چاغدا دۇنيا ماڭا قانداقتۇر بۈيۈك بىر ھېسسىياتنىڭ مۆجىزىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئالدىمدا بوغدا كۆلى تۇرغان بولسا «بۇ كۆل نېمىدېگەن گۈزەل، سۇلىرى زۇمرەتتەك ئىكەن، ئۇ بەئەينى ئاپئاق رومال ئارتىۋالغان بوغدا ئانىنىڭ ئەينىكىدەك تۇرۇپتۇ» دېيىشىم مۇمكىن. دېمەك، كۆز ئالدىمدىكى دۇنيادىن ئادەملەرگە خاس كەيپىياتنى كۆردۈم. يۇقىرىقىلار بوغدا كۆلىنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىدىكى تولۇق، مۇكەممەل ئىنكاسى ئەمەس. ئۇنىڭغا «بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى قانچىلىك؟ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك؟ قانچىلىك سۇ سىغىدۇ؟» دېگەن سوئاللارغا بېرىلگەن ئېنىق سانلىق جاۋابلارمۇ قوشۇلۇشى كېرەك ۋە باشقىلار. بۇ بىر جەھەتتىن كەسپىي ئادەت شەكىللەندۈرگەن تەپەككۇر شەكلىگە باغلىق بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئىنساندىكى تۇغما كەيپىياتلاشتۇرۇش خاھىشىنىڭ مەھسۇلى.

كومپيۇتېرچۇ؟ ئۇ ھېسابلايدۇ، ئۇنىڭ بايان قىلىشتا تايىنىدىغان تىلى ساندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى مۇتلەق ئېنىقلىققا ئىگە. دېمەك، كومپيۇتېر ئىنساندىكى ئېتىقاد، ھېسسىيات، ئىرادە تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ئاجىزلىقنى تولۇقلاپ، خىزمەت، پىلان، لايىھە، ھېسابلاش، ھۆكۈم قاتارلىق جەريانلارنى توغرا مەنتىقى ئىزچىللىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان مېڭىسى بىلەن كومپيۇتېرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى رومانتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ قوشۇلۇشى، كۆزىتىش بىلەن ھېسابلاشنىڭ قوشۇلۇشىدۇر.

ئۆزىمىزنى ئالساق، بىز بىر شائىر مىللەت، بىز ھەرقانچە ئاچچىق قىسمەتنى شېئىرلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيمىز. مىڭ يىل ئىلگىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىي دۆلەت ئەنئەنىمىز ھەققىدە يۈكسەك ئەقلىي نۇقتىدا تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزگەندى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەمىر تۆمۈرنىڭ قانۇنلىرىنى، نىزامۇل مۇلكنىڭ «سىياسەتنامە»سىنى ئەنگۈشتەر قىلىپ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلاپ كەلگەندى. بىراق بۇ مۇھىم ئەنئەنە پەقەت ئاز ساندىكى ئاقىللار قەلبىدىكى گۈزەل چۈشكە ئايلىنىپ، خەلقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سەنئەت ھۆججەيرىسى بىلەن ياشايدىغان بولدى. مانا بۈگۈن دۇنيانى سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق چۈشەندۈرىدىغان كومپيۇتېر يەرمەنكىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر مىللەتنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ قانداقتۇر خەۋەرنى پىچىرلاۋاتىدۇ.

ئېھتىمال، بىر جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى نادان قالدۇرۇلغانلىقى تۈپەيلى سىرتقى دۇنياغا قىزىقماسلىقى مۇمكىن. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ دۆمبىسىنى غەلبە قىلغۇچىلارنىڭ تارىخ يېزىشى ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىدۇ. لېكىن ماھىيەتلىك تارىخ ئۇنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇ پەقەت باشقىلار يارىتىۋاتقان تارىخ ئۈچۈن كىچىككىنە ۋاستىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ ئىنسانىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر 15 ئەسىر ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئەقىل قۇلىقى بىلەن ئەستايىدىل تىڭشاپ كۆرمىگەن بەندىلەر بۈگۈنمۇ تالاي.

دۇنيا سۆزلەۋاتىدۇ، دۇنيا كېتىۋاتىدۇ. بىراق كۆزى تۇرۇپ كۆرمىگەنلەر، قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمىغانلار، مېڭىسى تۇرۇپ بىلمىگەنلەر بۇرۇنمۇ بولغان، ھازىرمۇ بار، ئۇنداقلارنىڭ روھىمۇ گاس بولىدۇ. روھىي گاسلارنىڭ تىلىمۇ كېكەچ بولىدۇ، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشەندۈرەلمەيدۇ.

كومپيۇتېر ماكرو ۋە مىكرو دۇنيانى ئېنىق بىلدۈرىدىغان 7 - خىل سەزگۈ ئورگىنى. ئۇ ئىنسانلاردىكى بەش خىل تەبىئىي سەزگۈ ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت 6 - سەزگۈنى ئۆزىدە ئالىي مۇقامدا نامايان قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىشنى خالايدىغان كىتابخانلىرىمىزغا مەن «مەدەنىيەتنىڭ تېرىسى» دېگەن

كىتابنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. كىتابنىڭ مۇئەللىپى كانادا تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى ماكلوخان مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا پىلان مۇدىرى دېرىك دى كېركخوۋ بولۇپ، ئۇ ئاخبارات تېخنىكىسى ۋە ئېلېكترون ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتلىرىگە دادىل قىياسلاپ كۆرسىتىدۇ. كىتابنىڭ تەرجىمە مۇئەللىپلىرىنىڭ يېزىشىچە، «كونىچە دېموكراتىيىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. تېخنىكا ھوقۇق قۇرۇلمىسى ۋە كىشىلەرنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ. تېخنىكا نۇقتىئىنەزەر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇكنى ئۇلايدۇ».

بىلىشكە بولىدۇكى، ئېلېكترون تېخنىكىسى خەلقنى ھەممىدىن مەھرۇم ھالدا يېپىق چارە بىلەن باشقۇرىدىغان مۇستەبىت كونا تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، ئىلىمنىڭ دېموكراتىيىگە مايىل ھۆر خاراكتېرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىسپاتلايدۇ. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ خەلق. ئەنە شۇ تېخنىكىنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولالىشى كېرەك.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ، خەلقنى يېتەكلەيدۇ دېگۈچىلەرگە شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇ، ئەدەبىيات ئۆزگەرتمەيدۇ، ساقلايدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىتىنى، ئىنساننىڭ ھەر بىر مومېنتتىكى قىممىتىنى ئوق قىلىپ ئايلىنىدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ تېخنىكىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماسلىقىنى تىلەيدۇيۇ، ئەمما بۇ ئىنساننىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىگە ياتىدىغان ھېسسىيات ئەۋجى سۈپىتىدە چەكلىنىدۇ، خالاس. ئۇ كىشىلەرگە مەلۇم پىكىر تۇسى بېرىدۇ. بىراق ھەممىگە قادىر تەپەككۇر شەكلى ئاتا قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، پەنمۇ يەككە - يېگانە ھالدا مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلالمايدۇ، مۇبادا بىرەر قۇدرەتلىك تېخنىكا ئىنسانىيەتنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋىشكارىنى سۆيىدىغان ھالال ئەقىدە ئىگىسىگە ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە ياۋۇزلۇق قۇتراپ تۇرغان تەلۋىلەرگە مەنسۇپ بولسا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئايەت ئىچىدە قالىدۇ، مانا بۇمۇ ئوخشاشلا تېخنىكىنىڭ ئاقىۋىتى.

بىراۋ بىر دانىشمەندىن شۇنداق سوراپتۇ:

– قىيامەت قايىم قاچان بولىدۇ؟

– ئېتىقاد يوقالغاندا.

– ئېتىقاد قانداق ۋاقىتتا يوقالغان بولىدۇ؟

– ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندا (ھارام ھالالغا ھاكىم بولغاندا، يالغان راستقا ئىمىر بولغاندا) قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ.

پەننى بىلىپ، سەنئەتنى چۈشەنمىگەنلەر پېرىم نادان، سەنئەتنى بىلىپ، پەننى چۈشەنمىگەنلەر پېرىم نادان، بۇقىرىقىلارنى بىلىپ ئەقىدىنى چۈشەنمىگەنلەر پۈتۈن نادان.

ماددىي بويۇملارمۇ ئىدىيىنى ئىسلاھ قىلىش كۈچىگە ئىگە. تېلېۋىزور (سىملىق تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىكى چەت ئەل فىلىملىرى)، چاقىرغۇ، تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومۇلچى، ھاراق، «بەشنە ياخشى مەسچىت» شاھادەتنامىسى... ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. بۇلار ئالدىدا شائىرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللەرچە نەسىھەتلىرى، مۆكۈلۈق كۆز ياشلىرى كار قىلمىدى. نەتىجىدە، ئەدەبىياتمۇ ئۆزگە دېگەندەك ئوخشاپ كېتەلمىدى. ماددىي نەرسىلەر تارىخنىڭ ۋۇجۇدىدىكى



ئۆگىلەردۇر. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە يەنە روھمۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ روھ مۇزىكا، رەسىم ۋە ئەدەبىياتتىكى نۇقتىئىنەزەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە فرانسىيە ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىسى مارسىل پۇرۇستى مۇنداق دېگەنىكەن: «تارىخ ئەقىل يەتمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بۇ دەل بىز قىياس قىلىپ بولالمىغان ماددىي نەرسىلەر». بېل. گېيتىس: «بىر كەشپىيات ئەگەر كىشىنى مەستانە قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىسا، ئومۇملىشالمايدۇ» دېگەنىكەن. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى كومپيۇتېرنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ئەزاسىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن كىشىلەرگە مەدەنىيەتكە نىسبەتەن قىزغىن ئېھتىياج پەيدا قىلىشى زۆرۈر. بۇ ئېھتىياج مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كومپيۇتېر رىشاتكىلانغان مەكتەپ قورۇسىنىڭ

مۇتەئەسسىپ، بىپەق ئورگان ئىككىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى، شۇنداقلا يوشۇرۇن جەمئىيەتنى ئۆگىنىش بازىسىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئويغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئارقا - ئارقىدىن داۋالغۇپ كېلىۋاتقان يېڭى دولقۇننىڭ زەربىسىنى كۈتۈۋاتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

بىرگە ئانا تىلنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بىراق مەكتەپلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى رولى يېتەرلىك بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن تۆۋەن. ئانا تىل ئاساسى پۇختا بولمىغانلار باشقا تىللارنى قانچىلىك ئۆگەنسۇن، ئىجادىي قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ، كىشىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتى، ئارزۇسى، دەرد - ھەسرىتى، تەقدىرى بىلەن نازۇك باغلانمىغان تىل پائال تەپەككۇرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى بولالمايدۇ. ئانا تىل كىشىنىڭ ۋىجدانى ۋە تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەچكە، تەتقىقات ھاياتىدا گىندەك ئاساسىي رول ئوينايدۇ.

بىز ئانا تىل تەربىيىسىنى مۇكەممەل قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كومپيۇتېرنى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش قورالىمىزغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى مائارىپى ۋە ماتېماتىكىغا، تەپەككۇر پەنلىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. جاھاننىڭ تەرەققىيات رېتىمىدىن تولىمۇ يىراقتا ئايرىلىپ قالغان مىللىي مائارىپىمىز تاقەت قىلغۇسىز بوھراننىڭ قاينىمىدا تۇنجۇقماقتا.

مائارىپنى ئامېرىكىدەك ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتمۇ جىددىي ئىسلاھ قىلماقتا. پرېزىدېنت بىل كلىنتون 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاركانساستا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۆۋەتتىكى بىر ئەۋلادنى ياخشى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. بىز سەككىز ياشلىق باللارنى ئوقۇيالايدىغان، 12 ياشلىق بالىنى ئىنتېر تورىنى ئىشلىتەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك».

ۋەھالەنكى، كومپيۇتېر سان - سىفىر دۇنياسىدىن ئىبارەت. ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بۇ ساھە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاچقۇچلۇق خاراكتېرگە ئىگە. بىراق بىزنىڭ ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشىمىز ئەڭ ئاجىز، ئەڭ پاجىئەلىك ھالقا.

1998 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، تەبىئىي پەن كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 4248 نەپەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ مەلۇم بىرسىدە 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار جەمئىي 60 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 1.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ماتېماتىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانلار 548 نەپەر بولۇپ، بۇلار بىرسىمۇ 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئالالمىغان.

ئىقتىسادشۇناسلار ئۈچۈر جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مەبلەغ مائارىپ دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تەقدىرى يۇقىرىقىدەك. شۇنداق ئىكەن، كومپيۇتېرنى ۋاسىتە قىلغان ئۈچۈر دەۋرى بىزنى «جەھەننەم» گە تاشلىۋەتمەسمۇ؟!





# روزى كالتەك

(ھېكايە)

تۇرسۇنجان ئوسمان

## 1

ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ ، تىنالماي ئويغىنىپ كەتتى... ئۇ قاچانلاردا ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرگەنلىكىنى ۋە قانداقىسىگە ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر چاغدا ئويغىنىپ يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ ئۇستىگىرەك چىقتى. ئاندىن چاپىنىنى تېپىپ، بىر تال موخۇركا يۆگەپ چەكتى. ئۇ مۇشتۇمى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. قاپاقلىرى ساڭگىلىغان، ئاستىنقى كۆز جىيەكلىرى خالتىلاشقانىدى. كۆزىنى بىرنەچچە قېتىم يۇمۇپ ئاچتى. يېنىپ تۇرغان يۇز ۋاتلىق لامپا ئۇنىڭغا بەكمۇ خىرە كۆرۈندى. ئۇ تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۈدىۋاتقاندا ئايالىنىڭ سېمىز، دومباق يۈزلىرىگە نەزەرى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاستا يېرىم ئۆرە بولۇپ ئايالىنىڭ ئوقاچتەك قىزىرىپ تۇرغان يۈزلىرىگە، بوغداي ئۆڭ ئېتىگە بىرھازا قاراپ كەتتى. ئۇ تېخى قېرىمىغانىدى. ئايالىنىڭ يۈزلىرىدە نە قورۇق، نە نۇرسىزلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق. ئۇنىڭ ياشلىق - قىرانلىق كۈچ - ھەۋەسلىرى ئۇنىڭ قېشىغا يۈرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قايغارا، بىرىنىڭ، ئۇزۇن، ئوم چاچلىرى، ئۇسۇك كىرپىكلىرى يەرنا قىزلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس. بىراق ئۆزىنىڭ قېرىلىق يەتكەن، چىرايىدىن نۇر ئۆچكەن، قەلبىدىن ھاياتلىقنىڭ باشقا جىنسقا بولغان ئوتتەك قىزىق تەلپۈنۈشلىرى ئاللىبۇرۇن سوسلاشقان، بەدەنلىرى

تېره خالتىدەك سولاشقان... ئۇنىڭ قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاللىبۇرۇن خېلى يىراقتا قالغان ئاشۇ ھەۋەسلىرى باش كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى.

- زۇلھايات، قىزىم...

ئايالى جۆيلۈپ بىر ئۆرۈلدى. ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ياستۇققا بېشىنى قويۇپ موخۇركىسىنى كۆچەپ - كۆچەپ شوراشقا باشلىدى. ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تۇرۇم - تۇرۇم، ھالقا - ھالقا ئىسلار ئىچىدە قىزى زۇلھاياتنىڭ ئوماق چىرايى پەيدا بولدى. زۇلھايات دادىسىغا ئالىيىپ نارازى بولۇپ «سەن مېنىڭ داداممۇ - ھە!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ رەھىمسىزلىشىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكى مۇشۇ دەقىقىدە ئېرىپ قىزىغا كۆيۈپ ئېچىشتى. ئىختىيارسىز ئىچىدە «زۇلھايات قىزىم، نەدە يۈرىدىغانسەن» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ ھاراققا ئۆلگۈدەك ئامراقلىق قىلاتتى، ھاراق خۇمارى بىر تۇتتىمۇ، بولدى، قېنىپ ئىچمىسىمۇ پارچە ھاراقتىن يۈز گرام ئىچىۋالمىسا قوللىرى تىترەپ ھېچ ئىش قىلالمايتتى. گەپ قىلسىمۇ ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ بەزىدە يانچۇقىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ يۈز گرام ھاراققا لايىق پۇل تاپالمايتتى. ئۇ ئاشۇ ھاراق خۇمارى سەۋەبلىك بىر ئۆمۈر تۇرمۇشىدا تۈزۈكرەكمۇ راھەت كۆرمىگەن، ئۆيدىكى ئايالى ۋە قىزىنىمۇ تۈزۈكرەك خۇش قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھەم ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۇلارغا تولۇق يەتكۈزەلمىگەن. ئەسلىدىن ئۇنىڭدىمۇ بۇنداق تۇيغۇلار ناھايىتى كەم بولغان...

ئۇ قاقىۋدا ئورنىدىن تۇرۇپ چالا - بۇلا ناشتا قىلدى- دە، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ مەستلىكتىن تولۇق ئۆگىشلىپ كېتەلمىسىمۇ، مانا

مۇشۇنداق ھەر كۈنى دەرۋازا ئېچىلىشتىن بىرىم سائەت بۇرۇن دەرۋازا ئالدىغا ئۈنەتتى. ئۇيقۇسى بىرىم كېچە بولا - بولمايلا ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇخلاي دېسىمۇ بىكار ئىدى. شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپلا بىردەم - بىرىم دەم ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن سوپىھى سۇرۇلگەنىدىلا ئىدارىگە قاراپ ماڭاتتى. ئىدارە ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تۆمۈر دەرۋازىنى قاقاتتى. دەرۋازىۋەن بۇ بىمەھەل قېقىلغان دەرۋازىنىڭ ئاۋازىدىن، روزاخۇنىڭ بۇنداق سەھەر كېلىشىدىن بىزار ئىدى. دەرۋازىنى ئېچىپ بېرەتتى - دە، ئارقىسىغا قارىماستىن ياتىقىغا كىرىپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

روزاخۇن ئىشخانىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇردى. ئاندىن پۇشۇلداپ كالدەك تىنىپ يۈرۈپ ئىشخانىنى تازىلىدى. شىرە - ئورۇندۇقلارنى سۈرتتى. بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان ئىشداشلىرى گەرچە ئۇنى تازا كۆزگە ئىلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۈندە سەھەر كېلىپ ئىشخانىنى تازىلىشىدىن خۇش ئىدى. روزاخۇندا ھېچقانچە بىلىم يوق ئىدى. بار دېگەندىمۇ نەچچە ئون يىللىق خىزمەت جەريانىدا توپلىغان ئۆزى توغرا دەپ قارىغان، لېكىن ھازىرقى زامانغا ماس كەلمەيدىغان يۈزەكى تەجرىبىلىرىلا بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغان چاغلاردىلا ئۇ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلاردىن ئىدى. شۇ چاغدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن بۇ سەپكە قېتىلىپ قالغان، كېيىنچە رەسمىيلىشىپ كادىر بولغانىدى. ئۇ قولىغا چۈشكەن ئۆزى جىنايەتچى دەپ قارىغانلىكى ئادەمگە قىلچە رەھىم قىلمايتتى. ئۆلمەيدىغان يېرىگە قاتتىق ئۇرۇپ چوقۇم ئېغىز ئاچقۇزاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ يەرگە قولىغا كويزا سېلىنىپ كىرگەنلىكى ئادەمنىڭ ھەرقاندىقى جىنايەتچى، تاياققا لايىق ئادەم ئىدى. ناۋادا بىرەرى تۆھمەت بىلەن كىرىپ قالغان ھەمدە ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلىماق شۇنچە ئوڭاي بولسىمۇ، بۇنداق ئادەم گېپىنى دېيەلمەي نەچچە كۈن يېتىپ قالغۇدەك بولسا، تاياق يەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن گېپىنى دېيەلەيتتى. ئۇنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ توپلىغان ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق تاياق، كالتەكلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيتتى. ئۆز بۆلۈمىدىكى يۇقىرى مەكتەپلەردە جىنايەت پسىخىكىسى ئوقۇغان يۇقىرى مەلۇماتلىق كادىرلار ئۇنى ئادەمنى قالايمىقان ئۇرماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئادەم ئۇرۇشتىن توسۇيتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ «بۇ نېمىلەر تاياق يېمىسە راست گەپ قىلامدۇ» دەپ قوياتتى. ئۇ ئادەم ئۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم ئىدارە تەرىپىدىن جازالانغان. بىگۇناھ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تاياق يىگەنلەر ئۇ مەست بولۇپ دەلدەڭشىپ قالغاندا، ئالدىنى توسۇپ بىرنەچچە قېتىم ئەدىپىنى خېلى قاتتىق بەرگەن. ھەر قېتىم ئەدەپ يىگەندە نەچچە ئون كۈنلەپ يېتىپ ئاندىن ئەسلىگە كەلگەن. شۇنداق بولسىمۇ ئادەم ئۇرۇش ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغاچقا ئادەم ئۇرۇشتىن قالمىغان، ئىدارە ئۇنى بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقىرىۋېتىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەكلىپ بەرسە ئۇ رەت قىلىپ ئۇنىمىغان. بولمىسا ئۇ يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان، چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ بولايلا دەپ قالغان ئادەم دەم ئېلىشقا چىقسىمۇ بولۇۋېرەتتى، ئۇ ئۆيدە مەن قىلىدىغان ئىش بولمىسا خوتۇن بىلەن جېدەللىشىپ ئۆتەمدىمەن دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىقسا ھېچقانداق ئادەمگە پوپوزا قىلالمايدۇ، ئۇرالمايدۇ، ئالىقىنى قىچىشىپ قىزى ۋە ئايالىنى ئۇرۇپ سالىدۇ. ياق، ئۇ قىزىنى ئۇرالىغىنى بىلەن ئايالىنى ئۇرالمايدۇ، قورقىدۇ، ئايالىنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق. ئەر تۇرۇپ بىر ئۆينىڭ يۈكىنى ھەقىقىي ئەردەك كۆتۈرەلمىدى. مائاش ئالغۇچە مائاشىنىڭ يېرىمىغا نېسى ھاراق ئىچىپ يېرىمىنىمۇ ئۆيگە بېرەلمىدى. ئايالى ھەرقانچە ئۇرۇشسىمۇ بۇ ئىشنى تۈگىتەلمىدى، ئۆزگەرتەلمىدى. بىچارە ئايال دوپپا تىكىپ سېتىپ بۇ ئائىلىنى قامداپ كەلدى. مۇشۇنداق بىر ئەرگە تېگىپ قالغىنىغا مىڭ - مىڭ پۇشايمان قىلدى. ئەمدى دوپپا تىكىپ سېتىشتىنىمۇ رايى قايتتى. روزاخۇن دەم ئېلىشقا چىققىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، بۆلۈم ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىش بەرمەس بولدى. كۈن بويى ئىشخانا ساقلاپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى. ئادەم يېتىشمىگەن چاغلاردا كەسپداشلىرىغا ياردەملىشىپ تۈرمىگە سوراققا باراتتى. پەقەت سوراقخانىدا سىرلىق گۆشۈيۈپ ئولتۇراتتى. سوئال سورىيالمايتتى. ئالدىدىكى جاۋابكارنى ئۇرالمايتتى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشۇپ بوغۇلۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا نېمە ئامال، يانچۇقىدىن قەلەمنى ئالاتتى. سول قولىنىڭ بارمىقىغا قىستۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يازاتتى. قەغەز - قەلەمنى يانچۇقىغا سالاتتى، يەنە ئالاتتى، يازاتتى. بۇنداق ھەرىكەتلەر قايتا - قايتا تەكرارلىناتتى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكىدىن، ئالدىدىكى جاۋابكارمۇ ئادەم دەپ قارىمىغانلىقىدىن كۆرمەي، ئەكسىچە بولار مېنى قېرىپ قالدى، كېرەككە كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ دەپ جىلە بولاتتى. ئېغىر راۋۇرۇس ساقال چىققىغان شۇمتەكلەرنىڭ باشلىق بولۇپ ئۆزىنى ئىشقا بۇيرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە جىنى چىقىپ، مەن مۇشۇ يېشىمدىمۇ بۇ شۇمتەكلەرنىڭ بۇيرۇقىغا

بـويسـۇنـامدىمەن، بىمىشقا ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بىر ئەمەلگىمۇ ئىرىشەلمەيمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ يۈرۈن ئـۆزى ئـش تۇتۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا جاۋابكارنىڭ تـۇغقـانلـىرى ئۇنى ئوبدانلا يوقلاپ تۇراتتى. بىراق هـازىـرچۇ، هېچكىم ئۇنى ئىزدەپ كەلمەيتتى. بۆلۈم بـاشلىـقلىرى ئۇنى ئەمەلىي ئىشقا ئارىلاشتۇرمىغاچقا، كېلىدىغان نەپمۇ، مېهمان قىلىشلارمۇ توگىدى.

روزاخۇن ئىشلىرىنى بىر قۇر تۈگەتكەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىن سىگارتنى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ ئىشخانىغا كەلگەندىلا چېكىدىغان تاماكىسى ئىدى. باشقا چاغلاردا ئۇ موخۇركا چېكەتتى. ئۇ ئىككى تال تاماكا ئېلىپ بىرىنى لېۋىگە قىستۇردى. بىرنى خۇددى يېنىدا بىرى باردەك ئۇ تەرەپكە تەڭلىدى. بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتۈپ قولىدىكى تاماكىنى هېچكىم ئالمىغاندىن كېيـىـن، ئۇ تەرەپكە قاراپ ئۆزىدىن باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئەمدى بىلگەندەك تاماكىنى قېپىغا سېلىۋېتىپ سـەرەڭگـە چېقىپ هۇزۇرلىنىپ شورىدى. خىزمەتكە چـۇشۇش ۋاقتى توشتى. ئىشداشلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىشكـە بـاشلـىدى. ئىشخانىدىكىلەر ئەتىگەنلىك ئـورۇنلاشتـۇرۇشنـى چوڭ زالدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. روزاخۇنغا يەنە هېچقانداق ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى. ئۇ يېغىندىن قايىقنى سېلىپ يېنىپ چىقىپ يانچۇقىدىكى گىردىنى داغ چاي بىلەن يەپ ناشتا قىلدى. ئىشداشلىرى ئۆز ئىشىغا مېڭىشتى. ئۇ ناشتا قىلىپ بولۇپ تۇرمىگە ماڭغان بىر ئىشدىشىغا:

ـ مەنمۇ بىللە باراي، ـ دېدى.

ـ روزاخۇنكا، ـ دېدى ئۇ ساقچى شەپكىسىنى تۈزەپ كىيىۋېتىپ، ـ ياشىنىپ قاللا، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ دەم ئـالسـلا، بـىز ياش بولغاندىكىن ئىشلەيلى، ـ ئۇلار ئاشۇنداق چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ هېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلىشىغا يول قويمايتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئىشخانىدا يېرىم سائەتچە ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئاشخانىغا كىرىپ يېرىم ئاش يېدى.

ـ قانداق روزاخۇن، يەنە مائاش ئالمىدىڭمۇ، ـ دېدى ئـاشپەز، ـ يەنە يېزىپ قويامدىمەن، ـ ئاشپەز ئۇنى مەنىسىمىگەندەك قارىدى.

ـ هەئە، ـ روزاخۇن شۇنداق دەپلا سىرتقا ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ هاراق خۇمارى تۇتۇپ قوللىرى تىترىگىلى تۇرغانىدى. ئۇ كىچىك بىر هاراق دۇكىنىغا كىردى. ئۇ بۇ دۇكاننىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى.

ـ پارچە هاراقتىن يۈز گرام، ـ روزاخۇن يوكەيگە يۆلىنىپ تۇردى.

دۇكاندار ئىستاكانغا يۈز گرام هاراق قويۇپ ئۇنىڭ ئـالدىـغـا قـويدى. ئۇ خۇددى سۇنى سۇمۇرگەندەك سۇمۇرۇۋېتىپ:

ـ خاتىرىلەپ قويسىلا، ـ دەپ ئۆرە بولدى، ـ بىر قاپ تاماكا.

ئـۇ شـۇنداق كۆنۈپ قالغان، هەممە نەرسىلەرنى ئـاشۇنداق نېسىگە ئېلىش ۋە يېيىش بىلەن ئۆتەتتى. قولىدا پۇل تۈگىسە نېسي قىلماي ئامال قانچە، ئۆيىگىمۇ هېچقانچە پۇل بېرەلمەيدۇ. ئايالى بىچارە بۇ پۇللارنى يەتكۈزەلمەي قالغىنىنى قېنى دەپ جېدەل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىدا هېچقانچە پۇل قالمايدۇ.

**2**

روزاخۇننىڭ خوتۇنى كېسەل بىلەن ۋاقىتسىز قازا تاپتى، شۇنىڭدىن كېيىن قىزى زۇلهايات بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنىغا ئايلاندى. ئېرى هەر كۈنى سەهەر كەتسە كەچ قايتاتتى. ئۆيدە ئۇ يالغۇز قالاتتى. ئىمنى خالىسا شـۇنـى قىلاتتى. سىرتلارغا چىقىپ باغچىلاردا سەيلە قـىلاتتـى. دوستلـىرى بـىلەن مۇڭدىشاتتى. كۆڭلى خـاتىرجەم، هېچنېمىدىن غېمى يوق ئىدى. بەختلىك ياشايتتى. ئۇ شۇنداق لاتاپەتلىك ۋە جانىنى ئالغۇدەك گۈزەل، مىجەز ـ خۇلقى ئالاهىدە بولغاچقا، ئېرى ئۇنىڭغا قـەۋەتلا ئـامراق ئىدى. ئايالىنىڭ بۇلاقتەك ئوخچۇپ تـۇرىـدىـغـان كـۆزلىرى، تولۇق كەلگەن تارتىملىق بەدەنلىرى ئۇنىڭغا هۇزۇر بېرەتتى. قېرىشقاندەك ئۇلار بالا يۈزى كۆرەلمىدى.

تومۇزنىڭ تازا تىنچىق بىر كۈنى زۇلهايات شەهەرگە چـىقـىـپ گۆش، كۆكتات سېتىۋېلىپ كىردى. گۆش، كـۆكتاتلارنى توڭلاتقۇغا سېلىۋېتىپ يۈزىنى سوغۇق سـۇ بىـلـەن يۇيدى. بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ئـۇستـىـدىـكى كىيىملەرنى يەشتى. ئۇ ئىسسىقتا تازا تـەرلـىگەنىدى، ئىچىگە چۈشكەن ئوت نەچچە پىيالە مۇزدەك سۇ بىلەنمۇ بېسىلمىدى. ئۇ بولالماي سوغۇق سۇ بىلەن خېلى ئۇزاق يۇيۇندى. بەدەنلىرى سەگىدەپ راهەت هېس قىلدى. بىردەم ئۇنىئالغۇ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەك باستى. بىردەمدىلا ئىككى كىشىلىك كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغلاردا دەرۋازا ئېچىلىپ ۋېلسىپىت يېتىلىگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋېلسىپىتنى هويلىدا قويۇپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ ئىچىگە كىردى. كىرىپلا كۆزى چەكچىيىپ قالدى. زۇلهايات نېپىز رۇباشكا بىلەن بىر يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. تولغان يانپاش ساغرىسـى بېلىدىن بىر غېرىچچە ئېگىز كۆرۈنەتتى.

كەلگەن پاچاقلىرى، پۇتىنىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككى پاچاق، سېمىز پۇتى بىر - بىرىگە گىرە سېلىپ ياتاتتى. ئۇ زۇلھاياتنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى گۈزەل بەدەنلىرىگە بىرھازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزى زۇلھاياتنىڭ تولغان پاچاقلىرىدىن ئاستا - ئاستا يۆتكىلىپ يوۇقىرىغا، پۇتىغا، ئاندىن سېمىز ساغرىسىغا، ئىنچىكە بېلىگە ئاغدۇرۇلدى. كۆزى زۇلھاياتنىڭ كۆكسىگە كەلگەندە كارىۋاتنىڭ بېش تەرىپىگىرەك يۆتكەلدى. يىگىت زۇلھاياتنىڭ چوڭ ئويما ياقىسىدىن ئاپپاق، تولغان كۆكسىنى ئوچۇق كۆردى. كۆزىدىن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇندىدى. قەلبىدە ئەسەبىي بىر قۇرت مىتىلدىغىلى تۇردى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ دەرۋازىنى زەنجىرلەپ قۇلۇپنى ئىلدى. ئاندىن ئۆيگە كىردى. ئاندىن كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ جىددىيچىلىكتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. شۇنداق ئەسەبىي بىر شەھۋانىي تەلپۈنۈشتىن پۈتۈن بەدىنى تېخىمۇ قاتتىق جاقىلداپ تىترىدى. چىشلىرى كاسىلداپ بىر - بىرىگە سوقۇشتى. ئۇ زۇلھاياتنىڭ يېنىغا ئاستا باردى. يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى بوش يۇمۇلغان، ئۆسۈك كىرپىكلىرى جۇپلەشكەن، بىر جۈپ غۇنچىدەك قىزىل لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىلىپ قالغان. نەپەس ئېلىشى ئارانلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىغان يىگىت ئۆزىنى زۇلھاياتنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. چۆچۈپ ئويغانغان زۇلھايات ئۈستىدىكى قىپيالىڭاچ يىگىتنى تونۇدى.

- ۋۇي ئېلى، نېمە قىلغانلىرى بۇ، تۇرۇپ كەتسىلە، - زۇلھايات ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن تىركىشىپ ئېلىنى ئىتتىردى. بىراق ئېلى زۇلھاياتنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە بېسىپ مەھكەم تۇتۇۋالدى. زۇلھايات قىستىلىپ بېقىپ كۆچى يەتمىگەندىن كېيىن:

- بىكار ۋارقىرايمەن، قانداق نومۇس قىلمايدىغان ئادەمسەن، نېرى تۇر، - دەپ كۆچۈنۈپ بوش ۋارقىرىدى.

- ۋارقىرىسىلا مەيلى، مەن دېگەن ئەركەك، چوڭ كەسسە بىرەر يىل كېسەر ياكى پۇل تۆلەپ قۇتۇلارمەن. ئوغۇل بالا دېگەنگە ئەيىب ئەمەس، بىراق سىلى ۋەيران بولىلا.

- ياق، تۇرۇپ كەت، ئىست سېنىڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىڭ.

ئېلى زۇلھاياتنىڭ قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ ئۇنىڭ چىچى بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋېلىپ، لېۋىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. زۇلھايات لەۋلىرىنى ئېلىپ قاچالمىدى، ھەرقانچە قارشىلىق قىلسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى.

- ماقۇل دېسىلە، - دېدى ئېلى لېۋىنى زۇلھاياتنىڭ لېۋىدىن ئاجرىتىپ.

- ئۆلسەممۇ ئۇنىمايمەن، - زۇلھاياتنىڭ يۈزى چىڭقىلىپ ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى.

- ئىككى يۈز يۈەن بېرەي.

- مەن بەش يۈز يۈەن بېرەي، تۇرۇپ كەت.

- ئەمسە بەش يۈز يۈەن بېرەي، مانا پۇل، - ئېلى كارىۋاتقا يېقىن قويۇلغان ئورۇندۇققا تاشلاپ قويغان شىمىنى پاچىقىدىن تارتىپ ئېلىپ يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىكتىن بەشنى ئېلىپ زۇلھاياتنىڭ بوينىغا تاشلىدى.

- پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلە ھەزىلەك، تۇرۇپ كەت.

- چىرايلىق گەپ قىلسام ئۇنىمىلا، ھەزىلەكلىكمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

ئېلى زۇلھاياتنىڭ قورسىقىغا مىنىپ ئولتۇردى. زۇۋاشكىسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىرلا تارتىپ يېرىمىغا كەلگۈچە يىرتتى، قالغان قىسمىنى ئاستىدىن چىقىرىۋېلىپ بىر تارتىشتىلا يىرتىپ ئالدىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتى. زۇلھايات ئۇنى تاتىلاپ، موربىلاپ قارشىلىق قىلىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ، تاسادىپىي مۆجىزە يۈز بېرىپ بۇ نىجاسەتلىك ئىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلايتتى. خۇدادىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇ- تەلەپلىرى شۇ پېتىچە قېلىۋەردى. تويۇقسىز ئۇنىڭ بەدىنى بوشاپ قارشىلىقلىرى ئاجىزلاشتى. تېنىدە پەيدىنپەي ئۆتكۈرلىشىۋاتقان ھۇزۇر - لەززەت ئۇنى بوشاشتۇرۇشقا باشلىدى. «ئەمدى قارشىلىق قىلغانىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى» دەپ ئويلىغان زۇلھايات ئېسەدەپ يىغلىغان پېتى ئۆزىنى ئېلىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى. كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان ياشلار يۈزىدىن سىرغىپ ياستۇققا تامچىلىدى.

ئاجايىپ ئىش، شۇ ئىش ئۆتكەندىن كېيىن زۇلھايات ئېلىنى ئىرىمدىن خېلىلا تۈزۈككەن دەپ ئويلاپ قالدى. ئېلى ھەر قېتىم ئىرى بىلەن بۇ ئۆيگە كەلگەندە ئىرىدىن يوشۇرۇنچە زۇلھاياتنىڭ بۇلاقتەك شەھلا كۆزىگە، تولغان بەدەنلىرىگە، كۆكسىگە قارىۋالاتتى. زۇلھايات ئەلۋەتتە بۇنى سەزگەن، بىراق ئىرىگە «ئېلى دېگەن ئاغىنىلىرىنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كەلمىسىلە» دېيەلمىگەنىدى. زۇلھايات قانداقتۇر بىر كۈچ ۋە ھەۋەس تەسىرىدىن ئېلى بىلەن يېرىم يىل ئارىلاشتى. بارغانچە ئېلىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندا، جانىنى

ئېرىشەلمىگەندەك ناز - خۇلق بىلەن ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇ باھانە بىلەن ئۆزىمۇ مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايتتى.

زۇلھايات توي قىلغىلى ئۈچ يىل بولسىمۇ تۇغمىدى. ئىككى يىل ئەر - خوتۇن بەك ئىناق ئۆتتى. ھازىرمۇ خېلى ئىناق ئۆتۈۋاتاتتى. بىراق ئېرى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغزاكى بىر كېلىشىم بولۇپ، مۇشۇ يىل ئىچىدە ئېغىرئاياق بولمىسا ئىككىيلەن ئاجرىشاتتى. زۇلھاياتقا بۇ ئىش بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتتى. دوختۇر «سىزدە چاتاق يوق، تۇغىدىكەنسىز» دېدى. ئۇ تۇغماسلىقنى ئېرىدىن كۆرۈپ «تەكشۈرتۈپ باقايلى» دېدى، لېكىن ئېرى ئۇنىمىدى. قانداق قىلىش كېرەك. ئۇ ئېرى بىلەن ئاجراشسا بۇنداق ئازادە قورۇ - جايغا، نەچچە مىڭ يۈەن پۇلغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەردە بىر ئەردىن چىققان ئايالنى ئاسانلىقچە ئەر ئالمايدىغان بىر ئادەت بار. يىگىرمە نەچچە ياش چېغىدىلا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ ئەرگە تېگەلمەي قېرىپ كەتكەن ئاياللارنى نەچچىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمامدۇ. ئەگەر ئۇ تۇغسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ. «تۇغۇش كېرەك، تۇغۇش كېرەك دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — قانداقلا بولمىسۇن تۇغۇپ بۇ ئۆينى ئالىقاندا چىڭ تۇتۇش كېرەك. بەلكىم تۇغۇپ قالارمەن، بويۇمدا قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئېلى بىلەن ئارىلاشقانىدى. ئېلى تاسادىپىي ماشىنا ھادىسىسىدە مېيىپ بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆزىنى قوغلاشقان نەچچە بالىسى بار كۆڭلىگە ياققان بىرنەچچە ئەر بىلەن ئارىلىشىپ باقتى. ئۇ ئېلى بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ قالماستا بۇنداق ئىشنى ناھايىتى نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلەتتى. بىراق ئېلى بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئەقىدە، بۇنداق ئېتىقاد نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئەخلاق، سادىقلىق، گۇناھ دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇغۇش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلدى. قىرىشقاندەك ئۇ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر زۇلھاياتقا ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

3

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ كىرىپ قېلىشى بىلەن ھاۋا بارا - بارا سالقىنلىشىشقا، دەل - دەرەخ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يوپيۇرماقلىرى سېرىق ئالتۇندەك جىبەك تارتىشقا باشلىدى.

زۇلھايات چوڭ ئۆينى يوقلاپ تۇرۇشنى ئەستىن چىقارمايتتى، ھەپتىدە بىر - ئىككى بېرىپ ئادىسىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىپ كېلەتتى. ئۇ، ئېرىنىڭ سەيپۇللۇق دۇكىنىغا بېرىپ دەپ قويۇپ چوڭ ئۆيگە باردى. ئۇ ئۆيگە بارغاندا ھويلىدا بىر ئېشەك ھارۋىسىدا كۆمۈر تۇراتتى. ھارۋىكەش كۆمۈرنى كۆمۈرخانىغا توشۇۋاتاتتى.

— زۇلھايات، — دېدى دادىسى ئۆسۈك قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، — مەن بۇ قېتىم كېلەلمەيمەن. ھارۋىكەش ئۆزى كېلىپ كۆمۈرنى توشۇپ بېرىدۇ. كىراسىنى بېرىپ يولغا سېلىۋەت، — دەپ ھارۋىكەش بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. زۇلھايات سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۆيلەرنى بىر قۇر يىغىشتۇردى. ئاندىن چاي قايناتتى. چاينى چايدانغا ئېلىۋاتقاندا ھارۋىكەش كەلدى. ھارۋىكەش قارىماققا ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك، سۆڭەك مۇسكۇللىرى بېجىرىم، ئەمگەكتە پىشقاندەك كۆرۈنەتتى. ھارۋىدىكى چوڭ - چوڭ قاپ - تاغارلانى ھېچقانچە كۈچىمەيلا كۆتۈرۈپ كۆمۈرخانىغا توشۇيتتى. زۇلھايات ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ھارۋىكەشنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ قاراپ تۇردى. ھارۋىكەش بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ قاملاشقان بويىغا، ئېگىز كۆكرەكلىرىگە ئوغرىلىقچە قارىدى. ھەر قېتىم قارىغاندا كۆزىدىن بىر خىل ئوتتەك تەلپۈنۈش ئوتى ياناتتى. زۇلھايات بۇنى سەزمەي قالمىدى. «شەھەرلەردىكى پاكىزلەر بىلەنمۇ ئارىلىشىپ باقتىم، قېنى بۇ قاسماق بىلەنمۇ ئارىلىشىپ باقاي» ئۇ شۇنداق ئويلاپ دەرۋازىنى يېپىپ قويدى. چەينەكتە سۇ، سوپۇن ئېلىپ كېلىپ ھارۋىكەشنى يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا بۇيرۇدى. ھارۋىكەش چاپىنىنى سېلىپ قېقىۋەتكەندىن كېيىن يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ خېلى ئىسكەتكە كېلىپ قالدى.

— ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىۋالسىلا، — دېدى زۇلھايات ھارۋىكەشنىڭ كۆزىگە يېرىكنى كۆيدۈرگۈدەك ئوتلۇق نەزەردە تىكىلىپ.

ھارۋىكەشنىڭ قورسىقى راسا ئاچقانىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. چاپىنىنى ھويلىدا قويۇپ ئۆيگە كىردى. زۇلھايات داستىخان سېلىپ نان ئەكەلدى. پىيالىگە چاي قۇيۇپ تارتىنماي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ھويلىغا چىقىپ كېتىپ دەرۋازىنى ئاستىلا زەنجىرلەپ قۇلۇپنى ئېلىپ قويدى. ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ھەممە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى. پەقەت رۇباشكىسىلا قالدى. رۇباشكىسىنىڭ چوڭ ياقىسىدىن كۆكسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھارۋىكەش لاپ قىلىپ بىر قېتىم قارىغاندىن كېيىن يەرگە قارىۋېلىپ چېيىنى ئىچىۋەردى. تويدى، كېكەردى. ئاندىن

دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

— مەن ماڭاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان زۇلھايات ھارۋىكەشنىڭ ئۆز كۆكسىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ھارۋىكەش بىر قەدەم ئىلىشقىنىلا ئىشىكنى گۈپ قىلىپ ياپتى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى، — دەككە - دۈككىگە چۈشتى ھارۋىكەش، — ساقچى دادىلىرى كېلىپ قالسا مەن تۈگىشىمەن.

— ئىشىكنى ئىچىپ چىقىپ كەتسىلە، — دېدى زۇلھايات ياندا سەل سۈرۈلۈپ.

ھارۋىكەش ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئىشىك تۇتقۇچىغا قولىنى ئۇزاتتى. دەل شۇ پەيتتە زۇلھايات ھارۋىكەشنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. ھۆزۈرلۇق كۆكسلىرىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ياقتى. ھارۋىكەش ئىشىكنى ئاچالمىدى. «مېنى ئويناتماقچى» دەپ ئويلىدى ھارۋىكەش. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ قالايمىقان سېلىپ كەتتى. زۇلھايات ھېچقانداق گەپمۇ قىلمىدى. پەقەت ھارۋىكەشنى مەھكەمگىنە قۇچاقلاپ ئۇنىڭ غولىنى، بوينىنى ئاراملىق بىلەن سىلاپ كەتتى. ھارۋىكەش ئاخىر «نېمە كۆرسەم كۆرەي» دېگەن يەرگە كەلدى. ھارۋىكەش كەمبەغەللىك دەردىدىن بىرەر ئايال بىلەن بىرگىمۇ بولالمىغان، تازا ئىچىرقاپ كەتكەن بىرنېمە ئىدى. زۇلھايات ھارۋىكەشنىڭ ئۆزىگە بېرىۋاتقان ھۆزۈر - لەززىتىدىن ھەيران ئىدى. ئۇ ئەرگە تېگىپ ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندىن بۇيان، بۇنچىلىك ھۆزۈر ھېس قىلمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ شېرىن ھۆزۈرنىڭ ئەسلىمىسىلا قالدى. بىراق بەدىنىدە بۇ خىل لەززەت يوقاپ كەتكەن زۇلھاياتنىڭ بەدىنى ئېرىپ ۋۇجۇدى ئېزىلىپ تېنىدە كۈچ - ماغدۇر دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ئاران تىنىپ ياتاتتى. ھارۋىكەش ئۇدۇلدىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقلۇقتا زۇلھاياتنىڭ تولغان، گۈزەل بەدەنلىرىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقاتتى. كۆكسى توختىماستىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. زۇلھايات تاياق يېگەن كىچىك بالىدەك نالە قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ نالىسى ئازابتىن ئەمەس، بەدىنىدە پەيدا بولۇۋاتقان لەززەتكە چىداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن بولۇۋاتاتتى. زۇلھايات ھارۋىكەشنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى.

ھارۋىكەش بىرھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. زۇلھايات ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ھارۋىكەش كىگىز يالاپ قانسۇغەتكەن تېزىغىمۇ قارىماستىن كىيىمنى كىيدى. كىرا پۇلىنىمۇ ئالماستىن، خوشمۇ دېمەستىن چىقىپ كەتتى. «ئاھ، دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ ئادەممۇ ياكى قاسماق پەرىشتىمۇ، ئادەمنى شۇنچە خۇشال قىلالايدىغان ئەرمۇ بولىدىكەن - ھە، ئۆمرۈمدە ھېچقانداق ئەردىن بۇنچىلىك ھۆزۈر ھېس قىلمىغانىدىم. ھېچقانداق ئادەم مېنى بۇنچىلىك ھۆزۈرلاندۇرالمىغانىدى. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت، مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم، كېچە - كۈندۈز ئىزدەيدىغىنىم مانا مۇشۇنداق بەخت ئىدى. كەمبەغەل بولسىمۇ، قاسماق بولسىمۇ مەيلى، ئادەمنى شۇنداق خۇش قىلسا ئۇماچ ئىچسەممۇ ئۆزۈمنى ئەڭ باي ھېسابلاپ يۈرەتتىم. نۇرغۇن پۇل بولغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى، پۇل بولسۇنۇ، ئادەم ئارزۇ قىلغىنىغا يېتەلمىسە» . ئۇ ئېرىنىپ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئورنىدىن تۇرغۇسى يوق، ئۇزاق - ئۇزاق يېتىۋالغۇسى بار ئىدى.

ئارىدىن بىر - ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. زۇلھايات قورسىقىدىكى تۆرەلمىسىنىڭ ئاشۇ ھارۋىكەشنىڭ ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالايتتى. ئۇ ھارۋىكەش بىلەن بولغان ئالاقىدىن كېيىن ئۇنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. دائىم ئۇنى ئەسلەپ قالاتتى. ئېرى بىلەن بىللە بولۇۋېتىپمۇ ھارۋىكەشنى ئويلاپ قالاتتى. ئىككىسىنى سېلىشتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئېرى ھارۋىكەش بىلەن تەڭ بولالمايتتى. ئۇ بويىدا قالغانلىقىنى ئېرىگە ئېيتقىنىدا ئېرى شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتى، قىلمىغىنى قالمىدى. ئائىلىسىمۇ خاتىرجەم بولدى. بىراق زۇلھايات سىرتلارغا چىققاندا ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ھەر بىر ئادەمگە سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. ئاشۇ ھارۋىكەشنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھارۋىكەشنىڭ ئىسمىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سورىۋالمىغانىدى. ئەگەر ئۇ ھارۋىكەشنى تاپالىسا يەنە بىر قېتىم، ياق، نۇرغۇن - نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشۇنداق لەززەت ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

4

ئارىدىن يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. زۇلھاياتنىڭ قورسىقى باشقا ئاياللارنىڭ قورسىقىغا قارىغاندا خېلى پەرقلىق ھالدا چوڭىيىپ قالدى. زۇلھايات يالغۇز قالغان چېغىدا دائىم ئاشۇ مەينەت ھارۋىكەشنى ئەسلەش بىلەن قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنى سېغىناتتى.

روزاخۇننىڭ مەھەللىسىدە زۇلھايات تۇغرۇلۇق مىش - مىش گەپلەر تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇ گەپلەر ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئېرى بۇ ئەلەم ۋە خورلۇققا چىدىماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈپ

نېمە كەپتۇ، ئۇنىڭغا خوتۇن چىقمامتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە ھاي بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ زۇلھاياتنى گۇرجەكنىڭ دەستىسى سۇنۇپ قولغا چىققۇدەك يېرى قالمىغاندىلا ئۇرۇشنى توختاپ قالدى، خۇددى دېمىنى ئېلىۋېلىپلا يەنە ئۇرمىسا ئاچچىقى چىقمايدىغاندەك يۈزلىرىگە تازا ئۇرۇپ كۆكەرتىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋەتتى. زۇلھايات دادىسىنىڭ ئۆيىدە يەرگە قاراپ بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي يۈرەتتى. سىرتلارغىمۇ چىقالمايتتى. باشقىلار بىلگەن بولسىمۇ مەيلى، دادىسى ئۇقمىغان بولسىلا ھېچگەپ بولمايتتى. ئەمدى دادىسى ئۇقۇپ قالسا نېمە ئىشلار بولار دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. زۇلھايات دادىسىنىڭ گەپ - سۆزى، مۇئامىلىسىگە قاراپ دادىسىنىڭ تېخى ئۇقمىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى تىنىپ قالدى. لېكىن زۇلھايات توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن ئەرلەرنىڭ ئاغزىغىمۇ كۆچكەنىدى. زۇلھايات بۇ گەپلەرنى دادىسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقاتتى. لېكىن ھېچقانداق ئادەمغۇ بۇ گەپلەرنى روزاخۇنغا دېمەيدۇ، تاسادىپەن ئۆزى ئاڭلاپ قالمىسا. زۇلھايات تەشۋىش ئىچىدە تۈزۈك ئارام ئالالمايتتى. يەتتە ئايلىق بولغان قورساق ئەتە - ئۆگۈن تۇغىدىكەن دېگەن ئاياللارنىڭ قورسىقىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن قورقۇپ قالدى.

بىر كۈنى ھاراق سورۇندا روزاخۇن ئىچىپ تەڭشىلىپ قالدى. بېشىنى شىرەگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا ئۇيقۇسى تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرەي دېگەنىدى، بىراق بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈزمىدى. گەپ پۈتۈنلەي زۇلھاياتنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ گەپلەر بىرى ئىككى، ئىككىسى ئون بولۇپ تارقالغانىدى. گەپ تۈگىگىچە سورۇندىكى ھاراق خۇمارلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ غەلىتە گەپلەرنى قوشۇپ تۇرۇشتى. روزاخۇننىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، بەدەنلىرى جاقىلداپ تىترەپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقى بىلەن يانغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بىردەم يېتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

– روزاخۇن كالتىكىڭلىنى ئىزدەۋاتامسىلە، – دەپ چاقچاق قىلدى بىرى ئۇنىڭ كالتەك دېگەن لەقىمىنى ئالاھىدە چىڭراق ئاتاپ. ھەممىسى يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

– ھاراق ئىچىمەن، ھاراق، – روزاخۇن راستىنلا مەست بولۇپ قالغاندەك ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭغا ھاراق قۇيۇپ بېرىشتى، ئۇ يەنە مەست بولدى. ھېلىقى گەپلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇ ئۆيىگە بارغۇچە شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ماڭدى. «خەپ توختاپتۇر زۇلھايات، پاچىقىڭنى چاقمايدىغان بولسام، ئىككى پۇللۇق يۈزۈمنى قويمىدىڭ». ئۇنىڭ كاللىسىدا قىزى توغرۇلۇق بولۇنغان گەپ - سۆزلەر بىلەن قىزىنى تازا بىر ئۇرۇپ پۇخادىن چىقماقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ - قوپۇپ ئۆيىگە كەلدى. ھويلىغا كىرىپلا كۆمۈرخانىدىن بىر كالتەك ئېلىپ چىقتى. ئاندىن زۇلھايات ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە تەپتى.

– چىق بۇياققا ھۇ ھايۋان، قانجۇق، – ئۇ قىزىنى نۇرغۇن سەت سۆزلەر بىلەن تىللىۋەتتى. زۇلھاياتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، «دادام ئاخىر ئۇقۇپتۇ - دە، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن». ئۇ شۇنداق ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە دادىسى ئۆيگە كىرىپ ئۈلگۈردى .

— تۇرە ئورنۇڭدىن پەس، – روزى كالتەك شۇنداق دېگەچ سۇپىغا تەستە چىقتى. زۇلھايات ئېغىر قورسىقىنى كۆتۈرۈپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە يەرگە قارىدى،

– ئېيتە، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، قورسىقىڭدىكى كىمنىڭ بالىسى؟

زۇلھايات گەپ قىلمىدى. تۇيۇقسىز يۈزىگە تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

– كۆتۈرە قولۇڭنى، – دەپ ۋارقىرىدى دادىسى خۇددى جىنايەتچىگە قىلغاندەك قوپاللىق بىلەن.

ھازىر زۇلھايات ئۇنىڭ ئالدىدا بىر جىنايەتچى ئىدى. ئۇنى جازالىمىسا بولمايتتى. بۇ پىكىر روزى كالتەكنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرەتتى . زۇلھايات قولىنى يېرىم كۆتۈرگەنىدى.

– ئېگىز كۆتەر، – ئۇ قىزىنىڭ قولىغا كالتەك بىلەن بىرنى سالدى. زۇلھاياتنىڭ سۆڭەكلىرى جىغىلداپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ مەستلىكىنى بىلىپ بەك ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۈز قىلدى.

– كېرە چاتىرىقىڭنى! – ۋارقىرىدى روزى كالتەك يەنە. زۇلھايات پۇتىنى سەل ئاچتى.

– چوڭراق كەر.

زۇلھاياتنىڭ پاقالچىقىغا يەنە بىر كالتەك تەگدى. زۇلھايات ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە پۇتىنى يەنىمۇ كەردى. بىراق بويىنىڭ ئېغىرلاپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك تېخىمۇ كېرەلمەي قالدى. ئالدىغا ئېڭىشىپ قالدى. بىلەكلىرى تىلىپ پەسلەۋاتاتتى.

– كۆتۈرە قولۇڭنى، كېرە چاتىرىقىڭنى، مەيدەڭگە

بىر ئېيتسەم، كۆتۈر يوكۇڭنى، ـ روزاخۇن يەنە ۋارقىرىدى، زۇلھايات دادىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا تىرىشسىمۇ لېكىن قىلالمايتتى.

ـ ئېيتە، ـ روزى كالتەك قىزىنىڭ بۇرنىغا كالتەك بىلەن نوقۇدى، ـ قورسىقىڭدىكى كىمنىڭ بالىسى؟

زۇلھايات يەرگە قاراپ دىر-دىر تىترەپ تۇراتتى. روزى كالتەكنىڭ كۆزىگە ئەلەم، دەرد، ئاچچىق تولغانىدى.

ـ ئېيت دەيمەن، كالتەك يەمسەن؟ ـ ئۇ كالتەكنى يەنە كۆتۈردى.

ـ مېنىڭ.

ـ يەنچۇ؟

ـ ئېرىمنىڭ.

ـ يالغان، ئېرىڭنىڭ بولسا سېنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرامتى؟ ـ روزى كالتەك كالتەك بىلەن زۇلھاياتنىڭ قولىغا بىرنى سالدى.

ـ ۋايجان! ـ چىرقىرىۋەتتى زۇلھايات، ئۇنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئېڭىكىدىن تامچىلاۋاتاتتى.

ـ زادى كىمنىڭ؟ ھېلىقى قاسماق ھارۋىكەشنىڭمۇ؟

ـ ياق، ياق، ـ زۇلھايات ۋارقىراپ كەتتى.

ـ مانا تويە، ـ روزى كالتەك زۇلھاياتنىڭ ساغرىسى ئۈستىگە، ئىنچىكە بېلىگە قوشۇپ بىرنى سالدى. تاياق زەربىسىدىن زۇلھايات يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان كەتكەنىدى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن زۇلھاياتنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. بىر جۈپ ئوغۇل ئۆلۈك ھالدا مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇلدى. بوۋاقلار شۇنداق بېجىرىم، سېمىز ئىدى. باشلىرىغىمۇ چاچ چىقىپ، پۈتۈن ئەزالىرى يېتىلىپ بولغانىدى. سەھەردە روزاخۇن مەستلىكتىن يېشىلگەندە بىر جۈپ ئوغۇلنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئوت كەتتى. بوۋاقلار شۇنداق چىرايلىق ئىدى. «نېمە بولسا بولماتتى، نېمىشقا ئۇنى ئۇردۇم، خۇدا ماڭا ئوغۇل بەرمەي يۈزۈمنى چۈشۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئوغۇل نەۋرە بەرگەندە نېمىشقا بىلمىدىم. ئوغۇل، ئوغۇل دەپ قېرىدىم، ھەي مەستلىك، ئۇرمىغان بولسام ساق تۇغۇلسا بىر جۈپ ئوغۇل مېنىڭ ئوغلۇم بولاتتى». روزى كالتەك شۇنداق ئويلاپ خورسىندى. كۆز چانقى ياش بىلەن تولدى. ئادەم بولغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم يۈرىكى ھەقىقىي ئادەمنىڭ يۈرىكىدەك كۆيۈپ باغرى ئۆرتەندى. ئۇنىڭ باغرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن، شۇنداق رەھىمسىز بىر ئىنسان ئىدى. ئۆلۈك تۇغۇلغان نارەسىدىلەر ئۇنىڭ باغرىنى ئېرىتكەنىدى.

5

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەھەللىگە پۇر كەتتى. روزى كالتەك زۇلھاياتنىڭ قورسىقىدىكى ھارۋىكەشنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، كېيىن ئۆلۈك تۇغۇلغان بىر جۈپ ئوغۇلغا قاراپ چىدىماي يىغلاپ كېتىپتۇ، دېگەن سۆزلەر مەھەللىدە بىر ئىدى. بۇ گەپلەر روزى كالتەكنىڭ قۇلىقىغىمۇ چۈشتى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى ياكى قىزىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمىسا، ياكى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ قىزىنى بۇ ئۆيدىن قوغلىسۇنمۇ؟ ئۇ نەگىمۇ بارار؟ خەقلەر روزاخۇنغا قىزىنى بېقىش ئېغىر كېلىپ ئاران تۇرۇپتىكەن، شۇ باھانىدە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ، دېمەسمۇ؟!...

روزى كالتەكنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىز ھېلىقى ھارۋىكەشنى تېپىپ ئۇنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويۇش، شۇ ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىش، خورلۇق، نومۇسنى ئاقلاش كېلىپ قالدى. ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى.

روزى كالتەك بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا ئۆيگە باردى. بۇ ئۇنىڭ قىزىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەندىن بۇيان بازاردا نېسىگە تاماق يەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتكىنى ئىدى. ئۇ ئۆيگە تۈزۈكرەك ئىگە بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە كېتىۋېتىپ ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا مۇشتلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى. «مېنىڭ نېمە كارىم، بۇ ئىشلارنى كوچا ئامانلىق ساقچىلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن» دەپ كېتىشكە تەمشىلىپ توختاپ قالدى. ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ بىرى ھېلىقى ھارۋىكەش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ يەنە بىرىنى قويۇۋېتىپ، ھارۋىكەشنى ئېلىپ ئىدارىسىگە باردى. ھارۋىكەشكە يەنە خېلى جىنايەتلەرنى ئارتىپ ئۇنى ئوغرى، لۈكچەك دەپ ئاددىيلا رەسمىيەت ئۆتەپ تۈرمىگە يوللىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئارتقان جىنايەتلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. تېخى تەكشۈرۈلمىگەنىدى. ئەتىسى ئۇ بۆلۈم باشلىقىغا ئىلتىماس قىلىپ يالۋۇرۇپ «ئۆزۈم تۇتقان بۇ ئادەمنى ئۆزۈم سوراق قىلىپ ئېنىقلايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم بۆلۈم باشلىقىمۇ ئۇنىڭغا يول قويدى.

ھارۋىكەش سوراقخانىغا كەلتۈرۈلگەنىدى. روزى كالتەك قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يازاتتى. يېزىپ بولۇپ يەنە يانچۇقىغا سالاتتى. يەنە ئالاتتى. ئالدىدا يازغان خېتىنى چىجىلاپ ئۇچۇرۇپ يەنە يازاتتى. ئۇنىڭ ئۇسۇپ كەتكەن قاشلىرى كۆزىنى يېپىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. روزى كالتەك ھارۋىكەشكە تىكىلىپ خېلى ئۇزاق قارىدى. ھارۋىكەش ئۇنىڭ كۆزىدىن قورقۇپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى. روزى كالتەك ئورنىدىن تۇردى. ھېچقانداق گەپ سورىماستىنلا كېلىپ رېزىنكە كالتەك بىلەن ھارۋىكەشنى بىرنەچچىنى

ئۇرۇۋەتتى. ئاندىن ۋارقىرىدى:

— كۆتۈر قولۇڭنى، كىرە چاتىرىقىڭنى، مەيدەڭگە بىر تېپەمەن، كۆتۈر پوكۇنىڭنى، ھۇ ئاناڭنى!

ھارۋىكەش قورقۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا تىرىشتى. لېكىن روزى كالتەك رازى بولماي ھارۋىكەشنىڭ قولىغا ئۇردى. پۇتىغا بىرنى تېپىۋىدى ھارۋىكەش ئوڭدا چۈشتى.

— تۈر سىڭلىڭنى... — روزى كالتەك ئادەم ئاغزىغا ئالغۇسىز سەت تىللار بىلەن ئۇنى شۇنداق تىللاپ كەتتى.

روزى كالتەك ھارۋىكەشتىن يا ئۇرۇشۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا گەپ سورىمىدى، يا «قىزىمغا نېمىشقا چېقىلدىڭ» دەپ سورىيالمايتتى. پەقەت ئۇنى قىيناليتتى، ئۆچىنى ئالالايتتى. روزى كالتەك ھارۋىكەشنى قاتتىق ئۇردى. ھارۋىكەش قوپالمىدى، قولىمۇ سۇندى. كېيىن ھارۋىكەش ئازراق جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ جىنايىتى بار دېيىلمىدى. روزاخۇن سوراق قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىداردىن ئۇنى قايتا سوراققا بارغۇزماي باشقا ئادەم ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. ھارۋىكەش گۇناھسىز تاياق يېگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تاياقنىڭ ئۆچىنى چوقۇم ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. بالىلار بايرىمى ئاخشىمى روزى كالتەك خېلىلا ئىچىپ قىزىۋالدى. سورۇن ئاخىرلاشقاندا تۈن يېرىم بولغانىدى. يېرىم يولغا كەلگەندە بىرەيلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— روزىكا، روزىكا، — دەپ چاقىردى.

— كىمسەن؟ — سورىدى ئۇ.

— سىلى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايلا، بىراق مەن سىلىنى بىلىمەن، مېنىڭ ئاكام سىلى بىلەن بىر ئىداردە ئىشلەيدىغۇ، — دېدى ھېلىقى نامەلۇم كىشى ئىدارىدىكى بىر ساقچىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۇنى ئىشەندۈردى. ئاندىن ئۇنى «ئازراق ئىچىشەيلى» دەپ ئېلىپ ماڭدى. كەمبەغەل كۆرۈنىدىغان بىر ھويلىغا كىرىشتى، ئىچىشتى. روزاخۇن بەك مەست بولدى. ئۇلارنىڭ توپىغا يەنە بىر ئادەم قېتىلدى. ئۇ:

— روزى كالتەك مېنى تونۇدۇڭمۇ، — دېدى.

روزاخۇن مىنۇتسىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزىنى تەستە ئېچىپ قارىدى، لېكىن تونۇيالمىدى.

— ياق.

— مانا تونۇمساڭ، — ئۇ ئادەم بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ روزى كالتەكنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بوتۇلكا چېقىلىپ پاچاقلىنىپ كەتتى. روزاخۇن ئوڭدا چۈشتى. كېيىن ئۈچى بىر بولۇپ روزاخۇننى ئۇرۇپ، چەيلەپ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى. پۇتىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، ئاندىن ئۇنى ھارۋىسىغا بېسىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىۋەتتى.

زۇلھاياتنىڭ قىرقى توشۇپ ماغدۇرىغا كەلگەن بىر كۈنى سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بويىدىن ئاجراپ كەتكەندىن بۇيان باشقىلارغا قاراشقا، ئۇز يۇرتىدا تۇرۇشقا پېتىنالماس بولۇپ قالغانىدى. تونۇش ئادەملەردىن قاچاتتى، ئۆيگە كىرىپ قالسىمۇ دادىسىدىن قېچىپ باشقا ئۆيگە كىرىۋالاتتى، ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئۆيگە قايتا كىرمىدى. ئۆيدىكىلەرمۇ زۇلھاياتنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى، ئىز - دېرىكى بولمىدى.

روزى كالتەك دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققاندا مېڭىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ بىر ساراڭغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ دائىم ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەۋېرەتتى. پۇتى تۈز ساقايماي قالغاچقا ئاقساقلاپ ماڭاتتى. ئۆيگە سولاپ قويسىمۇ تۇرماي دائىم كوچىغا چىقىۋالاتتى. قولىغا بىر دانە تاياق ئېلىۋالغان بولۇپ، بىر ئادەمنى كۆرسىلا تايىقىنى كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلىپ، «كۆتۈر قولۇڭنى، كىرە چاتىرىقىڭنى، مەيدەڭگە بىر تېپەمەن، كۆتۈر پوكۇنىڭنى!» دەپ بۇيرۇق قىلاتتى. كىشىلەر قېچىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىپ قالغانلار ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. روزى كالتەك كوچىدا دوڭقاسلاپ كېتىۋاتاتتى. چاچلىرى ئۆسۈپ، كىرلىشىپ مەينەت بولۇپ كەتكەن، ئۇستىدە كۆڭلەكمۇ يوق، مەيدىسىدىكى تۈكلەرمۇ ئاقىرىپ كەتكەن، ئىشتىنىنىڭ ئالدى ئېچىلىپ قالغان. ئۇ ئاشۇ ئۆگىنىپ قالغان گەپلەرنى تەكرارلاپ ئۆتكەنلەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن تايىقىنى كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىرمۇنچە ئۇششاق بالىلار ئەگىشىۋالغان، چۇرقىرىشىپ تاش، چالما ئېتىشىپ ئۇنى مازاق قىلىشماقتا. روزاخۇن ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ تايىقىنى تەڭلەپ قوغلىغاندا بالىلار قېچىپ كېتىشەتتى. ئالدىغا قاراپ ماڭسا قوغلايتتى. ھازىر ئۇنى شەھەردە ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ روزى كالتەك دېگەن لەقىمي ئۆزگىرىپ كالتەك ساراڭ، كالتەك سارىڭى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى. كالتەك سارىڭى دېسىلا ئۇنى ھەرقانداق ئادەم بىلەتتى.

ئۇششاق بالىلار چۇرقىرىشىپ كالتەك سارىڭنى قوغلاۋاتاتتى، چالما ئېتىشىۋاتاتتى.

— كالتەك، كالتەك، روزى كالتەك، ساراڭ كالتەك، كالتەك ساراڭ.

ئۇششاق بالىلار ئاشۇنداق دەپ چۇرقىرىشاتتى. روزاخۇن بولسا ئۆگىنىپ قالغان گېپىنى دەپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. قولىدىكى تايىقىنى غەلىتە پۇلاڭلىتاتتى.

— كۆتۈر قولۇڭنى، كىرە چاتىرىقىڭنى، مەيدەڭگە بىر تېپەمەن، كۆتۈر پوكۇنىڭنى...



# شېئىرلار

- ئاناغا بېغىشلاپ

## ئەنۋەر ئەخمەت

جېلىل خېلىل تەرجىمىسى

*يىراق ئەسىر ۋە ناتونۇش يىللار قوينىدىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن قانچە كېچىلەپ ئامانلىق سورىشىمەن. بۇندا ئۆمۈردىنمۇ ئۇزاق بىر كۈتۈشنىڭ بارلىقى كۆڭلۈمگە ئايان. دىيارىمنىڭ تاقىر تاغلىرى بېشىدا شادىيانە ياكى مۇڭلۇق تۆكۈلۈۋاتقان كۈيلەر – بۇ مېنىڭ ئۇزۇۋقۇم، يالقۇنۇم. ياشلىق باھارىمنىڭ قالدىسىمۇ، شۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ پۈتكۈسى.*

*مەن ئاللىقاچان 33 زېمىستاننى بېسىپ ئۆتتۈم. ئۆلۈمنىڭ قارا كۆلەڭگىسى روھىمنىڭ ئەينەك دېرىزىسىنى تىنىمسىز چەكسە، سەن مەندىن نېچۈك شۇنچە غەمكىنسەن، دەپ سورىما. مېنىڭ مۇزلىغان قەلبىم بۆرىنىڭ نەسلى ئۇ شۇ قەدەر تەنھا ۋە شۇ قەدەر شەپقەتسىز بولسىمۇ شۇ قەدەر ئىنسانىي تۇيغۇلارغا باي!*



### ئەسر قەسىدىسى

دېڭىزدىنمۇ قەدىم مۇھەببەت
قايتتى بىزگە قۇياش نۇرىدەك
نۇرغۇن سەۋەنلىك
بولساقمۇ گەر گۇناھسىز
بارمۇ يۈزىمىز
ياشىغۇچى سالاھىيەت بىلەن قول ئېلىشىشقا
بىزدىن بۇرۇن ئۇ ئالەمگە يول ئالغانلارغا

تىنچ ئەنبەردەك مايىنىڭ ئاخشىمى
تىرىكتۇر ئاتىلار
ئۇن ئىككى مۇقام كۈيلىرى ئارا
كۈمۈشتەك ساقالدىن باشلانغان بىر يول
كېتەر، كېلەر نۇرغۇن كىشىلەر
ئېلىپ بوغدا چوققىسىدا قاتقان قار - مۇزنى
مەنزىلنى تاپالمىغان ئازغۇن تارىمنى

ياشاش بىر پۇرسەت قىسقا نىھايەت
ئۇ قولىمىزدا كىرىزىسقا تولغان بىر قەدەھ

ياشاش تامام دات باسقان كەتمەن
كونىراپ بۇرجەكلىرى تىتىلغان «قۇرئان»
ئۇ ھەم نەچچە ئەۋلاد سىيرىپ تۈگىتەلمەي
ئەۋلادلارغا قالغان بىر تەسۋى
تەنھا كەپتەر
چاقنار شەھەر بوشلۇقىدا يۈرەكئالدى ھەم
ياردار قۇياش بۇلۇت ئارا كۆرسىتەر تەلەت
سانسىز قېتىم يامالغان ئاسمان ئاستىدا
سوزۇلغانمۇ بارچە يوللار نادانلىق تامان
بۇندا پەقەت قۇياشنىڭ نۇرى
جىمجىت قاراڭغۇلۇققا سىمۋول بولغان

ئاقساقاللار – بوۋامدەكلا تولغان مېھرگە
خۇددى سۇزۇك خىروسنالدەك تۇغۇل - قىزچاقلار
چاقناق نەكىنىڭ ئاستىدىكى ئەي گۈلگۈن ئايال
سىلەر ئۈچۈن يىغلاۋاتقان ئەمەس بىر مەنىلا
دېڭىز - ئوكيان نەرك ئەتكەن يىراق ئۇرۇمچى
قەشقەر، خوتەندە، ئىلىدا
چۈش
كۆپتۇر بەك كۆپ

تارىخ تەرىپىدىن ئوقۇلغان كىشىلەر
تارىخ ئۈچۈن بارلىقىنى ئەيلىمىدۇ بەربات
كېتەي دېسىمۇ دۇنيادىن بىپەرۋا بەگۋاش
ئامالسىز قېچىشقا ئۇلار تارىخ ئالدىدىن
ياشار ھەر ۋاقىت تارىخنىڭ تاللىشىغا باب

ئىزى ئۆچكەن قەدىمىي قاغجىراق دەريا
زەڭگەر ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن راسا
سۇ ئالار ئانام سايىسى دەريادىن تىنماي
بۇغدايدەك تازا
توغراقلىقتىن سادا بەرگەن قەدەم تۈۋشى
ئاشلىق ھەممە يۇلتۇزلۇق كۆكنى باسقان ئېشەك ھارۋا

يۈرەر يەنىلا شۇ ئاۋۋالقى چىغىر يولدا
ياقار چوپان پادىسىنى قىزىل گۈگۈمدا
تۈن - كېچىدە چېكىلگەن ئىشىك
ئويغاتتى ئەنسىز بالىنى چۈشىدىن
دادام سەپەردە يامغۇرغا ئايلاندى يىشى
تا ھازىرغىچە يوقتۇر ھېچ خەۋەر
قەيەردىندۇر كۆتۈرۈلەر ئىس
يىراقتا كارۋان
يىللار ۋە گاڭگىراشنى يۈك قىلىپ
يۈرەر جېدەللەپ نىشان تامان
يىپەك قاشتېشى ئالتۇن كۈمۈش
ھەم قۇپقۇرۇق قول
گاچىغا ئايلانغان توزان
تاۋاپكارلار كەتتى ھەر تەرەپ
قالدۇرۇپ ئۈزۈلمەس نەزىر - چىراقنى
ئاي - يۇلتۇزنى سەرسان بۇلۇتنى
باھارنىڭ شالاڭ ئوتلىرى
ئالغان قەدىمىي چۆللۈكنى چۈمكەپ
شامال ئۈن - تىنسىز ھۇشقىتار
ھەممە قىسمەتكە ئايلانغان تامام
پاكلىق رەزىللىك شۆھرەت چۈش - خىيال
ئەسەبىي شادلىق ئېتىقاد
چۆل تاشلىرى يىرگىنىشلىك گۈزەللىك ئارا
قاقاس دالانى تۇرۇپتۇ يۆركەپ

كۆيەر گۈگۈم قارا كۆلگە ئايلىنىپ
بىز سۆيۈشكەن ھەم يىغلىغان شۇ پەردە
ئېغىر توزانلار تۈن كۆكنى ئۇچار بىر ئېلىپ
ئاباغلاشقان قايتا ئويىنلار قايتا باشلىنار
تۈنۈگۈن بۈگۈن ئەتە
بىر توپ ئادەم ئوخشاپ گۈگۈمغا
توقار خارابىلاشقان گۈزەللىكنى
ئەمما تەڭرى
ئاڭلاپ بولۇپ مەدھىيىسىنى ئۇلارنىڭ
ھەيدەر تامام ھەممىسىنى دوزاخقا
زەڭگەر ئاسمان مۇنبەت يەرنى ئىگىلەپ ئۆزى
ئۇلۇغۋار ئۈزۈلمەس غۇۋالىقنىڭ ئىچرە
ئىشلەيمىز
تەپەككۇر قىلىمىز
يارىتىمىز
ئۆزگە بىر دۇنيادىن بېرىپ بېشارەت
تەنھالىقىمىز
ھەرە چىشىدەك نۇرلىرىدا چاقار كۆزلەرنى

## بۇ كېچە

بۇ كېچە
سۆزلىمىگىن ئانام ھەممە ئات ھەققىدە
ئاتام ئات
ئىسسىق - سوغۇقنى كەچۈرۈپ باشتىن
چاپماقتا مېنىڭ قۇرۇق باياۋىنىمدا
چېكىپ زېمىننىڭ يۈرىكىنى
چېكىپ مېنىڭ يۈرىكىمنى

سۆزلىمىگىن ئازاب ھەققىدە
ئوخشايدۇ ئۇ كۆلنىڭ سۈيىگە
سۆزلىمىگىن قىرى ئاي ھەققىدە
يورۇق بەرمەس بۇ كېچىگە
سۆزلىمىگىن زۇلمەتتىكى گاراڭ يىللار ھەققىدە
بۇ كېچە
مەنسۇپ پەقەت ئۆزىگە
قارىغىنا ئاققان سۇلار
غايىب بولار بۇ كېچىنىڭ چۈشلىرى ئارا
يىراقتا پەقەت جىمجىت كەنت
ئاتا نېمە سېنى
ئىگە قىلدى مۇشۇنداق مول ئېتىقادقا

چېپىۋاتقان گۈلدەك يالقۇندەك
روھ جاراھىتىنى چېكىدۇ ئات
بۇ كېچە

سۆزلىمە تەنها مەن ھەققىدە
سۆزلىمە قاغجىراق دەريا بويىدا
سۆزلىمە...
دۆۋىلەنگەن پارچە ئىشلار يىللار پىراقىدا
ئاتامنىڭ ئاشلىغىدەك يالقۇندەك
داۋاملىق يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت
بىلدىڭمۇ ئاتىنىڭ چايقۇرلىقىنى
بۇ كېچە مېنى
ئالدى چوڭقۇر ئىلكىگە ھەسرەت

## كۆك گۈمبەز

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

### قۇغۇرسۇ ئالتۇن①

خەلق مەيدانىغا
كىرىپ كەلدى سەن سىزغان يايلاق
«كىملىكىڭ قېنى؟» —
تۇرۇپ قالدى سەن سىزغان يايلاق.

بۇ بىر پاسپورت دەۋرى
ئوقۇسام شېئىرىڭنى، لېكىن
دەرمىخلەردىن چىقىپ كېلەر يول
قارا،
جىرالاردا مىشەك يالتىرار
ئات كىشنىشى قىيالاردا مۇخ.

سەن قۇشلارنى قوياشتىن
مايسىلار رەڭگىدە تۇغدۇرغان ئىدىڭ
لېكىن، مايسىلار
زاۋۇتلاردا ياسىلار بۈگۈن.

شامال
بار بىلەن يوققا مىسال
بارلىق ئوتلارنىڭ يەلپۈنۈشىدە
يوقلۇقى كۆزلەرنىڭ تەلپۈنۈشىدە
دولقۇنلۇق دەريا
يەرگە كۆچكەن شامالدۇر گويا.

شەھەرلەردە سەھەر يوق
سىزغانلىرىڭ مەڭگۈلۈك سەھەر
چوغاي تاغلىرىغا قونغان
شۇ سەھەرنى چۈشەيدۇ
شۇ سەھەرنى تىلەيدۇ
باغچىدىكى بۆركۈتلەر.

قۇغۇرسۇ ئالتۇن
ئىمزايىڭنى كۆرمىدىم
قەلىم ھەققى تارقاتقان يەردە.
بۇ بىر دىپلو
بۇ بىر تۇگۈن.
تاش شىر ئالدىدىن
بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە پۇل سۇلالىسى
قەلەم ھەققى
شېئىرىڭ ئۆلۈمگە بېرىلگەن نەزىر.
مەن يېڭىدىن يېزىۋاتىمەن
كۆكرىكىڭگە قىلىچ قادالغان
جەسەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ.

سۆزۈك تاشمەن، قۇغۇرسۇر ئالتۇن
دەريايىڭدا چايقىلىپ تۇرغان.

### جالالىدىن رۇمى②

ئاي ئۆرلىدى، ئىتىزلار ھارغىن
كۈندۈز تىنىپ ياتماقتا بىھوش
ئايدىڭ تەڭگە قۇيۇلغان شاراب
جېنىم يارقىن مەست بولغان بىر قۇش.

كۆمتۈرۈلگەن قەدەھتۇر ئاسمان
ئاقماقتا مەي پەلەك سىرتىغا
بارچە شاراب سىرتىمدا، لېكىن
تۇتۇلدۇم مەن ئۇنىڭ دۇتىغا.

يەر سىرىنى ئېيتىدۇ تۇندە
دولقۇنلايدۇ چۈۋۈلغان چاچلار
كۆيۈۋاتقان ھەرپ بۇلتۇزلار
سىماپ رەڭگىدە ئاقىدۇ تاشلار.

### پاستىرناك③

ئايان بولدى غۇرۇرۇڭ يەرقى
زىمىستاندا چاقنىغاندا قار
قۇچىتى شامىلىڭ يورۇقلىرىنى
تۈن باغرىدا جىمجىت ئارچىزار.

ئالاي خۇمار يېزىق ئۇستىلىك
قەتلىگاھقا قويۇلغان گويا
ئەرۋاھلارنىڭ كۆلەڭگىسىدە
شارقىرايدۇ يوچۇن بىر دەريا.

دۆۋەتلىرىڭ قاپقارا سىياھ
قىش ھەققىدە كۈيلىدىڭ تەكرار
ئالقىنىڭدا يېشىل يوپۇرماق
يۈرىكىڭگە چىلايسەن بىدار.

غەم ئىلكىدە تىنساڭ بىر نەپەس
رەستىلەرنى قاپلار كېپىنەك
سۆزلىرىڭگە كۆچۈپ بۇ ئالەم
بولۇپ قالار مەڭگۈلۈك چېچەك.

سازىڭ بولۇپ تۇيۇلار ماڭا
زاغلار ئۇچۇپ يۈرگەن قەھرىتان
كۈيلەر ئاۋۇن زۇمرەت رەڭگىدە
دولقۇنىدا يۇيۇنماقتا جان.

## ھايات ۋە شائىر

**1**

بىزنى ئېلىپ ماڭار بىر كىچىك قولۋاق،
دېڭىزنىڭ سۇلىرى پايانسىز، ئويناق.
كۆڭۈلدە بىر سادا، ئېيتىدۇ شۇنى –
پەلەكتە يۇلتۇزلار بولۇپ قوڭغۇراق.

**2**

يۇلتۇزلار شائىرنىڭ قەلبىگە كۆچتى،
شائىرنى ياندۇرۇپ ھەم ئۆزى ئۆچتى.
پەسىللەر لىۋىدە ھەمىشە بىر ئوت
ئوت نېمە؟
ئېيتىڭلار، بۇنى كىم يەشتى.

1. قۇغۇرسۇر ئالتۇن – (مىلادى 487 – 567) قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرى. مەشھۇر «تۇرا قوشىقى»نىڭ ئاپتورى.

1. جالالىددىن رۇمى – (1207 – 1273) پارس تىللىق تەسەۋۋۇپچى شائىر. ئۇنىڭ دۇنيا پەلسەپە تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

1. بورىس پاستىرناك – (1890 – 1960) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى رۇس شائىرى. مۇرەككەپ سىياسىي دەۋرلەردە ئېغىر تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شېئىرىيەت ئەقىدىسىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ. 1958 – يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان.

## غەزەللەر

### مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئوۋچى)

**(1)**

تەبەسسۇم بىرلە كۈلپەتنىڭ بېشىمدىن جىلۋىسى ئۆچتى،
سەرەتان ئەرلىكىم بىرلە گۇناھنىڭ قىبلىسى ئۆچتى.

ناگاھ تۈنلەردە تەنھامەن، غېرىب ئايدىڭدا پەر قاققان،
تۇغۇمنىڭ يىلتىزى ئۆلگەچ، ئۆلۈمنىڭ كۈلكىسى ئۆچتى.

چىقىلغان ئارمىنىم يەردە، قاناتسىز كۆكتە سايەم بار،
سۇنۇق پەرۋازدا روھىمنىڭ يېگانە ئەركىسى ئۆچتى.

چىمەنلەر ئەكسىدە غۇربەت تۇماندا ئۆكسىدى گۈللەر،
ئاڭا چۆكسەم شەپەق يەڭلىغ تېنىمنىڭ بەرگىسى ئۆچتى.

غېرىب دوقمۇش ئارا قىلدىم سوغۇق تۈنلەرگە زىننەت بوپ،
ۋۇجۇت بەرقى زىياسىنىڭ نۇرانە شولىسى ئۆچتى...

**(2)**

گۈگۈم بەرگىدە تەنھالىق بوسۇغام ئالدىغا چۈشتى،
سېنىڭ ئۆكمەس ئۈنۈڭ بۇدەم قۇلاقنىڭ دامىغا چۈشتى.

كېلەر ئۆلگەن چىغىرلاردىن سېنىڭ نازۇك غېرىب روھىڭ،
تەبەسسۇم سايىسى ئاستا خىيالىم شامىغا چۈشتى.

زامان بەرقىدە تۈزلانغان ئېسىم كۈلپەتلىرى غەلۋىر،
شۇ غەلۋىر تالىقىشى تەنھا يۈرەكنىڭ جامىغا چۈشتى.

چېقىق ئارمان ئارا قاردەك ياغارسەن ئۈستى - باشىمغا،
نىھايەت توزىغان قارلار ۋىسالىم قانىغا چۈشتى.

جاراھەت ئەۋجىدە كۆيدۇم، كۆلۈم ئۇوكيانىدا ئالەم،
سېنىڭ قەترە يېشىڭ بويلاپ تەگرىسىڭ جانىغا چۈشتى.

تىنىم قاسراقلىرى تورغۇپ ئۇچار كەچ كۈز خازانىدەك،
بۇ كەچ كۈز يالىرىقى ئاخىر ئۆلۈمىنىڭ يادىغا چۈشتى.

**(3)**

جۇنۇن پەيكانىسى ئاتقان نىشانسىز بىر ساداق قەلبىم،
ھايات كۆلپەتلىرى ئىچرە يەنە يۈزمىڭ قاداق قەلبىم.

كۆزۈم سەنھىدە لەيلەيدۇ باياۋان شولىسى تەۋرەپ،
شۇ شولا ئەۋجىدە مۈڭلۈق خازان تولغان بۇلاق قەلبىم.

ۋاقىت تىرناقلىرى ھەردەم ياقامدىن ئاجرىماس ئىسلا،
ئۆلۈك ئارمان نىگاھىدا گويا قاقشال شۋاق قەلبىم.

كېچە ئەرۋاھلىرى توپ - توپ ئىچەرگە مەي سوراپ كىرسە،
قېنىمنى مەي قىلىپ ساتقان ئەجەب رەڭۋاز قاۋاق قەلبىم.

تىلەپ بەختىمنى ئاسماندىن، يېتىپ لايلارغا بۇلغاندىم،
ئىلاھنىڭ تېنىدىن سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن سوۋاق قەلبىم...

**(4)**

تەبەسسۇم بىرلە يالقۇنمەن كۆيۈك قەلبىم دالاسىدا،
چېچىلغايمەن ساڭا قاردەك توزۇپ سەبرىم ھاۋاسىدا.

چېچەكنىڭ يالقۇنلىرى يالماپ ئۆلۈك روھىمغا جان بەرگەي،
ئۆچارمەن مىنگىشىپ ئارمان بىلەن تاڭنىڭ ساپاسىدا.

خىيال ئاپتىپى قەلبىمنىڭ سۇنۇق گىرۋەكىدە چاقناپ،
تېنىمدىن قان بىرەر ھەردەم ئۆلۈملەرنىڭ زىياسىدا.

تەپەككۇر بىرلە سايەڭنىڭ يىراق قىتئەسىگە چۆكتۈم،
زىلال كۆلكەڭ تېشىپ چىقتى يۈرەكتىن قان جۇلاسىدا.

ئاقار قەلبىم، ئاقار چۆللەر، ئەسىرلىك چاڭقىشىم ھەمدە،
رىيائىلىق بىرلە چۈشلەرنىڭ گىرەلەشكەن ئاراسىدا.

**(5)**

تۆكۈلگەي بەرگىدىن گۈللەر غېرىب دىللار ناۋا قىلساڭ،
چاراسلاپ كۆيگۈسى روھلار ۋۇجۇت بەرقى ساما قىلساڭ.

باياۋان يانغىنى ئاخىر چېكىنتىلەر قەسرىگە كۆچكەي،
بۇ ئەركە تەنلىرىڭ تەندە جېجىپ ئاتەش گۇناھ قىلساڭ،

قەلەم ئوت، بۇ ئوتنىڭ يىلتىزى غۇربەتكە چىرماشقان،
بۇ غۇربەت تەركىي ۋەيرانلىق قېنىمنى گەر سىياھ قىلساڭ.

تامار ئاتەش ئەپسەلەردىن جۇدالىق يامغۇرى پىنھان،
بۇ يامغۇر مەۋجىدە ياشنار مۇھەببەتنى بىنا قىلساڭ.

چاچار كۆزلەرگە تەنھالىق قوقاس چۈشلەرنى ئايدىڭدا،
ئۆزۈلگەي تارىسى جاننىڭ بۇ سەۋدانى يانا قىلساڭ.

كەپىلىك سايىسى جىلۋەڭ ئارا لىق كەلدى قەلبىمگە،
چېكەرمەن تاڭغا نەقشىڭنى ئۈمىدلەرنى يارا قىلساڭ.

## قەلەندەرسىز ھايات

### ئۆمەر مەتمىن

دەرمىخ ئۈمىدىنى ئۆزدى ھاياتتىن
يىل بويى توپلىغان تەڭگىلىرىنى
سورۇۋەتتى شامالغا پىر - پىر.
ئورمانلار قاپچۇقى كۆردى قىيامەت
بۇ دەم ھايات غالجىر، تەبىئەت غالجىر
پېشىللىق تەڭگىلەردىن بەزگەن چېغى
تەڭگىلەر زىرىكىپتۇ پېشىل رەڭدىن
داغ قاپتۇ تەڭگىلەردە سىزىق - سىزىق
ھەقىقەتنىڭ يۈرىكىدەك تىلىم - تىلىم

يوپۇرماق — دەرەخلەردە ئۈنگەن قانات
دەرەخ — قۇش بىرەر قېتىم ئۇچالمىغان.
شائىرلىق — شائىرلارغا بىر قەدەھ مەي
ئاچچىق بولغاچ ئۇ يوقسۇزلۇق دەردىدىنمۇ
تەگرىمۇ باشقىلارغا تۇتالمىغان.
قوش رومكا — شائىر ئۇچۇن كۈلكە، ئەلەم
ئەلەمنى ئۆزى ئىچەر، كۈلكىنى ئەل

تامىرىنى چۈشۈرمىگەن مېيتىلار
ئۇششۇكنىڭ قولىدا سىرىدۇ تەسۋى
يانچۇقسىز تەڭگىلەر ئىزدىشەر بازار
ئۆلگەن سودىگەردە جەزىرە ئېسى
بۇ يېللىق تەڭگىلەر ئەتكەس، بىماكان
قەلەندەرلەر بوقالغان قايان؟

# ئىككى شېئىر

### ئابدۇللا ئېلى

## مۇمكىنسىز كۈتۈش

كەل
مېنىڭدىكى سۆيۈملۈك ھېسلار،
ئايدىڭدىكى ئاداققى كۈتۈش
كېچىدىكى نۇردەك تۆكۈلۈش.

كەل
ئۆكسۈپ قالغان غېرىب ئارمانلار،
سۆيۈپ قويغىن لېۋىمگە تاتلىق.
توختات ئەمدى كۆز ياشلىرىڭنى
ئازابلارنى قاپلىسۇن شادلىق.

كەل
قاشتېشىدەك ئۇماق ياتسىراش
قىزىل چىراغ يېنىپ قالغاندا
يول تاپالماي مەۋھۇم تېڭىرقاش
تاسادىپىي ئۆزىنى بايقاش.

كەل
بىدارلىقتا مەخپىي تېۋىنىش
ھاياتلىققا تەكرار يېلىنىش.
ئۇن سەككىزگە تولغان قىزچاقتەك
چۈچۈككىنە مەنلىك قىيىداش،
كوچىدىكى تىلەمچىلەردەك
قائىدىنى يالغاندىن ئاياش.

كەل
كەل تەكرارلان گۈزەل كەچمىشلەر،
سۈرىتىمنى سىزغىن قايتىلاپ.
رەڭ تاللىغىن ياۋايىلىقتىن،
بەتلىرىمنى سۈرتۈپ قوي ساقلاپ.

كەل
كېلىشىڭدىن تۇغۇلار چوقۇم
كۆزىڭىدىن يېڭى بىر سەھەر.
ئۆز - ئۆزۈمدىن قالارمەن ئېزىپ
خۇيلىرىمدىن كېتەرمەن تېزىپ،
بوقىلارمەن شۇ چاغ دۇنيادىن
كۈتمىشىمگە يەتكەندە ئەگەر.

## ئىككىنچى تۇغۇلۇش

سوغۇقتا رەڭ تۈزىپ كىردى بىر كېچە،
تۈن قۇشى پەر قېقىپ قىلماقتا پەرۋاز.
چۈشلىرىم كۆزىدە تونۇلدۇم قايتا،
ياڭرىدى سەزگۈمدىن سېھىرلىك ئاۋاز.

ئامبۇردەك قىسسىمۇ نىم ئاتمۇسفېرا،
يىرتىشقا باشلىدىم قاسراقلىرىنى.
خىيالسىز بوشلۇقتا دەۋرىگەن روھىم،
قەلبىمدەك يورۇتتى كېچە قوينىنى.

ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە كەتتى سىڭىشىپ،
ئىلاھى مەنىدىن پاكلانغان تامچە.
بىر شەيتان يېتىلەپ تەۋەللۇتۇمنى،
تېنىمنى كۆيدۈردى لاۋۇلداتقانچە.

نىشاندىن ئادىشىپ تۈن قۇشلىرىمۇ،
ياڭلىقىنىڭ تەپتىدە قالدى تەمترەپ.
ۋۇجۇدۇم شىرنىسى قۇيۇلغان چېچەك،
قاراڭغۇ كېچىدە كەتتى پورەكلەپ.

خۇشپۇراق ھىدلىنىپ پوقلۇقلار ئارا،
چوغلاندى زېمىننىڭ باغرىدا قۇياش.
يېقىنلاپ كەلمەكتە ئەقەللىي ئۆلۈم،
شۇبھىسىز ئەقەللىي تۇغۇمغا تۇتاش...

# ئىككى شېئىر

### ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

## تۈنلەر مىسكىن

خىيالچان كۆزلەرنىڭ مىسكىن تۈنى بار،
يۈرىكى يىراقتۇر ئاشۇ شۇ قەدەر.
تۈيغۇسىز مەۋجۇتمۇ ھاياتنىڭ ئۆزى
غېرىبلىق، مىسكىنلىك توزۇپ چۈشكەن زەر.
بىغلاڭغۇ دۇنيانىڭ پانىي قوينى بار،
كۆكرەكلەر ئەۋجىگە قانسۇن بۇ يۈرەك.
ئۆزىنىڭ شەكلىنى بىرتىپ بىر كېچە،
بالىياتقۇ ئىچىدە ئاچىدۇ پورەك.

ئۆزۈڭگە يېقىنلاپ كېلىسەن چوقۇم،
كۆزۈڭدىن چۈشۈكنىڭ خۇنى كەتمىگەن.
تالاي رەت ئۆزۈڭنى تاپالمىغانسەن،
قىسمەتكە ياتلىق بوپ تۇرار مانا تەن.

سوغۇرۇلۇپ چىق ئەمدى چىقىش ھەممىدىن،
ھەتتاكى چىق ساختا ئادەم ئىچىدىن.
ھاياتىڭ ئۆزىمۇ ساختا شەكىلدۇر،
بىر - بىرلەپ ئۆزىنى ياسار يېڭىدىن.

ئازابتۇر دۇنياغا قەدەم باسماقلىق،
يېگانە ئادەمگە يېقىن تۇرغانلار.
ناتونۇش كائىنات ناتونۇش ھەتتا،
روھ ۋە تېنىمنى ئاتا قىلغانلار.

## شېرىن چۈش

بىر قىزچاق كوچىغا يالىڭاچ چىقىپ
يىرتىپ تاشلىدى قات - قات ئەخلاقنى.
زارىققان ھۆجەيرەم كەتتى تىپىرلاپ
پەش قىلىپ ئاھ، مېنىڭ ئەركەكلىكىمنى!
پاساھەت توكۇلگەچ قىزنىڭ تېنىدىن،
قىزىشقا باشلىدى تومۇرۇمدا قان.
ئويناتتى ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى
دېڭىزغا ئايلىنىپ بۇ كوچا شۇئان!
ئاھ، ئەنە لىق چۆكتى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم
دېڭىزنىڭ ئەسەبىي چوڭقۇرلۇقىغا.
دەم ئۆتمەي ئۆزگەردى شاۋقۇنلۇق دېڭىز
ئادەمگە لىق تولغان قىستاڭ كوچىغا.
مەن كۆردۈم ئۆزۈمنى كوچىدا يەنە،
ئۆز پېتى تۇراتتى ھەممە - ھەممىسى.
يوق ئىدى ھېلىقى قىزچاق ۋە دېڭىز،
قىزىق قان،-قاڭسىق تەر، پىغان، قىز ھىدى!...

# شېئىرلار

## تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

## تۈن ۋە سەھەر ئارىلىقىدا

ئەجەب جىمجىت بۇ دەم تۈن يولى،
قاقشال دەرەخ تىترىمىدۇ غەمكىن،
قېتىپ قالغان شۇ خىرە ئايغا
ئوخشايدۇ بەك بېگانە تەققىم.

تام، دېرىزە، سائەت ۋە تۈۋش
سىلكىمەكتە بۇ دەم ئۇزۇن چۈش.
ئەجەب قىيىن...! قاناپ تۈن چېكى
كۈن يېرىلغان سەھەرنى كۈتۈش.

ئۆزمەكتىمەن رىۋايىتىمدە،
پىلدىرلايدۇ يۇلتۇزلار يېشى.
ئىھ، بۇ كېچە ئازابلىق... گۈزەل،
كۆيىدۇرمەكتە ھەممە - ھەممىنى.

دېرىزىنى چېكەر ئىزغىرىن،
كارىۋاتقا ھەم بارماقتا سويلاپ.
يۈرىكىمنىڭ بەكمۇ ئىچىدە،
كۈن ۋە قۇشلار تۇرار شۇۋىرلاپ.

كېچە
تەۋرىنەر
قاپقارا يۇمران قاناتلار
يەلپۈپ ئۆتەر زىلال چۈشلەرنى.
خىيالىستان،
پارچىلىنار قۇياش پۇچىقىدەك
ئۆزىنىڭ زىلال ئەكسىدە...

شام يورۇقسىز قاپقارا ئۆيۈم
سىلكىمەكتە
گۈل ھىدىدەك شەكىلسىز تۇيغۇ.
ئالدىمدىكى قارا دېرىزە
قاپقاراڭغۇ دېڭىز پايانسىز.
يۈرىكىم
نۇر باجىكىسى دىرىلدەپ تۇرغان
ئۆز تېنىمنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا.
تىلىمەكتىمەن
سۈچىلارنىڭ ھىلال كۆيىنى
سېغىنماقتىمەن قۇياش قوللارنى،
سېغىنماقتىمەن ساددا كۆزدىكى
ھەيكەل چۈشلەرنى...
سۆيمەكتىمەن ئەۋجىمدە ئەركىن
تۈننى كەسكەن چاقماق قاناتنى...!

قاپقارا تام... قارا دېرىزە...
بېغىرلايدۇ خىيالغا قوياش.
نۇر ئەكچىگەن زىلال چېچەكلەر
ۋۇجۇدۇمدىن ياردۇ ئاراش.

ئۇھ، كېچىنىڭ يۇمران قانىتى
لەيلەپ تۇرغان شېئىر ئارلى.

## تۇن قوشقى

### ئاسمجان ئوبۇلقاسم

شامىنىڭ قىزغۇچ تىللىرى،
يورۇتماقتا چۇشۇمنى.
نۇر ھالقىسى يۆگۆشۈپ،
شورايدۇ ۋۇجۇدۇمنى.

قاراڭغۇدا ئىبادەت،
داۋاملىشار دەخلىسىز.
كەلگىن يارىم تېنىمنى،
تاپشۇرىمەن تەخىرسىز.

دەرەخلەرنىڭ سايىسى،
قاراڭغۇلۇق پاك ـ پاكىز.
قاراڭغۇدا روھىمنى،
يۇيماقتىمەن تەلتۆكۈس.

تىنىۋاتقان سۈكۈنات،
تىۋىنىشدۇر تەڭرىنىڭ.
ئۇللىق نەپىس ئۇرىلار،
ئەتراپىمدىن، تېنىمدىن...

ئۇھسىماقتا يۈرىكىم،
تەۋرەر قولۇم پەك ئاستا.
ۋۇجۇدۇمدىن ئىسسىق جان،
ئاستا ـ ئاستا چىقماقتا.

يۇيماقتىمەن تېنىمنى،
بوتقىنىمدىن سوغۇرۇلۇپ.

چىققىنىم ئاستا پېنىڭدىن...
ئاھ، سۈكۈنات، سۈكۈنات!
گىرىمسەنلىك ۋەتەندۇر.
قاراڭغۇلۇق ئاقماقتا،
دەرەخ ـ كېسەل بىر تەندۇر.

دەرىخ! قولدۇر قۇدرىتىنىڭ،
بوغۇزۇمدىن بوغماقتا.
ئانام يىگەن تولغاقتا،
ۋەتەن مېنى تۇغماقتا.

## ئەيسا ۋە كرېست

### غەيرەت توختى

ۋۇجۇدۇم قانسىراپ كەتكەندەك گويا،
شېئىرسىز، ئېچىرقاپ كەتتىغۇ پىقىر.
ئاھ، بارچە شادلىقنى قويۇپ گۆرۆگە،
كۆتىمەن ئۆزۈمدىن بىر مىسرا شېئىر.

قۇم كەبى توزىدى شادلىق ئارمىنىم،
يۈرىكىم چىلىشىپ تۇرار ئازابقا.
تىرىلەي قايتىدىن كۆكلەپ ئارمىنىم،
مەي كەبى قۇيۇلغىن شېئىر باغرىمغا.

قۇش بولۇپ ئۇچاي مەن ئىزدەپ ئوغۇزنى،
ئېڭىمنىڭ ئەڭ يىراق ئىراللىرىغا.
ۋە ياكى كۆي بولاي شۇنچە ئەسەبىي،
سىڭىشىپ شېئىرىم مىسراللىرىغا.

ئەيسامۇ مەن ۋە يا شېئىر كرېستمۇ،
شېئىرغا مىخلانغان قاچان مەن ئۆزۈم؟
نېمىدەپ مىخلانغان كرېستقا ئەيسا؟
چوغ كەبى ياندۇ خىيالچان كۆزۈم...

بىلەي مەن قانداقمۇ شادلىق دېگەننى،
كرېستقا مىخلاقلىق ئەيسادەك تۇرۇپ.
رازىمەن، كرېستتا تۇرۇپ خەلقىم دەپ
سابىرايلا نۇرسا گەر يۈرەك قۇش بولۇپ.



# ئەۋلىيا

(ھېكايە)

مەمتىلى مېلىم

## 1

قەۋەت ـ قەۋەت بىنالارغا، دەل ـ دەرەخسىز قاغجىرىغان شېغىللىق يوللارغا، بۇ يەرنىڭ نېرى تەرىپىدىكى چېقىلماي ئامان قالغان، ئەمدىلىكتە ئۆز «ئەجىلى»نى كۈتۈپ تۇرغان توپا تاملىق پاكار ئۆيلەرگە قاراپ، ئېغىر ھەسرەتتىن «ئۇھ» تارتىشقان بۇ يۇرت تۇپرىقىدا ياشاپ كەلگەن بوۋايلار، ئەسلىدىكى بۈككىدە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېرىقلاردىن ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان سۇلارنى، مەھەللە ئەتراپىغا جايلاشقان مېۋىلىك باغلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇلبۇل ۋە ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى، مەھەللىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر قاپلىغان قايناق ھاياتنى... ئىختىيارسىز ئەسكە ئېلىش بىلەن بىللە بۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن شامالخاننىمۇ چوڭقۇر ياد ئېتىشىدۇ...

شامالخاننىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ھېچ كىشى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چوڭلار بىردەك: «بىز بۇ يۇرتقا چىققاچ شامالخان بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىسى، ئۆزى ھەققىدە سورىساق، ئوغۇزخاننىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ بىردىم پەيدا بولۇپ، يەنە يوقاپ كېتىشلىرىگە، بەزىدە ئۇ يەردە پەيدا بولسا، بەزىدە بۇ يەردە پەيدا بولۇشلىرىغا قاراپ، ئۇنى شامالخان دەپ ئاتىشىۋالدى. ئۆزى ئەۋلىيادەك ئۇلۇغ ئادەم...» دېيىشىدۇ.

كىم تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى نامەلۇم بولغان ھەم بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە يادقا بولۇپ كەتكەن ئاشۇ شامالخان دېگەن ئىسىم ئۇنىڭغا ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسىمدەك سىڭىپ كەتكەنىدى. شامالخاننىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك.

بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شامالخان ئاتا ـ ئانىسىدىن بوۋاق چېغىدىلا ئايرىلىپ قالغاچقا، بىر كۆك بۆرە ئۇنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانمىش. شۇڭا ئۇ تاغلارغا چىقسىمۇ، ئېپتىدائىي ئورمانلىقلاردا يۈرسىمۇ ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەركىلەپ يۈرەرمىش. شامالخان ئورمانلىق ۋە تاغلاردا چوڭ بولغاچقا، ھەرقانداق ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار ـ جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلەرمىش. ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچارمىش. شامالخان بۇ يۇرتتىن يوقالسا، ھايۋانلار، قۇش ـ جانىۋارلار بۇ يۇرتتىن تۈزۈپ كېتەرمىش. بۇ يۇرت قاقشال چۆللۈككە ئايلىنىپ، بۇ يۇرتقا ئاپەت ياغارمىش... شامالخاننى سۆيۈملۈك ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بولدى. لېكىن ھېچكىم شامالخان ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ نەچچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنى پەرەزلا قىلىشتى. بەزىلەر، ئۇنىڭ گۈل قىسىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ قىرىق ياشلاردا بولۇشى مۇمكىن دېيىشە، بەزىلەر، ھېچكىم بۇ يۇرتقا كەلمەستە بار ئىكەن، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان جۇمۇ، دېيىشىپ

ئۇنىڭ يېشىنى يارماق يۇكۇپ ھېسابلاپ كېتەتتى - دە، بىردىنلا چۆچۈپ: «قىرىماسلىقنىڭ دورىسىنى ئىچىۋالغان ئوخشايدۇ ياكى بۇ ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى.

ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن خېلى بىر چاغلارغىچە يىراق تۇرغان بۇ يۇرتقا كىملا كەلمىسۇن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ناخشائېيتىپ، قولىقىغا گۈل قىسقان شامالخان ئەڭ دەسلەپ چېلىقىدۇ - دە، گۈلنى سوۋغا قىلىپ بولۇپ، يەنە كۆزدىن چىللا غايىب بولىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنى: «ئەۋلىيا بۇلاق» تەرەپتە ناخشا ئېيتىپ يۈرىدۇ، دېگۈچىلەر چىقىدۇ - دە، ھەممىسى بىردەكلا ياقىلىرىنى چىشلىشىپ:

— ھېلى مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ؟... توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتۇ... ئۇ ئادەم ئەۋلىيامۇ نېمە؟ — دېيىشىدۇ.

## 2

شامالخان ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر خىل گۈللەردىن ياسالغان گۈلچەمبىرەكنى بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى. يۈتىدا ئايىغىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

گۈل سۇناي دەيمەن ساڭا،
بىر بېقىپ قويساڭ ماڭا.
... ... ...

— شامالخان نەگە بېرىپ كەللە، — دېدى ئېتىزدىن قايتقان ئاياللاردىن بىرى.

— گۈل ئۈزگىلى، — دېدى شامالخان ناخشىسىنى توختىتىپ.

— يارنى تېپىپ گۈل ئۈزگۈلۈك ئەمەسمۇ؟

— يارىم، ئاشىقىم گۈل، گۈلدىن ئايرىلغان جېنىم ئۆلۈك.

— يوقىلاڭ گەپنى قويۇپ، ئاشىقىڭىزنى دەپ بېرىڭە؟— دېدى يەنە بىر ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەۋلىيا بۇلاقتا پەيدا بولىدىغان پەرىزات دەمىدىغۇ؟

— ئۇ پەرىزات قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ؟

— تېز ئېيتىپ بېرىڭە؟

ئاياللار تۇشمۇ تۇشتىن شامالخانغا سوئال قويۇشتى.

شامالخان قولىقىغا قىستۇرۇلغان بىر تال گۈلنى ئالدى - دە:

گۈل سۇناي دەيمەن ساڭا
بىر بېقىپ قويساڭ ماڭا.
... ...

دەپ ناخشا ئېيتىپ، قولىدىكى گۈلنى بىر ئايالغا ئۇزىتىۋېتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئاياللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

بۇ يەردىكىلەر باشتا شامالخاننى ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىق دەپ بىلىشتى. لېكىن كىمگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشمەيتتى. كېيىنچە بۇ ئىشلارمۇ بېسىقىپ ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

بىر قېتىم شامالخاننى خانقىز دېگەن چوكانغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ دەپ سۆز - چۆچەك تارقاتقۇچىلارمۇ بولدى. بۇنىڭغا شامالخاننىڭ خانقىزغا قاراپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بىر تال گۈل تەڭلىگەنلىكى سەۋەبچى بولغانىدى. كېيىن شامالخاننىڭ ھەممە ئاياللارغا ناخشا ئېيتىپ گۈل تەڭلىگەنلىكىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ ئىشمۇ بېسىقىپ قالدى. شامالخاننىڭ ئاشىقلىقى توغرۇلۇق رىۋايەت قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى: شامالخان بۇرۇن بىر قىزغا ئاشىق بولغانىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن توي قىلماي، گۈل كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەرمىش، گاھىدا ئۇنىڭ روھى «ئەۋلىيا بۇلاق»قا كېلەرمىش. ئىككىسى شۇ يەردە ئۇچرىشارمىش. شامالخاننىڭ «ئەۋلىيا بۇلاق» ئەتراپىغا گۈل تېرىپ، دەل - دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇ يەرنى گۈزەل بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇۋەتكىنىمۇ بىكار ئەمەسمىش... بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بەكمۇ نۇرغۇن ئىدى.

بەزىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ «ئەۋلىيا بۇلاق»قىمۇ بېرىپ، ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىشتى. يەنە بەزىلەر شامالخاننىڭ كەينىدىن ئورمانلىقلارغىچە ئەگىشىپ بېرىپ ئېرىشكىنى: شامالخاننىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئورمانلىقلاردا ھەر خىل قۇشلارنى دوراپ سايراشلىرى، بۇلبۇللارغا جور بولۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلاش بولدى...

— شامالخان كەلدى.

ئېرىقتىكى سۇلارنى چېچىشىپ ئويناۋاتقان باللار شامالخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

— ماۋۇ خەقنى كۆرۈڭ... نېمىگە ئۆلىدىغاندەك يۈگۈرىسىلەر، قارا بۇلارنى، — شامالخان شۇنداق دەپ قاپىقىنى يامان قىلغاندەك تۇرۇپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ باللارغا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

— بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە... يۇرۇڭە، ئاۋۇ سۆگەت ئاستىغا بارايلى، بىز دەل - دەرەخلەرگە، گۈللەرگە تەگمەيمىز...

— ھە، ماۋۇ گېپىڭلار بولىدۇ. ياخشى ئادەم دېگەن

دەل - دەرەخلەرگە، گۈل - گىياھلارغا، ئۇچار - جانىۋارلارغا ئازار بەرمەيدۇ، بىز ئۇلارسىز ياشىيالمايمىز، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

- ئاڭلىدۇق! - ھەممە باللار ئورۇنلىرىدىن تەڭلا سەكرىشىپ ۋارقىراشتى.

شامالخان ھەممە تەرەپكە يېيىلىپ ئۆسكەن قېرى سۆگەت ئاستىغا باللارنى باشلاپ باردى - دە، بىردەم سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قىسسىسىنى مۇڭلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

باللار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ كەتكەندى. قارا كۆز، دومىلاقىنە كەلگەن بىر بالا ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ باراتتى. شامالخان ئويچان كۆزلىرىنى بىر ئۇقتىغا قادىغىنچە، گويا ئاشۇ جەڭلەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقاندەك بىئاراملىق ئىچىدە ھېكايىسىنى داۋام ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى شاپاق دوپپىسىنى تىنىمسىز مىجىقلايتتى.

- ھېلىقى باتۇر يىگىت نېمىشقا يۇرتىنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويىدىكەن؟ - دەپ سورىدى ھېلىقى قارا كۆز بالا تاقەتسىزلىنىپ.

- گەپ باتۇردا ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىدا. دادىسى ياۋلارنىڭ ھىيلە - مىكرىگە ئالدىنىپ كەتكەن گەپ، شۇڭا ئوغلىنى ئورۇشتىن توسقان... بىلىۋاتامسەن؟! سەن گەپكە قوشۇق سالماي ئاخىرىنى ئېيتقىچە شۈك ئولتۇرامسەن... ئەلقىسسە، ياۋلارنىڭ پادىشاھى شۇنداق قىلىپ باتۇرنىڭ يۇرتىدىكىلەر بىلەن دوست بولۇشۇپتۇ. ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن تۈگمەس قەسەملەرنى بېرىشىپتۇ - دە، ئۇ يەرگە كۆپلەپ كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل، بايلىقلىرى تۈگمەس بىر يۇرت ئىكەن. كېيىنچە ئۇلار كۆچىيىۋېلىپ، باتۇرنىڭ يۇرتىدىكى ئەل - قەۋمنى تۈرلۈك ئۇسۇللاردا ئېزىشكە باشلاپتۇ. ئەلنىڭ ئاھۇ - زارى زېمىننى قاپلاپتۇ. كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئېقىپتۇ. يۈرەكلىرى زەرداپ قان بولۇپتۇ. باتۇر يىگىتنىڭ جېنى ئىچىگە پاتماي، ئەلنى قوزغىتىپ يېغىلىق قىلىشقا ئاتلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ساتقۇن چىقىپ ياۋلارغا يەتكۈزۈپتۇ. ياۋلار سەزگۈرلىشىپ، لەشكەرلەرنى تۈمەن - تۈمەنلەپ كۆپەيتىپتۇ... ئەلقىسسە، خوش، ئەمدى گەپنى باتۇرنىڭ دادىسىدىن ئاڭلايلى... ياۋلار باتۇرنىڭ دادىسىنى ھىيلە - مىكرلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا ئەكىلىۋاپتۇ. شۇ ئارقىلىق باتۇرغا ھەيۋە ئىشلەتمەكچى ھەم تۇزاق قۇرماقچى بولۇشۇپتۇ...

كۈن تاغ كەينىگە قىيسايغان بولۇپ، زېمىن قوياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا بەكمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندى. بىر چاغدا يايلاقچىنىڭ تونۇلغان، قوي، كالىلارنىڭ مەرىگەن، مۆرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

- يادا كەلدى، يادا...

- ھوي يادىچى، قويلار ئېزىشىپ قالمىغاندۇ...

- خوش، باللار ئاخىرىنى كېيىن داۋام قىلايلى...

- شامالخان شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر ياش لىغىلداپ تۇراتتى. باللارمۇ ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدا غەمكىن ئولتۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىپ ئەتراپىغا قارىغىنىدا، شامالخاننىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. شۇ ئارىدا بىر ئانىنىڭ بالىسىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ئەخمەت!

- مەن كىرىپ كېتەي، كەچتە مۇكمۇكلەك ئوينامدۇق؟

- ياق، مېنىڭ پەقەت ئوينىغۇم يوق، - دېدى قارا كۆز بالا، - ئەتە دەريا بويىغا چىقىپ كەلسەكمىكىن دەيمەن.

- بولىدۇ، - دېيىشتى باللار بىردەك ئاۋازدا. ئاندىن كۆزلىرىدىكى ياش يۇقۇندىلىرىنى ئېرتىشىپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

## 3

بۇ مەھەللىگە كەلگەن ھەرقانداق كىشى سۇ سېپىلگەن ئازادە يول ياقىلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرگە، باغلاردىن سايرىغان بۇلبۇل ۋە باشقا قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىغا، ئېرىقلاردا ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا، كۆجۈم مەھەللىدىكى ئىناق ھاياتقا... قاراپ ھەۋەسلەنمەي تۇرالمايدۇ. شامالخاننىڭ بوككىدە ئورمانلىق يېنىغا سېلىنغان توپا تاملىق بىر ئېغىز ئۆيىمۇ كىشىگە ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. گۈللەرنى ئاسراش ئۈچۈن شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان تارغىنە قورۇ ئىچىگە كىرگەن كىشى ھويلىغا ۋە تەشنەكلەرگە ئۈستۈرگەن ھەر خىل گۈللەرگە قاراپ ھەيران بولۇشىدۇ. ئىشىكى دائىم ئوچۇقلا تۇرىدىغان ئۆيدە بىر پارچە كىگىز، ئەسكى جۇۋا، پاكىز يۇيۇلغان بىر يۇرۇش يوتقان - كۆرپىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن قويۇلغان بۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىنمۇ ھەر خىل گۈللەرنىڭ پۇرىقى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

شامالخان بۇ يۇرتتا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغاچقا، ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆيىگە كىرسىكەن دېگەن ئۈمىدتە

بولىدۇ. شامالخانمۇ قورسىقى «ۋىژ» قىلغان ھامان ئۇدۇل كەلگەنلا ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ھېچ قورۇنماي كىرىۋېرىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىگە دۈشمىنى يوق مېھماندوست كىشىلىرى ئۇنى خۇشاللىقتىن قىينىغا پاتماي، ئىللىق تەبەسسۇملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. شامالخان كىرگەن ئۆيلەردە .ئايىغى چىقماس قايغۇ-ھەسرەتلەر بىلەن تولغان جەڭنامىلەرنى شاپاق دوپپىسىنى مىجىقلاپ، ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا،



ۋىجىككىنە گەۋدىسىنى ئويان - بۇيان مىدىرلىتىپ قويۇپ باشلايدۇ. كونا قىيسايغان ھامان نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. بۇنى ئۆي ئىگىلىرىمۇ سەزمەي قېلىشىدۇ. تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا مەھەللە ئىچىدە شامالخاننىڭ مۇڭلۇق، تاغ سۈيىدەك سۈزۈك، دولقۇنلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ناخشىلارنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان تېكىستلىرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا سېلىپ ئېيتىۋېرىدۇ.

ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتقانلار ئۇ ئېيتقان ناخشىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى سىقىلىپ، ئېغىر «ئۇھ» تارتىشىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر شامالخاننى، كېچىلىرى ناخشىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىكەن، دېيىشەتتى - دە، «شامالخان گۈلگە نېمانچىلا ئاشىقتۇ، پەرىزات بىلەن كۆرۈشەلىگەنمىدۇ؟ ياكى ئۇ كۆرۈشۈپ بولغانمىدۇ؟... كېچىسى ئۇخلىمىسا، ئەتىسى يەنە مېڭىپ يۈرسە... ئاجايىپ ئادەم - دە،» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشەتتى.

شامالخان قىش كۈنلىرىنى ناۋايخانىلاردا، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە جەڭنامە سۆزلەپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كىشىلەرنى بىردە يىغلىتىپ، بىردە كۈلدۈرۈپ ئۆتكۈزىدۇ، بۇ يۇرتتا ئۆتكۈزگەن ھەر بىر مەشرەپ شامالخانسىز قىزىمايدۇ. ئۇ ئۆيدىن قانچە بىر ئاقلاپ كەتسىمۇ ئۆيدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، ئەسكى مەشكە ئوت قالاپ قويۇشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆيگە بېرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشىدۇ. شۇڭا كۆپىنچىلەرنىڭ: «شامالخان ئادەم كۆرمەستە ئۇچىدىكەن» دېگەن سۆزلىرى بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.

يۇرتتىكى بىرقانچە ئاقساقاللار شامالخاننى باخشى كۆڭۈللىرى بىلەن «ئۆيلۈك - ئوچاقلىق» قىلىپ قويۇشماقچى بولۇپ، بۇنى ئۇلار شامالخانغا ئېيتقۇدى، شامالخان تەرىنى تۈرۈپ قاتتىق تېرىكتى ۋە:

- مەن گۈل ۋىسالىغا يەتكەندە... گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە... - دېدى چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

كېيىن ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت: «شامالخان كەچلەردە ناخشا ئېيتىپ يۈرگەچ ۋە بۇلبۇللارنىڭ سايرىغىنىنى دورىغاچ گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىدىكەن. لېكىن گۈللەر ئېچىلاي دېگەندە شامالخان ئۇخلاپ قالىدىكەن...» دېيىشىدىغان بولۇشتى. شامالخانمۇ بۇ ئىش يۈزىسىدىن بىرنەچچە كۈن قېيداپ قالدى - دە، كېيىن يەنە ئۆزىنى تېپىۋالدى...

4

شامالخان بازار تەرەپتىن مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ پۇتىغا ئەسكى شىۋەك، ئۇچىسىغا ماتا كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ۋىجىككىنە تۇرقىدا قارا بەلۋېغى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغانىدى.

يۈرەك بولدى قان - زەرداپ،
كەل نىگارىم باغاش ئەت.
كەڭ دۇنيايىم بولدى تار،
بۇ غېرىبنىڭ ھالىغا يەت.

شامالخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىتلار قاۋىغىنىچە ئۆيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى - دە، شامالخانغا ئەركىلەپ ئېسىلىشتى.

- كېلىڭلار ساقلىرىم، كېلىڭلار، ماۋۇنى تالاشماي يەڭلار، مۇشۇنداق قىلىپ سىلەرنىمۇ تەييارغا ھەييار قىلىپ قويىدىغان بولدۇم... - شامالخان شۇنداق دەپ بەلۋېغى ئىچىدىن قاتتىق - قۇرۇق نان، گۆش پارچىلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا ئۈلۈشتۈرۈپ بەردى - دە، يەنە يولىنى داۋام قىلدى. يولدا ھارۋىلارغا قاڭقايتىپ ئوتتۇن باسقان ئوتۇنچى بالىلار ئۇنىڭغا سالام بېرىپ

ئۆتۈشەتتى. شامالخان ناخشىسنى يەنە داۋام قىلدى.

ناخشىچى دەمسەن مېنى،
تىنماي ئېيتسام ناخشىنى.
... ...

ئۇنىڭ ئالدىغا مۈشۈكلەر يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

— ھە، سىلەرمۇ كېلىڭلار... ھەممىڭلار مېنى يەپ-يەپ شۈمۈۋېتەي دېمىسلەرغۇ؟ مەڭلار... — بۇ ئۇنىڭ ئۇلارغا ئامراقلىقى كېلىپ دېگەن سۆزى ئىدى.

— شامالخان، شامالخان كەلدى! — باللار قاتتىق يۈگۈرۈشكىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مۈشۈكلەر قاياقلارغىدۇر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

— شامالخان، سىزگە ھەممە نېمىلەر ئامراق - ھە! — دېدى يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدە سەگدەپ ئولتۇرغان ئاياللاردىن بىرى.

— ئىساننىڭ روھى پاك بولسا شۇنداق بولىدۇ.

— بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە، داداش، — دېدى قارا كۆز بالا.

شۇ ئارىدا كىشلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئاڭلاندى. باللار ۋاڭ - چۇڭ چىققان تەرەپكە قاراپ چېپىشتى. شامالخانمۇ ئۇ يەرگە ھايال بولمايلا ئۇندى. يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى ئېگىز تۈرۈۋالغان ئادەم قولىدىكى كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ، سېرىق ساقال، پاكار، دوغىلاقىنە ئادەمگە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەملەردىن بوشىنىپ ئېتىلماقچى بولاتتى.

— ھەي، سۇنى تۇتۇش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن تۇرسا، سېنىڭ نېمە ھەددىڭ سۇنى ئېچىۋېلىشقا...

— ئىنساپ قىلايلى ئىنساپ! ئاللانىڭ سۈيىنى بۇنچە تالىشىپ نېمە كەپتۇ. ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇپ قېلىشتىنمۇ قەبىھ ئىش بولماس! ئالدىرىمىساق ھەممىمىز بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىمىزغۇ؟ بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز سۇما؟! نومۇس قىلايلى نومۇس، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى. ئالدى - كەينىمىزگە قارىۋېتىپ ئىش قىلايلى...

كىشلەر بىردىنلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىشىپ، شامالخاننىڭ قان دىدارى قالمىغان چىرايىنى، قەھرلىك چەكچەيگەن كۆزلىرىنى كۆرۈشۈپ جىممىدە بولۇپ قېلىشقاندى.

— بىلىپ قويۇش، ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ، بىر دادىنىڭ باللىرى، بىز بۇنداق جېدەل قىلساق خۇدانىڭ بىزگە غەزىپى كېلىدۇ. شەيتاننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ تۈيۈن كۆرىدۇ. يۇرتقا بالايىئاپەت ياغىدۇ! — ئۇ شۇنداق دېيىلا كىشلەر توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. شامالخاننىڭ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى كۆرگەن بىرقىسىم كىشلەر جېدەل قىلغۇچىلارغا نەپرەت بىلەن قارىدى.

— شامالخان ئەۋلىيادەك ئادەم، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ گۈلى تۇرسا، شۇنچە يۇرتنى بىنا قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى ئاشۇ تۇرسا... تالاشسا شامالخان تالاشسا بولمامدۇ. قارا، بۇلارنىڭ شامالخاننى رەنجىتىپ... شامالخان بۇ يۇرتتىن رەنجىپ چىقىپ كەتسە، يۇرتنى ئاپەت، بالا - قازا باسىدىغانلىقىنى ھەممەڭ بىلىشسەن... — دەپ سۆزلەۋاتاتتى ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي قاپاقلىرىنى سىلىپ. ئۇ سۆزدىن ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

باللار شامالخان ماڭغان يول بىلەن ئۇنى ئىزلەپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ يەردىن شامالخاننى تاپالمىدى. شامالخانمۇ شۇ غايىب بولغىنىچە مەھەللىدە كۆرۈنمەي قويدى. بۇنىڭدىن كىشلەرنىڭ روھى بۆلەكچىلا چۈشۈپ كەتتى. مەھەللىنىمۇ بىر خىل غېرىبلىق چۇلغىدى. باللار شامالخاننى ئىزلەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئويۇنلىرىمۇ ئويۇن بولماي سالپىيىپ كېتىشتى.

— شامالخان كەلمەسمۇ، ھېلىقى ھېكايىنىڭ دۈشمەنلەر باتۇرنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ، يوق قىلىۋەتكەن يېرىگە كەلگەنتى، — دېدى قارا كۆز بالا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ غەمكىن ھالدا.

مەھەللىدىكىلەرمۇ ئويچان پىچىرلىشاتتى.

— بىچارە شامالخان نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئاچ قالغاندىمۇ؟

— ئۇ بولمىسا مەھەللىمىز چۆلدەرەپ قالىدىكەن.

— شامالخاننىڭ بۇنداق ئىشنى ئۆچ كۆرىدىغان مىجەزىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇرۇشمىسىغۇ بولىدۇ مۇشۇ خەق!

— شامالخانمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم كايىدى مۇشۇ خەقلەرگە.

— شامالخان كەلمىسە ئاللانىڭ بىزگە چوقۇم غەزىپى كېلىدۇ.

ئۇتۇن ئېلىپ قايتقان ئۇتۇنچىلار شامالخاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشتى.

— ئۇتۇن ئېلىۋاتساق ئاتا تاغدا بىر ئادەم كۆرۈندى. يېقىنلاپ بارساق شامالخان ئىكەن. ئۇ بىزگە قاراپ قويمۇ دېمەي تەگرىتېغىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا «نېمە بولدىڭىز؟» دېسەك، «ئاۋۇ تاغنى كۆردۈڭمۇ، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىم» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ جاڭگاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئېسەدەپ يىغلاپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىمىزگە ياش كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان مەھەللىدىكىلەر ئىچىمۇ مۇڭلۇق سۈكۈتكە چۆمدى.

ـ ئۇنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك ئىدى، ئۇ كېلەرمۇ؟

ـ چوقۇم كېلىدۇ.

ـ ئەجەب سېغىندۇق.

ـ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ قويدۇڭلارمۇ؟

ـ سۇ قۇيۇپ قويايلى دەپ كىرسەك، سۇ قۇيۇقلۇق تۇرىدۇ، ـ دېدى ياشقىنە بىر بالا.

ـ تـوۋا خـۇدايـىم، بـۇ نېـمە ئىشتۇ؟ ئۇ قايتىپ كەلگەندىمۇ؟

ـ ھەقىقىي ئەۋلىيا، ئۇ ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچتى ـ دە...

ـ ھېـلىقى هارام تاماق مۇناپىقلار جېدەل قىلمىغان بولسا بۇ ئىش يوقتى.

ئـايـاللارنىڭ چىرايلىرىدىنمۇ بىر خىل غەمكىنلىك يېغـىـپ تـۇراتتـى. شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ گۈل تۇتتۇشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاھىدە خۇش قىلاتتى. ئـۇنـىڭ بـىلـەن چـاقچـاقلىشاتتى... ئايدىڭدا ئوما ئورىغانلىرىدا، شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ، كۆز قىسىپ چاقچاق قىلىشلىرى، چۆگۈننى كۆتۈرۈۋېلىپ ناخشا بىلەن چاي تەڭلەشلىرى... ئۇلارنىڭ ئېسىدىن ئەسلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيتتى.

يول بويىدا ھېلىقى ئاقساقاللىق بوۋاي چېچىلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

ـ ھېلىقى جېدەلخورلارغا شامالخان نېمە قىلغان... شامالخان يۇرتىمىزنى باغۇ بوستانزار قىلدى. گۈللەر بىلەن پۈركىدى. يېتىشەلمىگەن يېرىمىزگە ھەقسىز ياردەم قىلدى. ھـارغـىنـىمىزدا ئۇنىڭ سېھىرلىك ناخشىسىنى ئاڭلاپ هاردۇقىمىز چىقتى. ئۇ بار، يۇرتىمىزدا قۇش ـ جانىۋارلار



سـايراپ تـۇرۇۋاتىدۇ. ئـۇ يوقالسا قۇشلارمۇ، ئىت ـ مۇشۇكلەرمۇ بۇ يۇرتنى تاشلاپ، يۇرتىمىزنى...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىگەندىلا ئەمەس ئىدى. جېدەل قىلغۇچىلار ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

تۈن يېرىمىدا ئاڭلانغان مۇڭلۇق ناخشا بۇلبۇللارنىڭ سـايراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، سۈكۈتكە چۆمگەن بۇ مەھەللىنى لەرزىگە سالدى. يوپۇرماقلارنىڭ يېنىك شامالدا لـەرزان شـىلدىرلاشلىرى، پاقىلارنىڭ كورۇلداشلىرى، سۇلارنىڭ يېنىك شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى... شامالخاننىڭ نـاخشـىسىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنغان مۇزىكىلاردەك ئاجايىپ بىر يېقىملىق كۈينى پەيدا قىلاتتى.

بوك ـ باراقسان يول، يېنىك چىقىۋاتقان شامال، تەنها بىر ۋۇجۇد، غەمكىن بىر روھ...

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،<br>
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى!<br>
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ<br>
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى!

ـ تۇرە ھوي، شامالخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

ـ نېمە دەيدىغانسىز؟...

ـ راست، ئـىشـەنمىسەڭ ئاڭلاپ باق قېنى؟ مېنىڭ ئىشتىنىم نەدە قالدى ئەمدى...

ـ ناخشا ئېيتىۋاتقان راست شۇكەن، يۈرۈڭ، چىقىپ باقايلى.

ئۇلار كوچىغا چىققاندا شامالخان بۇ يەردىن ئۆزاپ كەتكەنىدى.

ـ شامالخان قايتىپ كەلدى!

توختىھاجىنىڭ جاكزىسىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن ئاياغ مەھەللىدىكىلەر چۆچۈپ ئويغىنىشتى ـ دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈشتى...

شامالخان يەنە بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ بۇلبۇلدەك ئاۋازى بـىلـەن ئـاۋاتلاشتـۇردى. كۆكۈللۈك تۇرمۇش ئىزىغا چۈشۈپ، شامالخاننىڭ جەڭنامىلىرى يەنە داۋام قىلدى. ئەمدى كىشىلەر شامالخاننىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك ئىش قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشىدىغان بولدى.

5

قـىزىـل قـوغدىـغـۇچـىلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرى شامالخاننىڭ ئەقلىگە سىغمىدى. قانچىلىغان بىلىملىك، ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەرنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشى ۋە ئېتىپ تاشلىنىشى شامالخاننى چۆچۈتۈپ، كاللىسىنى ئېلىشتۇرۇپلا قويدى.

«مۇنداق ئىنقىلابنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، نېمە ئىشتۇ بۇ؟...» دەپ ئويلىدى شامالخان قالپاق كىيدۈرۈلگەن ياخشى ئادەملەرنى سازايى قىلىۋاتقان سېرىق

كىسەللىك، بولۇپمۇ كىشىگە بىلىنمەيدىغان ئاشۇنداق خىيال - ئەندىشىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر بىر يۈك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆكتىكى بۇلۇتلارغا، ئۆزىنى كۆرگىلى كەلگەن ئادەملەرگە قاراپ تەكشى خىيالۇرلارغا كىرىپ كېتەتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى تەكرار چاقناپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئاچچىق ئېچىگە پاتماي ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ سۆزلەپ كېتەتتى.

كۈندە دېگۈدەك بولىدىغان، شەھەر بېغىغا جايلاشقان بۇ كەنتنىڭ توپا تۈزلەپ تۈرىدىغان زالدىكى تۈگىمەس يىغىنلار، كىملەرنىڭدۇ «مەسلىگىنى تاپشۇر» دەپ دۈشكەلەشلەر... ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. بەدەنلىرىنى تىتىرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاچچىقىغا چىدىماي سەھنىدە كۈرەش قىلىنىۋاتقان، بويىنىغا تاختاي ئېسىلغان يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان تاختايىنى يۇلۇپ تاشلىدى - دە:

— بۇنىڭدا نېمە گۇناھ، باللارنى ئوقۇتقىنى گۇناھ بولدىمۇ؟ — دېدى قان تولغان كۆزلىرىنى كېلەڭسىز سەمرىگەن يېزا ئەمەلدارى ياسىنغا قاداپ.

— بۇ دېگەن چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر... ۋەتەن خائىنى... — دېدى ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ قويۇپ.

— پاكىتىڭ بارمۇ؟! سەن ئۆزۈڭچۇ؟!... — ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى.

— يوقال ساراڭ كۆزۈمدىن!

— ئاناڭنىڭ يېنىغا يوقىلامدىم! — شامالخان قان ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

كۆپچىلىك شامالخاننىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— بۇنى باغلاڭلار! بۇمۇ ۋەتەن خائىنى! — ئۇ رەڭگىدىن كېتىپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى.

بىرنەچچىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ شامالخانغا يېپىشتى.

— ئۇنىڭغا تېگىشمە، باغلىساڭ مېنى باغلا، — دېدى توپ ئارىسىدىن تۈكلۈك مەيدىسىنى كېرىپ چىققان بىرمىلەن.

— مېنى باغلاش!...

— مېنىمۇ باغلاش!...

— ...

زال ئىچى ئۇرۇپ - توپۇر بولۇپ كەتتى.

— كۆپچىلىك خاتىرجەم بولۇڭلار، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، — دېدى شامالخان ياسىننىڭ ياقىسىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ، ئۇنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلەر كۆپچىلىكتىن قورقۇشۇپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ قالغانىدى.

— بۇ ساراڭنى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى ياسىن ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ. «جەب، سەن ساراڭمۇ

قولۇمغا چۈشەرسەن، سېنى نېمە قىلىۋېتىدىغانلىقىمنى، ئەۋلىيالىقىڭنى بىر تېتىپ قىلىۋېتىمەن» دەپ پىچىرلىدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

شامالخان بۇ كۈنلەردە باشقىچە روھلىنىپ، ناخشىلارنى ياڭراق ئېيتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن بەزىلەر قورققاندەك بولۇشۇپ، شامالخاندىن ئەنسىرەشسە، بەزىلەر ئۇ ئۆزلىرىگە تەسكىن تاپقاندەك بولۇشۇپ، شامالخاننى ئۆزلىرىنىڭ روھىي مەدەتكارى دەپ قارايتتى - دە، «شامالخان ھايات بولسىلا، ھامان ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ سېھىرلىك ئادەم. بۇلار ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ...» دېيىشەتتى.

شامالخان ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ، بىرسىنىڭ قۇچقاچ ئاتماقچى بولۇپ، مىلتىق تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئۇنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى.

— ھەي ھاماقەت، بۇ جانىۋارلار ساڭا نېمە گۇناھ قىلدى. ئۇمۇ ۋەتەن خائىنىما؟! مىلتىق دېگەننى نېمىگە ئىشلىتىدۇ، بىلەمسەن؟ سەنمۇ بىلسەڭ ئۇلار ئۇچۇن كەتمەن چاپمايتتىڭ... بۇنىڭدىن كېيىن جان - جانىۋارلارغا تېگىشكۈچى بولما! بىلىپ قوي، بۇ يەردىكى جان - جانىۋارلار، پۇتكۈل گۈل - گىياھلار، دەل - دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار... بىزنىڭ جېنىمىز! بىز ئۇلار بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ ياشايمىز! ئۇلارسىز بىزنىڭ روھىمىز ئۆلۈك!...

يىگىت شامالخاننىڭ ئوت چاچرىغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالماي بېشىنى يەرگە سېلىۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ئۆزىگە سۆزلىگەن كىشى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. «ئادەممۇ ياكى ئۇ... شەپە چىقارمايلا... ئۇ كىشىلەر دەپ يۈرگەن ھېلىقى ئەۋلىيامۇ - يا... مىلتىق يەنە قانداقلارچە قولۇمغا چۈشۈپ قالدى... ئۇ تارتىۋالغانىدىغۇ؟...» ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قېلىن، جىمجىت ئورمانلىقتىن چۆچۈگەندەك بولدى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈردى. ئۇ قورقىنىدىن قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر دەرەخ كۆتىكىگە پۇتلاشتى - دە، ئۈستىگە موللاق ئېتىپ كەتتى...

«شامالخاننى تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر بۇ مەھەللىنى تۇرماق يۇرتنىڭ ئىسمۇ سارا سىمگە سېلىپ قويدى.

— شامالخان بىلەنلا ئېلىشتىمۇ بۇ خەق. ئۇ بىرلا كارامەت كۆرسەتسە ھەممىسى ۋەيران بولىدۇ.

— قايسى ھارامدىن بولغان تۇتۇپ بەرگەندۇ، چوقۇم ئۇنىڭ قولى تۇتىملىق بولۇپ قالىدۇ.

— ھېلىقى ياسىن دېگەن يالاقچىدۇ...

— ھەممىسىز تەڭلا قوزغىلىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ

چىقايلى.
– قىزىقچىلىق قىلمايلى، ئۇلار شامالخاننى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. ئاۋۋال ئىشىنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىۋالايلى.
– ئەتىگەن سەھەردىلا تۇتۇپ كەتكىنى راستكەن.
– شۇنداق بولسىمۇ ئەتىگىچە سەۋر قىلايلى. شامالخاننى گومىنداڭلارمۇ تۇتۇۋېلىپ ھېچ ئىش قىلالماپتىمەن، ئۇ دېمىدىغىنىنى دېمىلا كۆزنىچىلا غايىب بولۇپتىكەن...
يۇرتتىكىلەرنىڭ قېنى قىزىپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي تۇرغان ۋاقىتلاردا، شامالخان سوراق ئۈستىدە ئىدى. ئۇنى ياسىن سوراق قىلىۋاتاتتى.
– ئىسمىڭ نېمە؟
– شامالخان.
– نېمىدېگەن غەلىتە ئىسىم بۇ؟ سەن ھۆكۈمەتكە قارشى سېرىق ناخشا ئېيتىپسەن، شۇنداقمۇ؟
– مەن ئاتا - بوۋام ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىلارنى ئېيتتىم. سېنىڭمۇ ۋىجدانىڭ بولغان بولسا شۇنداق ناخشىلارنى ئېيتاتتىڭ! – دېدى شامالخان «گومىنداڭلارمۇ شۇنداق سورىغان...» دېگەننى خىيال قىلىپ زەردە بىلەن.
ئۇ غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇراتتى. تۈنۈگۈنكى سويمىنىڭ ئۆزىنى سوراق قىلىشى يۈزىگە بىرى تۈكۈرگەندەك ئۇنىڭغا ھار كېلىۋاتاتتى. شامالخاننى ئۇلار تۇتۇپ كەلدى دېگەندىن كۆرە، شامالخان ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتقىلى ئۆزى كەلدى دېگەن توغرىراق ئىدى.
– نېمە دەپ ئېيتتىڭ، ئېيت!
شامالخان ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇپ ناخشىسىنى باشلىدى.
– يۈرەك تولدى ھەسرەتكە،
باھاردىن كەلمىدى شەپە.
گۈل ئىشقىدا كۆيدى جان،
ئېچىلاركەن قاچان غۇنچە؟
– توختات ناخشاڭنى! باھار، گۈل دېگىنىڭ نېمىسى؟
– باھار دېگەن پەسىل ئىسمى، گۈل دېگەن مېنىڭ ئاشىقىم... شۇنىمۇ بىلمەيۋاتامسەن؟
– ياشىقىسنى... ناخشىسىنى ئېيتماي سۆزىنى دە.
– ناخشا ئېيتمىسام سۆزىنى دېيەلمەيمەن.
– سۆزىنى دە دېگەندىكىن سۆزىنى دە.
– ئېچىلمىدى مېنىڭ بەختىم،
كاچ ئىكەنغۇ تەقدىرىم.
– ناخشىسىنى ئېيتما دېمەن، قانداق دېگەن سارالڭ
نېمە بۇ؟
– تاڭنى كۈتۈپ كۆزۈم تالدى،
نەدە يۈرىسەن ئامرىقىم.
– ناخشىسىنى ئېيتما دېسە، قارا ماۋۇنى، تەقدىرىم كاچ، ئېچىلمىدى بەختىم دېگىنىڭ نېمىسى؟
– سەندەك ئۆزىنى بىلمەيدىغان نېمىلەر كاساپىتىدىن يارىم كېلەلمەيۋاتىدۇ، سەن ئۇزۇۋېنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟...
– تولا كاپىشماي مەسىلىگە ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇر. بولمىسا قاراڭغۇ تۈرمىدە ئۆلگۈچە ياتىسەن! – دېدى ياسىن ئۈستەلنى قاتتىق مۇشتلاپ.
– مەسىلەمنى تاپشۇرامدىم، سەن تاپشۇرامسەن؟ سەن ئاقىۋىتىڭنى ئويلىشىپ ئىش قىل...
– نېمە دەۋاتىسەن... سېنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىۋەتمەيدىغان بولسام...
بۇ ئاردا ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ، رەڭگىرويىدا قان قالمىغان بىرى كىرىپ كەلدى - دە، ياسىننى بىر چەتكە تارتىپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى.
– نېمە؟! قوزغىلىدىكەن... ھىم... بىزنى سەل چاغلاپ قاپتۇ، بۇنى ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇڭلار، بۇ... بۇ... ئۇ قېنى...
– مەن نېمە بىلەي؟
ياسىن يۈگۈرۈپ قورۇغا چىقتى - دە:
– ئەتىگەن تۇتقان ساراڭنى كۆردۈڭلارمۇ؟ – دەپ ۋارقىرىدى.
– ياق، كۆرمىدۇق باشلىق، سىز ئۇنى ئېلىپ كىرىپ كەتكەنغۇ؟ – دېدى قورۇ ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەنلەردىن بىرى.
– ئۇنى نەدىن بولمىسا تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكېلىش!
«ئۇ بۇ يەردىن قانداقمۇ قېچىپ كەتكەندۇ. ئۇ راست ئەۋلىيامۇ نېمە؟» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغىنىدا بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، يۈرىكى ئەنسىز ئېغىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئادەملىرى شامالخاننى ئىز بېسىپ قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇلار قېلىن ئورمانلىق ئىچىدە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلايتتى - دە، يۈگۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېتىلاتتى. ئۇلار بارغىنىدا ناخشا ئاۋازى كەينى تەرەپتىن ئاڭلىناتتى.
بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمىگەن بىرنەچچىسى شامالخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ گۈللىرىنى دەسسەپ يانچىپ، تەشتەكلىرىنى گۈل بىلەن بىللە چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىشتى...
بىر «تىڭتىڭ» چىدىن «مەخپىي» خەۋەرنى ئاڭلىغان ياسىن پۈتۈن ئادەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ باغ ئىچىنى قورشىۋالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى.

«بىر سولتەكنى ئۆتالمىغىنىمنى كۆر...» دەپ ئۈيلىدى ئۇ جىلىجىلىك ئىچىدە.

باغ ئىچىدىن شامالخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاتاسى يوق يېتىم دېمىسەم،
مىنەرگە ئېتىم دېمىسەن.
... ...

— خەپ! بۇ قېتىم نەگە بارارسەنكىن، تۈتتۈۋالسام تىلىڭنى كېسىۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپ ئىغىر پۇشۇلدىدى - دە، ئارقىدىن ئادەملىرىگە قاراپ، — ئۇنىڭغا يېقىنلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان يەرگە يېقىنلاپ باردى. تۇساتتىن ناخشا توختاپ، بىرى قاچقاندەك قىلدى.

— ئەنە قاچتى، پۇتىغا ئات!

ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر گەۋدە يىقىلدى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ياسىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايىدىن قان دىدارى قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاتقىنى ئۇزلىرىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا ئەمەس، جان يېرىگە تەگكەنىدى. بۇ ئۆلگۈچى ئارىلىقتىن چىقىپلا شامالخاننى تۇتۇپ، زور «ئىنئام»لارغا ئېرىششنى ئويلىغان قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كۈنلەردە بۇنداقلار بىرئاز ئاۋۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۇششۇك ھەرىسدەك جان - جەھلى بىلەن باغنى ئالا قويماي تىنتقان بولسىمۇ، شامالخاننىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى.

— جىنمۇ نېمە ئۇ؟ تۇتۇۋالسام نېمىمۇ قىلىۋېتەرمەن! — دېدى ياسىن يىغلىغۇدەك بولۇپ.

بۇنداق ئىزدەش، تىنتىشلار دائىم دېگۈدەك ئېلىپ بېرىلدى. يوشۇرۇن پايلاپ يۈرگەنلەر شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتىيۇ، كەينىدىن قوغلاپ بارغىنىدا، تىمتاس ئېتىزلىقلارغا چىقىپ قېلىشاتتى. ئۇلار ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن ھالدا سالپىيىپ قايتىشىۋاتقىنىدا، ئارقا تەرەپلىرىدىن شامالخاننىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇلار: «توۋا ئۇ ئادەممىدۇ ياكى جىنمىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئەۋلىيا دېگىنى راست ئوخشايدۇ» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتقىنىچە تۇرۇشۇپ قالاتتى...

بۇ ئىشلاردىن ئەلەم ھېس قىلغان ياسىننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، قول ئاستىدىكىلەرنى تىللاپ بىرنەچچە كاچات سېلىۋېتەتتى - دە: «ھەممەڭ ھارام تاماق نېمىلەر، ئاشۇ بىر سارائىنى تۇتالمىدىڭلارمۇ، يارىماس ئېشەكلەر، ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى بولسىمۇ تۇتۇش...» دەپ شالىنى چېچىپ ۋارقىرايتتى.

سەھەر. ياسىن ئويغىنىپلا چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇنىڭدا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان بىر جۈپ قارا كۆز قادىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى شەمشەر دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن نۇردا پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟! بىلىپ قوي، سەندەك مۇناپىقلار ھامان بىر كۈنى ئىت ئورنىدا سۆرىلىپ ئۆلىدۇ! سەن مۇشۇنداقلا ياشاپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەۋاتامسەن؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدۇ!

— شۇنداق... مەن... مەن...

— تۇتقۇن قىلغانلارنى ھازىرلا قويۇۋېتىسەن، مېنى تۇتماي بىگۇناھ خەلقنى تۇتقىنىڭ نېمىسى!؟ تۇتساڭ مېنى تۇت. ئۇلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قويۇپ بەر! — شامالخان ئۆتكۈر شەمشەرنى ئۇنىڭ گېلىغا تىرىدى.

— بولىدۇ... بولىدۇ... ماڭا رەھىم قىلىڭ... ئۈچ بالام بار... — ئۇ قاتتىق قورقۇپ خۇدىنى يوقاتتى - دە، ئىشتىنىغا قويۇۋەتتى.

— ئەگەر مېنى ئالداپ قويساڭ سېنى بوغۇزلاپ تاشلايمەن!

— ياق... مەن... مەن... ئالدىمايمەن... — دېدى ئۇ ھەسرىگىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ.

ئۇ ئېسىنى يىغىپ، كۆزىنى ئاستا ئېچىپ چىملداتتى - دە، شامالخاننى كۆرەلمىدى. «ئۇ قېنى... بۇ چۈشۈممۇ نېمە؟ ياق، ياق...» ئۇ بوينىنى تۇتتى - دە، قولى قىپقىزىل قانغا بويالدى. «ئۇ تېنۈش چىقارمايلا نەگە كەتكەندۇ؟... قانداق كىرگەندۇ...» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئېلىشىپ قالايلا دېدى. «ئۇ راست ئەۋلىيا ئىكەن...» ئۇنىڭ تېنىنى قايتىدىن قورقۇنچ باستى...

شامالخان ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر ھەممە يەرلەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— شامالخاننىڭ جىنلىرى ئۇنى تۇتقىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆزىنى كۆرمەس قىلىپ قويارمىش. شامالخانغا ئوق

ئاتسا تەگمەي ئۆزىگە قايتىپ تەگكەنمىش.

— ھېلىـقى ياسىن دېگەننىڭ ئۆيىگە تۆكۈلۈكتىن ئۇچۇپ كىرىپ، ئۇنى تۇتقان ئادەملەرنى قويۇپ بېرىشكە ۋەدە ئېلىپ غايىب بولغانمىش.

— شامالخان ھەممە نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىكەنمىش، تـۇتقىـلى كەلگەندە بىرەر قۇشنىڭ شەكلىگە كىرىۋالارمىش.

— ئاشىقى پەرىزات ئۇنىڭغا ياردەم بېرەرمىش.

— تـوۋا خـۇدايىم، ئۇنى قورقماي تۇتۇپ سوراق قىلغىنىنى...

— ئۇ ئەۋلىيا بولغاچقا نەچچىلىگەن ئادەم قوغلاپ تۇتالمىدى ـ دە!

— بىـرقىـسـم كـىشىلەر ئۇم ئۆتمەي شامالخانى رەنجىـتـىـپ قـويغاچقا مۇشۇ كۈن كەلدى. ھازىرمۇ كـۆرمـەيۋاتـامسـىلـەر ئـۆزگىـرىـپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنى...

— ئـاغزىـمىزغا دىققەت قىلايلى، شامالخان ھايات بولسىلا بىر كۈنى ياخشى كۈنگە ئېرىشىمىز... خۇدايىم بىر كۈنى ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ.

— شامالخانى يەنە رەنجىتىپ قويمىسا بولاتتىغۇ؟

— شامالخان كەلدى... شامالخان كەلدى...

— توۋا، جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلەمدۇ نىمە؟ بۇ ئاخىرقى زاماننىڭ شەپىسىغۇ؟...

شامالخان بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرگەن ھالدا ناخشا ئېـيتىپ كېلىۋاتاتتى. ناخشا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى.

تاڭ ـ تاڭ ئاتۇر، تاڭ ئاتۇر،
تاڭنى چولپان ئويغاتۇر...

ئۇ ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كىشىلەر ئۇنىڭغا تىـوپىماي قـارىـشاتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. شامالخان ناخشا ئېيتىپ كېلىپ، بىر ئايالغا قولىدىكى گۈلنى تەڭلىدى. ھېلىقى ئايال نېمىشقىدۇر يىغلاپ تاشلىدى. شامالخان ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ يۇرتتىكىلەرگە قاراپ ئىچى كۆيگەندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى...

— شامالخان! شامالخان! ـ باللار ئۇنىڭ كەينىدىن چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈشتى.

چوڭلارمۇ ئىختىيارسىز:

— شامالخان... ـ دېيىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

6

يامان يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئۆتۈپ، ئويۇقتىن ئۇرلىسىپ چىققان قۇياشنىڭ نۇرلۇق جامالى كىشىلەرگە يېڭى بىر باھارنى ئاتا قىلدى. خەلقنىڭ روھى يۈلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ، چىرايلىرىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ھەممە يەردە قايناق بىر ھايات داۋام قىلىۋاتاتتى...

يامان يىللارنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى شامالخاننىڭ يۈرىكىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا ئـۇ بـۇ كـۈنلـەردە كـىشـىلـەر بىـلـەن تۈزۈك پاراڭلاشمايدىغان ھەم جەڭنامىلەرنىمۇ سۆزلىمەيدىغان غـەلىتىلا مىجەزلىك بولۇپ قالدى. بىر ئولتۇرغان يېرىدە سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كـىشىلەر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ غەمكىن ھالدا پىچىرلىشاتتى.

— شـامـالخـانغـا نېـمـە بولغاندۇ؟ ئۇنى كىم رەنجىتكەندۇ؟ بىچارە ئەجەبمۇ غەمكىنلىشىپ كېتىپتۇ؟ ياخشى كۈنلەر ئەمدى كەلگەنتى؟

— ئۆتكەن ئىشلار ئۇنى ئازابلاۋاتىدۇ ـ دە!

— يوقاپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ؟

شـامالخان گۈللەرگە تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ سۇ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك پەلەمپىيىگە كېلىپ ئـولتۇردى. ئۇنىڭ زاڭاقلىرى كىرىشىپ، ساقاللىرى ئـۆسكەن، كۆزلىرى خۇنۈكلىشىپ قورۇقلار باسقان بولۇپ، بۇ يىل ئۇنىڭغا ئالاھىدە قېرىلىق يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇرۇنقى ئەسلىمىلەر خاتىرىسى ئۆتۈۋاتاتتى.

شامالخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى چەت ئەلگە مال ئېلىپ مـاڭغـان كارۋانلاردىن قېلىپ، ئادەمسىز ئېپتىدائىي ئـورمان بىلەن قاپلانغان، ئېقىن سۇلار شىلدىرلاپ ئېـقىپ تۇرغان ياپيېشىل يايلاقلاردا بۇغا ـ مارااللار چېـپىـپ يۈرگەن ئاجايىپ گۈزەل بۇ يۇرتقا كېلىپ ماكانلىشىپ قالدى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە ساقاللىرى مـەيدىسىگە چۈشكەن، چاچلىرى يەلكىسىنى باسقان بىر ئۇۋچى بوۋاي بار ئىدى...

شامالخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېسەل بولۇپ كەينى ـ كـەيـنـىدىن تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئاشۇ ئـوۋچـى بـوۋاي ھـىمايىسىگە ئالدى، كېيىن ئۇمۇ شـامالخانى قان ـ قان يىغلىتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. يـىـغـىـن ئـۇنـىـڭ تـۈگىمەس جەڭنامە ھېكايىلىرى

شامالخاننىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى. كېيىنچە شامالخان جەڭنامە ھېكايىلىرىنى ئۇزلۇكسىز يېزىشىپ تۇردى ھەم ئۇنىڭ ئۆزگىچە يېقىملىق ناخشىلىرى بۇ يۇرتتا تىنىماي ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى...

شامالخان ئورنىدىن ئاستا مىدىرلاپ تۇردى - دە، ئۆيىگە يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ قويۇپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ مەھەللە يولىغا چىقىپ يىغلامسىرىغاندەك ئاھاڭدا بوش ناخشا ئېيتتى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇ ناخشا كىشلەرنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ ئۆتتۈپ، كۆزلىرىدە شەبنەم پەيدا قىلدى. باللار ئېمىشقىدۇر «شامالخان ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە» دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلمىدى - دە، باشقىلارغا ئوخشاش كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى. شامالخاننىڭ قىرىلىق يېتىپ تۆكۈلۈپ تۇرغان روھىي ھالىتى ھەممىسىنىڭ قەلبىدە ئېچىنىشلىق مۇڭ پەيدا قىلىۋاتاتتى. ئىچى تولغىنىپ ئاغرىغاندەك بولۇشۇۋاتاتتى...

شامالخان ناخشا ئېيتقاچ كىشىلەر بىلەن باش لىڭشىتىپلا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە پادىچى بالا قوي بېقىۋاتقان دەريا بويىغا چىقتى - دە، لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.

- شامالخان، - پادىچى بالا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، - ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە... نېمە... يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ نېمە بولدىڭىز؟ مەھەللىدە جېدەل بولدىمۇ ياكى سىزنى... - پادىچى بالا ئاخىرقى سۆزلىرىنى دېيەلمەي كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

- ھېچنېمە بولمىدىم بالام، كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس. مەن ساڭا ھېكايىنى كېيىن ئېيتىپ بېرەي... - ئۇ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاغ باغرى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجىككىنە گەۋدىسى يېنىك - يېنىك سىلكىنەتتى. ئۇ بارا - بارا قۇياش قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. پادىچى بالا ئۇنىڭ كەينىدىن غەمكىن ھالدا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر كەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

- شامالخان دادا، بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ! - ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى تىمتاس بوشلۇقنى لەرزىگە سالدى. پادىچى بالىغا شامالخان شامالغا ئايلىنىپ كەتكەندەكلا تۇيۇلدى.

شامالخاننىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە خېلى كۈنلەر بولغانلىقى بۇ يۇرتتىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

- شامالخانغا نېمە بولغان بولغىيتتى؟ ئۇ بۇ كۈنلەردە بۆلەكچىلا قىرىپ كېتىپتىكەن؟ ئۇ قايتىپ كېلەر خۇدايىم...

- پادىچى بالىنىڭ دېيىشىچە، تاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەنمىش.

- بۇ مەھەللىمۇ شامالخانسىز غېرىبلىشىپ كەتتى. تازا ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشقان مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

- بەلكىم بىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدى ياكى بىرەر مەھەللىدە جېدەل بولغان گەپ...

- شامالخانى تۇتقان ياسىن دېگەننىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قېلىپ، بەدىنىدىن قان - يىرىڭ ئېقىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

- ھېلىقى شامالخانى چېقىشتۇرغاننىڭمۇ ئاغزى مايماق بولۇپ قاپتىمىش.

- كىم ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگەن بولغىيتتى، تېپىۋالسام ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتەتتىم.

- باشقا گەپنى قويۇپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خۇدادىن تىلەيلى.

- ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ...

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، شامالخان ھەققىدە مۇنداق گەپ تارقالدى.

شامالخان «ئەۋلىيا بۇلاق»تا ھەر كۈنى كەچ ھېچ ئادەم كۆرمەستە، ئاق كىيىم كىيگەن گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر پەرىزات بىلەن سەيلە قىلىدىكەن. شامالخان تىنىماي بۇلبۇلدەك سايراپ ناخشا ئېيتىدىكەن. قۇشلار بىلەن سۆزلىشىدىكەن، بۇلاقتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كېتىدىكەن، پەرىزات بىلەن شامالخان ناماز ئوقۇيدىكەن، شامالخان ئاھايىتى ئۇزۇن دۇئا قىلىدىكەن، ئاندىن ئۇلار قۇشلار بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىكەن...

ئېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يەردىكى كىشلەر شامالخاننىڭ بىر كۈنى بولمىسا ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قارا كۆز بالا دەريا بويىغا چىقىپ، ئۇيۇق قويىدىن شامالخانى ئىزدەيتتى...

# نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان



ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىي (1441 ـ 1501) ھەققىدىكى تەتقىقاتلار خېلى چوڭقۇرلىشىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ (ئەلۋەتتە چەت ئەللەردە، بىزدە بولسا تېخىچە نەۋائىيغا بېغىشلانغان چوڭراق بىرەر پارچە ئىلمىي ئەسەر ياكى توپلاممۇ يوق، بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ)، لېكىن نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى تېخى تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگىنى يوق.

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى، مېنىڭچە، نەۋائىي ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، قانداق ياندىشىش مەسىلىسىدە بولسا كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئۆگەنمەي، تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازلار سىستېمىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مانا شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، نەۋائىي تەتقىقاتى چوڭقۇرلىشىپ ھەتتا نەۋائىينىڭ شەخسىيىتى، بۇرۇش - تۇرۇش، سۆز - ھەرىكىتى ھەققىدە تەسەۋۋۇر تەتقىقاتلارمۇ خېلى مول سەمەرىلەرگە ئېرىشكەن بولغىنىغا قارىماي، مۇتەپەككۇرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات يەنىلا باشلانغۇچ باسقۇچتىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

توغرا، نەۋائىيغا قول ئۇرغان ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، نەۋائىيشۇناسلار نەۋائىي دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسىنى تەسەۋۋۇپتىن ئايرىپ قاراپ ئۆگىنىش بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكەن، شۇنداقلا بۇ مەسىلىگە مەلۇم نىسبەتتە ياندىشىپ تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغان.

لېكىن، مەسىلىنىڭ تونۇپ يېتىلگەنلىكى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىدە ئاز بولمىغان چەكلىمىلىكلەر، ھەتتا شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسە، يەكۈنلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىمىز، تەتقىق قىلىمىز دېيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىز، شۇ دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز، ئاندىن نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىلگە كىرىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇنداقلا بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ شېئىرىي ھېكمەتلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەنىلەرنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ بىزدىن بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە.

نەۋائىينىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، شائىر تەسەۋۋۇپقا مۇنداقلا ھەۋەس بىلەن ياكى بولمىسا زامان تەلىپى بىلەن كىرىشمىگەن. نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلاپلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆمۈر بويى مۇشۇ تەسىر ئاستىدا ياشىغان ھەم تەسەۋۋۇپ

ھەققىدە ناھايىتىمۇ ئەتراپلىق بىلىم ھاسىل قىلغان. نەۋائىينىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «نەسايىمۇل مۇھەببەت»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «لىسانۇتتەير» قاتارلىق ئەسەرلىرى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەلىماتى بىلەن ياخشى تونۇش ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

«لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) مەشھۇر پارس شائىرى پەرىدىددىن ئەتتار (1145 ـ 1229)نىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە بېغىشلانغان مەشھۇر ئەسەر ئىدى. نەۋائىي بالىلىق ۋاقتىدا مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چاغلىرىدىلا «مەنتىقۇتتەير» بىلەن تونۇشقان، ئۇنى مۇتالىئە قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ ئەسەر گۆدەك ئەلشىرنىڭ قەلبىگە ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ، بۇ تەسىرنى بىر ئۆمۈر كاللىسىدىن يىراق قىلالمايدۇ. ئاخىر ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەسەر يازمىسا ئارماندا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بۇلارنى بىز شائىرنىڭ ئۆز تىلىدىن ئاڭلايلى: «بۇ ھادىسە زادىلا كاللامدىن چىقمايدۇ. بالىلىق چاغلىرىم ئىدى، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتاتتىم. بالىلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇستازنىڭ زورى بىلەن ساۋاق تەكرارلايتتى... بۇ چاغدا مېنىڭ بۇ ھەۋەسكار تەبىئىتىم «مەنتىقۇتتەير»نى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. ئەس ـ يادىم ئۇنى تەكرارلاش بىلەن بولدى. خاتىرەم ئاشۇ ئارقىلىق تەسكىن تاپاتتى. ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىشقا باشلىدى. تەبىئىتىم بۇ ئەسەردىكى سۆزلەرگە شەيدا بولۇپ قالغاچقا، يەنە باشقا سۆزلەرگە مايىللىق كۆرسەتمىدى. بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ ھېكايەتلەرگە، قۇش تىلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايىلەرگە ئادەتلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆزدىن تەبىئىتىم يايراپ مۇرادىمنى تاپاتتىم. ئۇنىڭ زوقى مېنى ناھايىتى خۇشال قىلاتتى. ئۇنىڭ شەرھلىرى مېنى ھەيرانلىق ئىچىدە لال قىلاتتى. مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە تەبىئىتىم ئۇستاز بولماقتا، بۇ كىتابقا بولغان ئېتىقادىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن مەن خالايىق بىلەن بولغان ئۈلپەتچىلىكتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ كىتاب مېنىڭ خىلۋەتتىكى ئەڭ يېقىن سىردىشىم بولۇپ قالدى. بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىتىمگە مالاللىق يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشىق مېنى شەيدا قىلدى، «خىلۋەت ئىشىكىنى ئاچاي، بۇ ئالەمنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچاي» دېگەن ئويغا كەلدىم.

بالىلار مەندىكى بۇ خىل ھالەتنى كۆرۈپ سۆرەن ـ چۇقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غەلۋە ـ غوۋغالىرى ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، گويا ئامىي كىشىلەرگە ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار: «بۇ كىتابتىكى ئوتلۇق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىمىزنىڭ خام تەبىئىتى تەلۋىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ تەقۋادارلىقتىن ۋە سالاھىيەتتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە بېرىپ يېتىدۇ» دەپ كىتابىمنى يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئۇنى ئوقۇشتىن كۆڭلۈمنى ياندۇردى. «مەنتىقۇتتەير» ھەققىدە تۈرلۈك پەندى ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى.

ئارىدىن بىرنەچچە مۇددەت ئۆتتى. ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلى مېنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىمدىن خاتىرجەم بولۇپ تىنچلاندى. لېكىن بۇ ئەسەر مېنىڭ يادىمدا قېپقالغانىدى. ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ھالدا تەكرارلاپ يۈرەتتىم. كۆڭلۈم دائىم قۇش تىلى بىلەن سىرداش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم يوق ئىدى.

ۋاقتىكى، مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى بىر قەلەم ئاستىغا ئالدىم. تۆت دىۋان بىلەن بەش خەزىنە (يەنى، چاھار دىۋان دەپ ئاتالغان «خەزايىنۇل مەئانى» بىلەن «خەمسە»)نى ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا كەلتۈردۈم. يازغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىم ئىچىدىكى شېئىرلارنى تەخمىنەن يۈز مىڭ بېيىت دەپ قىياس قىلاتتىم.

شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسامۇ، بىر خىيال زادىلا يادىمدىن چىقمايتتى. يەنى «تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا، بۇ دېمىنەر («مەنتىقۇتتەير»)نى تەرجىمە ئۇسلۇبى بىلەن بېزەپ چىقسام» دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدە ھامان ساقلىنىپ كەلدى. بىراق بۇ بەك مۈشكۈل ئىش بولۇپ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم. شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزىتالماي كەلگەنىدىم.

مەن ئاقىۋەت شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆمرۈم تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، مەن بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئالەمدىن شۇ ئارمان بىلەن، ياق، بەلكى ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش بىلەن كېتىپ قالىمەن. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۆمرۈم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلەم ئۇچلىدىم»① .

بۇ مەلۇماتلارنى پەقەت شائىرنىڭ ئاشۇ بىر ئەسىرنىڭ يېزىلىش تارىخى دەپ چۈشەنسەك، تولىمۇ ئاددىي ھەم يۈزە چۈشەنگەن بولۇپ قالىمىز. شائىرنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىدا يالقۇنجاپ تۇرغان، شائىرنى تىنىمسىز ئۆرتىگەن ئىچكى كېچىنمىلەرنىڭ ـ شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىشقىنىڭ جەريانى ئىدى. شۇڭا شائىر ئۆزىنى باللىق ۋاقىتلىرىدىلا چۇلغىۋالغان بۇ ئىشق مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرنى يازماي كەتسە ئارماندا، ئارماندا ئەمەس، بەلكى «ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش» بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قولىغا قەلەم ئالغانىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ پۈتۈن تەلىماتى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان، تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى نۇرغۇن ۋەقە، رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك ئەسەر «لىسانۇتتەير» مانا شۇنداق دۇنياغا كەلگەنىدى. گەرچە نەۋائىي بۇ ئەسەرنى ئەتتارنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمىسى دەپ ئاتاپ ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خۇددى شائىرنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن تۇتىشىپ ئۆمۈر بويى ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگەن ئىشق ئوتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنى يەنە شائىرنىڭ ئۆزى تەستىقلايدۇ: «ماڭا قانداق مەنە ئايان بولغان بولسا، ئۇنى قۇش تىلى بىلەن بايان قىلدىم. سۆزلىرىم يۈزەكى مەنىدىلا چۈشىنىلمىسۇن، ھەقىقىي مەنە قىزىنىڭ يۈزلىرى يېپىلىپ قالمىسۇن. پەقەت زېرەك قۇشلارلا بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ ئۇنى چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنى چۈشەنگەن قۇشلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق قۇشلار بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بۇ سۆز بارلىق سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇشكۈل سۆزدۇر. چۈنكى بۇ تىلسىزلارنىڭ تىلىدۇر. ئۆز تىلىدىن بېشىغا ئاپەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يەنە باشقىلارغا شەرھلەپ ئولتۇرمىسۇن»② .

بۇيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئۆزى ھېس قىلغان، چۈشەنگەن بۇ مەنىلەرنى ـ تەسەۋۋۇپنى ئۆز خەلقىمۇ بىلىدۇرۇش، چۈشىنىدۇرۇش ئىستىكىدىن خالىي بولالمىغانىدى. «پارسچە بىلىدىغان خەلقلەر ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن نازۇكلۇقلارنى تونۇدى. ئەمما سادىدا تۈركىي خەلقلەر پارس تىلىنى پىششىق بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن قۇش تىلىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆيۈپچىلىكىنىڭ قوللىرى قۇشتىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن قۇش تىلىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى.

مەن شۇنداق بىر قۇش ئىدىمكى، كېچە ـ كۈندۈز ئەتتارنىڭ (پەرىدىدىن ئەتتار) دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم. گوياكى توتىغا ئوخشاش ئۇ دۇكاندا شېرىن سۆزلۈك قىلاتتىم. قاچانكى ماڭا قۇش بىلەن خىتاب قىلىنسا ئۇنىڭغا تۇتىدەك جاۋاب بېرەتتىم. بەلكى ئۇ بۈيۈك زاتنىڭ (ئەتتارنىڭ) مۇقەددەس روھ قۇشى ئەرش بېغىدىن كېلىپ كۆڭلۈمدە ئۇۋا ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قۇش تىللىرىنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىششىپ يېتىلدىمكى، قۇشلار سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم»③ .

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمى ئاددىي، يۈزەكى ئەمەس، بەلكى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر، مۇكەممەل بىلىم ئىدى. «قۇشنىڭ سوئالىغا تۇتىدەك جاۋاب بېرىش»نىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. شائىر ئۆزىنىڭ «بۇ تىلنىڭ ئۇستازى» بولغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. «بۇ تىل» ـ قۇشلار تىلى، يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ تىلى ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ھېس قىلغانني، بىلگەننى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ دېگەن قاراش بار. نەۋائىيمۇ ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىكى مەدرىسە ھاياتىدىن باشلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. «بۇ تىل»نى چۈشىنىشكە، ھەزىم قىلىشقا ئاز ۋاقىت سەرپ قىلمىغان. «مەنتىقۇتتەير»دەك مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئۇنى چۈشىنىپ ئىپادىلەش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. نەۋائىي بولسا ئۇنى قايتىدىن ئىجاد قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز تىل ماھارىتىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى دىل ماھارىتى كېرەك. ئەتتار ھېس قىلغاننى ھېس قىلالماستىن، «بۇ تىلنىڭ ئۇستىسى» بولۇش، «ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش» مۇمكىنمۇ؟

شۇڭا نەۋائىي پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىلا يېشى ئاتمىشقا بارغاندا ئاندىن قولىغا قەلەم ئالالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېيتىش كېرەككى، «لىسانۇتتەير» نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك يۇقىرى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەلشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ناھايىتىمۇ زور بولغان. ئۇ پۈتۈن

ئۆمرىدە مۇشۇ تەسىر ئاستىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان. بۇنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» ناملىق تۆت دىۋانىنىڭ بىرىنچىسى بولغان «غەرايىبۇسسىغەر» («ياشلىق غەرايىبلىرى») مۇنداق غەزەل بىلەن باشلىنىدۇ:

ئىشرەقەت مىن ئەكس شەمسىل كەئس ئەنۋارۇل ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا.
غەيرىي نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر، ئەي ساقىي، مەي ۋەھدەت مەسەللىك غەمزۇدا.
ئەي، خۇش ئۇل مەيكىم، ئاڭا زەرف ئولسا بىر سىنغان ساپال،
جام ئولۇر گېتىنەما جەمشىد، ئانى ئىچكەن ئادا.
جامۇ مەي گەر بويلەدۇر، ئۇل جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەردەم نىسار، ئۇل مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.
دەير ئارا ھۇش ئەھلى رىسۋا بولغەلى، ئەي مۇغبەچە،
جامۇ مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.
تاكى ئۇل مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇدى مەھۋ ئولغاي ھەم ئۇل دەم مائەدا.
ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلەن جام ئىچرەكىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسم ئىلە قىلغاي ئەدا.
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفيي ئېتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.

مانا بۇ نەۋائىينىڭ تېخى يىگىرمە ياشلارغا بارماستىن، ياشلىق ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئېيتقان غەزەللىرىدىن بىرى. بىز غەزەلدە پەقەت تەسەۋۋۇپقا خاس بولغان «ۋەھدەت مەي»، «مۇغبەچە»، «ساقىي» قاتارلىق سىمۋوللۇق سۆزلەرنىلا ئەمەس، بەلكى شېئىردا ئىپادىلىنىۋاتقان مەنىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەتتا شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا ئېنىق قىلىپ ئۆزى «يۈز جەھان ھەردەم نىسار، مىڭ جان فىدا» قىلماق ئىستىگەن بۇ «جام» بىلەن «مەي»نىڭ زاھىدلار گۇمان قىلغان مەي ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، زاھىدلارنى بۇ «مەيخانا» ئەھلىنى بىھۇدە ئەيىبلىمەسلىككە چاقىرىدۇ. شائىر تىلغا ئالغان «ئۆزگە جامۇ مەي» ـ دەل ھەققە بولغان ئىشقنىڭ رەمزى ئىدى. جام ـ كۆڭۈل، يەنى قەلب، مەي بولسا ئىشق. شۇڭا شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسرالىرىدىلا «يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا» دېگەنىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: غەيرىي نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،

يوقتۇر، ئەي ساقىي، مەي ۋەھدەت مەسەللىك غەمزۇدا.

دېمەك، شائىر ئېيتماقچىكى، «كۆڭۈل جامىدا زەررىچە باشقا ئوي ـ خىيالنىڭ داغلىرى بولسا، ئۇنى قەلبتىن چىقىرىۋېتىشتە ھېچنەرسە ۋەھدەت مەيىگە يەتمەيدۇ. پەقەت بىرلىك شارابى بىلەنغىنە قەلبنى پاك قىلىش مۇمكىن». ئەنە شۇندىلا «جام بىلەن مەي ئىچرە ۋەھدەت مۇيەسسەر بولىدۇ...». قەلب كۆزگۈسىنى غەيرىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەردىن تازىلىماستىن ۋىسال تېپىپ بولمايدىغانلىقى تەسەۋۋۇپتىكى ھەقنى تونۇشنىڭ، ئۇنى بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شائىر يەنە بىر شېئىردا بۇ پىكرىنى تولۇقلايدۇ:

دېسەڭ نەۋائىي جان ئارا مەھبۇب بولغاي جىلۋەگەر،
ئەۋۋەل كۆڭۈل كۆزگۈسىدىن مەھۋ ئەيلە نەقش ماسىۋا.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن شائىرنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى بۇ مىسرالىرنىڭ مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇپتىن ئايرىپ قاراپ چۈشىنىش مۇمكىنمۇ؟ ئېھتىمال، ياشلىقتىكى «جامۇ مەي»گە ھېرىسمەنلىكتۇر، دېيىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بۇ «مەي»، «زاھىد گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە مەي» ئىكەنلىكىنى شائىر ئوچۇق ئېيتقان تۇرسا. شائىرنىڭ گۆدەك قەلبىگە ئەتتاردىن تۇتاشقان بۇ ئوت، ئەمدى «ۋەھدەت مەيى» ئارقىلىق تەسكىن تېپىشنى ئىستىگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. ئەمما نەۋائىينىڭ بۇ «مەي»دىن قاچاندىن باشلاپ بىھوشلانغانلىقىنى سوراش بىھاجەت.

نەۋائىي فەردۇ بىھوش ئولغانىن قاچاندىنبېرى دېمەڭ،
ھەم ئاندىكىم ئانى مەست ئەتتى ۋەھدەت جامىدىن جامى.

دېمەك پەرىدىددىن ئەتتار ئۇنى ئوتقا مۇپتىلا قىلىپ، گۆدەك قەلبنى ئۆرتىگەن بولسا، ئابدۇراخمان جامى ئۇنى «ۋەھدەت مەيى» بىلەن بىھوش قىلغانىدى. شۇڭا شائىر ھەرۋاقىت ساقىيدىن مەي تەلەپ قىلىپ قانمايدۇ.

ساقىي قەدەھنى قىل مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيدىن ئىچكىلى كەلدىم.

نەۋائىينىڭ ئۇستازى ئابدۇراخمان جامى (1414 ـ 1492) تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم. بىزگە مەلۇمكى، ئابدۇراخمان جامى پۈتۈن ئۆمرى تەرىقەت ئەھكاملىرى ئىچىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر بولۇپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى ئىدى. جامى نەۋائىيغا ناھايىتىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر جامىنى ئۆز ھاياتىدىكى ئۇستازلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» (مەنىلەر

خەزىنىسى)دىكى بىرىنچى دىۋانى «غەرايىبۇسسىغەر»دە ئۆزىنىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان بىر قىتئە بار. شائىر قىتئەدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى بولغان «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن»، «سەپەر دەر ۋەتەن»، «نەزەر بەر قەدەم»، «ھۇش دەر دەم»دىن ئىبارەت تۆت شەرتنى شەرھلىگەندىن كېيىن، ئۆزىدە مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانغان بولسا، ئۆزىنىڭمۇ بۇ تەرىقەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ:

قانائەت تەرىقىگە كىر، ئەي كۆڭۈل،
كى خەتم ئۇلغاي ئايىنى ئىززەت ساڭا.
دېسەڭ شاھ ئولاي يەرۇ كۆك پەس دۇرۇر،
بۇ بىر تەختۇئۇل چەترى رىفئەت ساڭا.
فەنا شۇلەسىدە ياشۇر جىسمنى،
كېرەك بولسا زەر بەفت خىلئەت ساڭا.
بىتەر لالە پۈتكەن قىيا قۇللەسى،
مۇراد ئولسا گۈلگۈن ھەشمەت ساڭا.
ئېرۇر بەس ئەرىغ نۇكتە ئۇ قان ياشىڭ،
دۇرۇ لەئلدىن زىبۇ زىننەت ساڭا.
دېسەڭ خىلۋەتىم ئەنجۇمەن بولماسۇن،
كېرەك ئەنجۇمەن ئىچرە خىلۋەت ساڭا.
ۋەتەن ئىچرە ساكىن بولۇب ساير ئول،
سەفەردىن ئەگەر بولسا مېھنەت ساڭا.
نەزەرنى قەدەمدىن يىراق سالماغىل،
بۇ يول ئەزمى گەر بولسە رەغبەت ساڭا.
دەمىڭدىن يىراق تۇتماغىل ھوشنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئافەت ساڭا.
بۇ تۆت ئىش بىلە رۇبئى مەسكۇن ئارا،
چالىنماق نى تاڭ كوسى دەۋلەت ساڭا.
بۇ ئاھاڭ ئىلە بولغايسەن نەقشبەند،
نەۋائىي ئەگەر يەتسە نەۋبەت ساڭا.

«بۇ تۆت ئىش» ـ نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ئىدى. زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتەيلى.

(1) «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» ـ جامائەت ئىچىدە، كىشىلەر ئارىسىدا خىلۋەتتە بولۇش، يەنى كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ، دىلىدا ئاللانى ياد ئېتىش.

(2) «سەفەر دەر ۋەتەن» ـ ۋەتەن ئىچرە سەپەر قىلماق، بۇنىڭدا سالىك ئۆزى ئەل ئارىسىدا ياشاپ تۇرۇپ، تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەردىن ياخشى خۇلقلارغا، بەشەرىي (ئىنسانىي) سۈپەتلەردىن مەلەكى سۈپەتلەرگە سەپەر قىلىدۇ.

(3) «نەزەر بەر قەدەم» ـ قەدىمىڭگە نەزەر سال، ھەربىر قەدىمىڭنى نازارەت قىل دېگەنلىك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قەلبىدە ئاللانى ياد ئېتىپ كېتىۋاتقان سالىك ئۆزىنىڭ قەدىمىگە نەزەر سېلىپ مېڭىشى، دىققىتىنى ئەتراپىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە بۆلمەسلىكى، قاراش دۇرۇس بولمايدىغان يەرلەرگە قارىماسلىقى كېرەك.

(4) «ھوش دەر دەم» ـ ھەر دەقىقە ھوشيار تۇرماق. يەنى ھەر نەپەستە قەلب زۇۋقىغا تولۇپ، ھوشيار بولۇش، غەپلەتكە ئورۇن قالماسلىقى كېرەك.

نەقشبەندىيىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا شەرتلىرىمۇ بولغان (ئاساسەن 11 تۈرلۈك). ئەمما بىرقەدەر مۇھىم ۋە ئاساسىي بولغىنى يۇقىرىدىكى تۆت پرىنسىپتىن ئىبارەت ئىدى. نەقشبەندىيىنىڭ ئەخلاق تەشەببۇسىدا يەنە «دىل بە يارۇ دەست بەكار» (دىلىڭنى يارغا، يەنى ئاللاغا قارات، قولۇڭنى ئىشقا) دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەرمۇ بولغان.

نەۋائىينىڭ يۇقىرىدىكى قىتئەسىمۇ شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرىدە يېزىلغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر تەسەۋۋۇپتىكى نەزەرىيىۋى تەلىماتى بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇستازى جامىنىڭ تەسىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلايدىغان تەرىقەت ئەھلى، جۈملىدىن نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرتلىرى، تەلەپلىرىنىمۇ ياخشى بىلگەن ھەم ئۆزىنى شۇ تەرىقەتكە مەنسۇپ دەپ ھېسابلىغان.

ئەمدى دىققىتىمىزنى قىتئەنىڭ بەشىنچى مىسراسىدىكى «فەنا شۇئىلەسىدە ياشۇر جىسمنى» ـ «فەنا (يوقلۇق) يالقۇنىدا ئۆز جىسمىڭنى يوق ئەت» دېگەن بىر جۈملە ئىچىدىكى «فەنا» سۆزىگە قارىتايلى.

«فەنا» ـ يوق بولماق، ئۆلمەك دېگەن سۆز. تەسەۋۋۇپتا بولسا، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا يوق بولۇپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى شەرھلەش مۈشكۈل. بۇنىڭدىن ھەتتا يۈز رىسالە پۈتتۈشى مۇمكىن.

دېدىڭ «فەنا نېدۇر؟» مۇختەسەر دېيىن: «ئۆلمەك!»،

كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

دېمەك، «فەنا» سۆزىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن قىسقىلا قىلىپ «ئۆلمەك» دېيىش مۇمكىن. لېكىن ئۇنى شەرھلەش، ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭدىن يۈز رىسالە پۈتتۈشى مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە، «فەنا» چۈشەنچىسىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇرەككەپ چۈشەنچىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق ④ . تەسەۋۋۇپتا فەنا بولماق ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ ھەق بىلەن قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئەي نەۋائىي، دەۋلەتى باقىي تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.

مانا شۇ «فەنا» قارىشى نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەربىر غەزەللىرىدە دېگۈدەك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر ھەتتا فەنا جامى ئىچىگە زەھەر سېلىنغان بولسىمۇ ئۇنى سۇمۇرۇشكە تەييار:

دېمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائىي جان بېرىپ ئول جامنى چەكمەكتۇر ئەرمانىم.
مەشۇقنى ئىزدەش يولىغا كىرگەن ئاشىقنىڭ ئارزۇسى ۋىسال.

ھالبۇكى، فەنا بولماستىن ئۇنى تېپىپ بولمايدۇ.

فەنا بەھرىغە چومماقتىن غەرەز تالپىقا ۋەسل ئولدى،
كى غەۋۋاس ئۆلمەككە غەرق ئولۇپ گەۋھەر ئېرۇر بائىس.

شائىرنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپ زاھىدلارنىڭ، سوپىلارنىڭ شەكلىۋازلىق قىلىدىغان رىيا تەقۋىسى ئەمەس، بەلكى ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئىدى. بۇ ھەقتە شائىر شۇنداق يازىدۇ:

بىراۋگە مۇسەللەم تەرىقى تەسەۋۋۇپ،
كى زاتىدا مەۋجۇد ئېمەستۇر تەخەللۇپ.
تەسەۋۋۇپ رىزا ئەھلىدىن ياخشى ئەخلاق،
ئېرۇر ئىتلاھات زىبۇ تەكەللۇپ.
تەسەۋۋۇپ ئېمەس زۇھدۇ تەقۋىيۇ تائەت،
كى ئاندارىيا يول تاپار بىتەۋەققۇپ.
ئېرۇر مەھز تەقۋىي ۋە لېكىن رىياسىز،
ئۇبۇدىيەت سەرفۇ ئەينى تەلەتتۇپ.
نى ئېل قەۋلۇ فېئلىغا ئاندىن تەئەددى،
نى ھەق ئەمرۇ نەھيىغا ئاندىن تەسەررۇپ.
ئۆزنى ئويلە بىئىختىيار ئاگلا بانكىم،
نى قالىب تەرەددۇد ئاڭا، نى تەئەسسۇپ.
قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائىي مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇپ.

دېمەك، شائىرنىڭ قارىشىدا تەسەۋۋۇپ ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىشتىن، يەنى فەنا بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا شائىر:

مەندە، يارەب، مەنلىكتىن قويما نىشان،
ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنكەشان.

دەپ خىتاب قىلىدۇ.

كىم نەۋائىينىڭ فەنا ۋادىسىدە ئېتەر ھۇزۇر،
كەچسۇن ئۆزدىن بەلكى خۇد ئۆزلۈكنى ھازىر كۆرمەسۇن.

شۇڭا شائىر ئۆزلۈكتىن ئەسەر قويماسلىق ئۈچۈن تولغىنىدۇ. ھەتتا ئىشق تاشلىرى زەربىسىدىن ئۆلسەم، قەبرەم فەنا مەيخانىسىنىڭ خىشىدىن بولغاي دەيدۇ:

تولغانۇرمەن ئۆزلۈكۈمدىن چىقغالى، بۇ كىم ئېرۇر،
دەرد ۋادىسىدا سەرگەردان قۇيۇندەك ھەيئەتىم.
ئەي فەلەك، ئەنجۇم ئۇششاق تىلش يىغىپ باشمغىچە ئۇر،
چۈن فەنا مەيخانىسى خىشتىدىن ئولدى تۇربەتىم.

شائىر «لسانۇتتەير» نىڭ ئاخىرىدىكى مۇناجاتلىرىدىن بىرىدە مەجنۇننىڭ مۇنداق بىر ھېكايىتىنى قىستۇرغان:

كىم بىراۋ بىر كۈن دېدى «ئاتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «لەيلى» دېدى «ئىسباتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «ئۇلكىم لەيلى ئولدى زات ماڭا،
ھاجەت ئېرمەس ئەيلەمەك ئىسبات ئاڭا؛
كىم ساڭا شەك دۇرۇر، ماڭا بۇدۇر يەقىن»

بويلە ئاشىقلىقغە يۈزمىڭ ئافەرىن.

نەۋائىي مۇناجاتىدا ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ئىلاھىي ئىشققا «يۈز مىڭ ئاپىرىن» ئېيتىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ فەنا قارىشى ئىپادىلەنگەن مىسرالارنىڭ ھەممىسىنى مىسال كەلتۈرۈپ ياكى سانىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ قاراش شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرىدا يارقىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئەمدى بىز نېمە ئۈچۈن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىدىكى «فەنا» قارىشى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىگە كېلەيلى. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزدە نەۋائىي ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپتىكى ئاساسىي غايە، ئاساسىي چۈشەنچە بولغان «فەنا» كۆزقارىشىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقى بىزنى تىنىمسىز ئويلاندۇرۇپ ئارام بەرمىدى. «نەۋائىي نېمە ئۈچۈن پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىدا «فانى» («فەنا») دەپ تەخەللۇس قوللانغاندۇ؟» دېگەن سوئال كاللىمىزدىن نېرى كەتمەيتتى. ئەجەبا بۇنىڭ نەۋائىينىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىرەر ئالاقىسى بوغمىدۇ؟ تەخەللۇس قوللانغان شائىرلار ھامان ئۆز ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى ئىزدىشىدىغۇ؟

بۇ سوئالىمىزغىمۇ بەنىلا ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆزى جاۋاب بەردى: «ھەرقانداق كىشى بىر ئىش قىلغان بولسا، بۇ ئىشتا شۇ كىشىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولىدۇ.

سەھىپىلەرنى زىننەتلەپ نەزمە يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى ئۇنىڭ تامغىسىدۇر. ھەرقانداق ۋاراقتا يېزىلغان شېئىرلار تەخەللۇستىن ئىبارەت مۇشۇ نىشانە ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئاشۇ نىشانىگە ئاساسەن بۇ سەنئەتنىڭ، بۇ نىزامنىڭ ياكى خۇسرەۋنىڭ، بۇ جامىنىڭ دېمەپ ئايرىۋالالايدۇ.

مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكىنىمدە، قەلىمىم ئىستىبداتى تۈپەيلىدىن نەزىم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىمدا نەزمىلىرىمگە «نەۋائىي» دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم. بۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا «فانىي» تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى»⑤.

شائىرغا «پەيز ۋە ئىلھام» بەرگەن «ئۇ مەنىلەر»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە جىق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. «ئۇ مەنىلەر» ـ دەل تەسەۋۋۇپنى، يەنى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير»دىن ھاسىل قىلغان مەنىلەرنى كۆرسىتەتتى.

پەرىدىدىن ئەتتاردىمۇ، ئۇنىڭدىن «پەيز ۋە ئىلھام» ئېلىپ قولىغا قەلەم ئالغان نەۋائىيدىمۇ ھەققە قاراپ قەدەم ئېلىشنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى «فەقرۇ فەنا» (فەقىرلىك ۋە يوقلۇق) ۋادىسى ئىدى. شائىر ئەنە شۇ مەنزىلگە ـ «فەنا» بولۇپ ھەققە قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشكە ئىنتىلگەن. شۇڭا شائىر ئۆز - ئۆزىگە قارىتىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئەي فانىي، فانىيلىق (يوق بولۇش) ھەققىدە لاپ ئۇرۇشنى قوي! ۋىسالغا ئېرىشمەكچى بولساڭ فانىيلىق ئوتىدا كۆي! شام ئوتىنى ئايلانغان پەرۋانىگە ئوخشاش، ئۆزۈڭنى شولىغە پەرۋانىدەك ئۇر! ۋۇجۇدۇڭدىن ئەسەر، بارلىقىڭنى ئارقاق - ئۇرۇشلىرىدىن نىشان قالمىغاندىلا، مەقسەت ئىچىدە تىلىگىنىڭگە ئېرىشىسەن! خالايىق بۇ ماجىرانى بىلمىسە بىلمەۋەرسۇن!»⑥

دېمەك، شائىر «پەيز ۋە ئىلھام» ئالغان «مەنىلەر» ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي «مەنە» ـ «فەنا»نى ئۆزىنىڭ پارسچە شېئىرلىرىغا تەخەللۇس قىلغانىدى.

ئەمدى مانا شۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى ئىپادىلىرىگە نەزەر سالايلى. شائىر شۇنداق دەيدۇ:

قىلدى مەزاھىردا خىيال زۇھۇر،
تاپقالى ئۇل ھۆسن كەمال زۇھۇر.
جىلۋەئى ھۆسنۇڭگە چۇ يوق ئېردى ھەد،
كۆزگۈ كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد.
ئاچتى بۇ گۈلشەنىنىكى رەڭگىن ئېرۇر،
ھەر گۈل ئاڭا ئائىنەئى چىن ئېرۇر.
جىلۋەئى ھۆسن ئۇلغالى زاھىر ئاڭا،
بولدى بۇ مىرئات مەزاھىر ئاڭا⑦.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا پۈتۈن كائىنات «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك، يەنى خۇدا)نىڭ ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە يارىتىلغان دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەنە شۇنداق يازىدۇ: «كۆيچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ نەقىشلەر دەممۇ دەم يوقىلىپ يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن، چۈنكى ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر.

ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا، بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك - تۈمەن نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. مەنە ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكلى جەھەتتىلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر... ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تا ئەبەدكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە»⑧.

تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئۆزى بولغان بۇ مەزمۇنلارنى يەنە ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. شائىر ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق بارلىق) ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ:

نې بولۇب ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نې كېلىپ ئاخىر دەمدە نىھايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ ئاخىرۇ مابەيىن ئۆزۈڭ،
بارچەغە خالىق، بارىغە ئەيىن ئۆزۈڭ⑨.

يەنە دېڭىز بىلەن دولقۇننى مىسال قىلىش ئارقىلىق بېگانە بارلىق چۈشەندۈرۈلگەن مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇيلى: «ئەگىرى ۋۇجۇدى دېڭىز قايناملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. قاينام ۋە ئۆركەشلەردىن ھاسىل بولغان ئېگىز - پەس نەقىشلەر

دىگىزغا ھېچبىر پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. دىگىز دولقۇنلۇق بولسۇن، دولقۇنسىز بولسۇن، ئۇ ئۆزىدىكى سۇ بىلەن بەربىر دىگىز ھىسابلىنىدۇ. بىراق سۇسىز دولقۇن ۋە نەقىشلەر ھاسىل بولمايدۇ. دولقۇن ۋە نەقىشلەرنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنى دىگىز بەلگىلەيدۇ» ⑩.

بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى، ئالەم قارىشىنىڭ ئوبرازلىق يوللار بىلەن شەرھلىنىشىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

شۇنداق ئىكەن، شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى مۇشۇ ئىدىيىۋى زېمىن ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلماي، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى ئەكېلىپ، بۇنى «ئۇلۇغ شائىرنىڭ سۇپىزمغا قارشى پانتېئىزمى دىيىشىمىز مۇمكىن»، نەۋائىينىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتى ۋە ئاسكېتىزمغا پۈتۈنلەي قارىمۇقارشىدۇر. نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى ئۆزىنىڭ ئوپتىمىستىك ماھىيىتى ۋە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەر خاراكتېرى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتىدىن ھەم پەرقلىنىدۇ» ⑪ دەپ تەھلىل قىلىش بىلەن شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى زادى قانچىلىك دەرىجىدە يورۇتقىلى، ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

بۇ يەردە دىققەتنى قاراتماقچى بولغان مەسىلە تەتقىقاتلاردا نېمە ئۈچۈن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى ئاكتىلىق رەۋىشتە تەسەۋۋۇپ بىلەن قارىمۇقارشى قويۇپ، نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىگە ئويغۇن كەلمەيدىغان باشقا تەلىماتلارنىڭ ناملىرىنى شائىرغا زورلاپ تاڭىدىغان «ئىلمىي» تەتقىقات خاھىشى مەسىلىسى.

ئالدى بىلەن ئاكتىلىق يوسۇندا نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى تەسەۋۋۇپقا قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنى ئىزدەپ باقايلى.

بىز تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارقىلىش، كېڭىيىش داۋامىدىكى ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلمىدۇق. تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېيىلىشى ۋە يەرلىك تۈس ئېلىپ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىشانچىلىقنىڭ شىنجاڭغا كېڭىيىشى ۋە خوجا - ئىشانلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدا تۈرلۈك نورمالسىز ئەھۋاللارنى، بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى سەۋەبلىك، بىزدە تەسەۋۋۇپقا قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بىز ماناشۇ كېيىنكى دەۋردىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ جاھاندارچىلىق ۋاستىسى بولغان، مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئازبولمىغان بۇزغۇنچىلىق، چېكىنىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن خوجا - ئىشانلارنىڭ ئىشانچىلىق تەرغىباتلىرىدىن، سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىمىزنى، يەكۈنلىرىمىزنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىغا بىرىلگەن باھا ئورنىغا قويۇپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە پەقەت «ئەكسىيەتچىل ئېقىم»، «ئەكسىيەتچىل تەلىمات» بولۇپ كەلدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا نەۋائىيدەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش شائىرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى يۈكسەك ئورنىغا، ئۇلۇغلۇقىغا «نۇقسان» يەتكۈزۈپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شۇڭا شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى يۈزىكىدەك تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئەسلى بار بولغان نەرسىنى يوق قىلىپ، نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇپقا «زىت» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش زۆرۈر بولاتتى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن «ئۇلۇغ شائىرنىڭ سۇپىزمغا قارشى پانتېئىزمى»، «تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتىدىن پەرقلەنگەن نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» دىگەنگە ئوخشاش خۇلاسىلەر مانا شۇنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

توغرا، نەۋائىي زاھىدلىققا («ئاسكېتىزم»)، سوپى - ئىشانلارغا پۈتۈنلەي قارشى. ئۇ ھەممە ئەسەرلىرىدە زاھىدلارنى، سوپى - ئىشانلارنى، زىياكار شەيخلەرنى سۆكۈپ قامچىلايدۇ. تەسبىھ بىلەن خىرقىنى مەي ئۈچۈن رەنگە قويىدۇ.

خىرقەئى زۇھدىن نەۋائىي قىلدى رەھن، ئەي مەيفۇرۇش،
قويما ھوش ئىلكىدە ئانى بىنەۋا تۇتقىل قەدەھ.
ئەگەر مەسجىدغە كىردىم ھەلقەئى زىكرىڭ ئارا، ئەي شەيخ،
ۋەلى مەيخانە ۋۇ مۇترىب سارى مەن ھەر زەمان مايىل.

«مەھبۇ بۇلقۇلۇب»دا مەخسۇس بىر بابنى «رىياكار سوپى - ئىشانلار ھەققىدە» دەپ ئاتاپ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، ئەپتى - بەشىرىسىنى ناھايىتىمۇ جانلىق سۈرەتلەيدۇ: «شەيخ رىيائى، رەنالىق جىلۋىسى سۈنئىي، قاچىسىغا ئالتۇن بېرىلگەن ھەل، تاشقى كۆرۈنۈشى خۇش، ئەمما ئىچىدە ناخۇشلۇق ۋە غەل - غەش، تاشقى كۆرۈنۈشى دەرۋىشكە ئوخشىغان، ئەمما ماھىيىتى پۈتۈنلەي خەلققە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۆزىنى كۆرسەتمەك بولىدۇ ئازادە، ئەمما ئۆزى بەنتنىڭ ئىچىدە. ئۇنىڭ كارامەتلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى ئالداش، بېشىدىكى بىر تال موي‌دا بىر يۈزلۈك خىيال بار. سەللىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئالامەتلىرى بار. كىيىملىرىدىكى ياماقلار كىيىمنى رەڭدار

قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ياماللىغان. ئۇنىڭ يەكۈنكى پەردىسىدۇر ئۇنىڭ سەئلىكىنى يايىدىغان؛ ئۇنىڭ رەختىنى رىيانىڭ چاقىدا ئىگىرىپ توقۇغان. ئۇنىڭ مىسۇنكى بىلەيدۇ تەمەخورلۇق چىشىنى. ئۆزىنى خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئىشەك مۇنچىقىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ تۇرۇشى ۋە ئۇزاق ناماز ئوقۇشىدىكى غەرىزى، دەسمايىسى سەللە يۆگىگەن كۆلاسى؛ تۈلكە قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ سەللىسىنىڭ ئۇزۇن ساڭگىلاتقان چۇچىسى. ئۇنىڭ بۇۋاخ، سەت، سوغۇق تووۋلاشلىرى بىمەھەل قىچقارغان توخۇنى ئەسلىتىدۇ. مەستلەر ئۆز بەزمىسىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقاندەك ھۆكمەتنى ھالالا بىلەن ئوقۇيدۇ. سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ھىيلە ئارىلاشقان، ھەرىكەتلىرىگە پۈتۈنلەي غەرەز ئارىلاشقان. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياسالغان، ئويغاق چېغىدا دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭ ساماسى ئۇسسۇل ئەمەس، غەزىلى ھېچ ئاھاڭغا ماس ئەمەس. سۈرىتىنى قانچە خىل قىلسۇن، ھەممە قىلىقى مەنىسىز. بۇ ئىپلاس زات ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ پاك كىشىلەردەك كۆرۈنمەك بولىدۇ، ۋاي ۋۇي، نېمىدېگەن ئۇياتچىلىق بۇ! يەنە كېلىپ بۇ نابابلارنىڭ ئۆزىگە لايىق مۇرىتلىرى بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ئۇ بارلىق تەدبىرى بىلەن بۇ ئويۇننى ئويناپ، بەزىلەرنى قورقۇتىدۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرى شەيتاننى ھەيران قالدۇرىدۇ، دىۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ» ⑫ .

ئەمما، زاھىدلىقنى، رىياكار شەيخ، ئالدامچى سوپى-ئىشانلارنى سۆكۈش، قامچىلاش يالغۇز نەۋائىيغىلا خاس ئەھۋال ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئۈچۈن ئورتاق خاھىشتۇر. چۈنكى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق خاھىش پەيدا بولغانىدى. تەسەۋۋۇپتا «ئىلاھىي ئىشق» قارىشى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، زاھىدلىقنى، زۇھدۇ ـ تەقۋانى بىر خىل شەكلىۋازلىق، رىياكارلىق دەپ قاراش خاھىشى پەيدا بولغانىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، زاھىدنىڭ تەقۋادارلىقى، كۆپ بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى پەقەت جەننەتكە كىرىش ئۈمىدى، دوزاخ قورقۇنچىسى ئۈچۈنلا. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەق يولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت. كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان شەكلىۋازلىق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئاللادىن تېگىشلىك ھەق تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىبادىتى، تەقۋادارلىقى پەقەت مەنپەئەت يولىدا قىلىنغان تەقۋادارلىق بولۇپ، ھەقىقىي بولغان ساداقەت ئەمەس.

ئاللاغا بولغان سادىقلىق پەقەت ئاللانىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. نەۋائىي بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

زاھىد ئۇچماغ تىلەدىيۇ ياردىن مەن ھەم ئۆزىن،
يارەب، ئۇشبۇ ئىككى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن.
(زاھىد جەننەت تەلەپ قىلدى، مەن يارنىڭ ئۆزىنى تەلەپ قىلدىم،
بۇ ئىككى ئارزۇ ئوخشاشمىدۇر.)

شۇنداق بولغاچقا زاھىد يار ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلالمايدۇ:

ئاشىقنىڭ مىڭ جانى بولسا ئايىماس مەشۇقىدىن،
ئار ئېتەرسەن زاھىدا بىر جانىڭنى قۇربان ئەتمەكتىن.

شۇڭا ئۆزلىرىنى «مەشۇقى ئەزەل»گە چىن دىلىدىن ئاشىق دەپ ھېسابلىغان دىدار تەلەپ ئاشىقلارنىڭ نەزىرىدە، قەلب كۆزىنى يورۇتماستىن (يەنى چىن دىلىدىن قىلماستىن) قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شەكلىۋازلىق قىلىش ياكى كۆرۈنۈشتە ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇپ تەقۋادارلىق قىلىش، ھەققە بولغان سادىقلىق ئەمەس، بەلكى رىياكارلىق، ساختىلىق دەپ قارالغان. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەققە بولغان ساداقەت پەقەت قەلبىدىكى چەكسىز ئىشق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. ۋۇجۇدى ھەقىقىي ئىشق بىلەن تولغان چىن ئاشىقنىڭ قەلبىدە مەشۇق سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ تىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ دىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنى خىيال قىلمايدۇ. زاھىدلار بولسا كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى تەقۋادار كۆرسىتىدۇ.

مانا بۇ كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئۆزلىرى ئىشق شارابىدىن بىھوش بولۇپ، ساقىدىن مەي تەلەپ قىلىپ ھارمايدىغان دىدار تەلەپ، ئاشىق شائىرلارنىڭ زاھىدلارنى، زۇھدۇ ـ تەقۋانى سۆكۈپ قامچىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب. تۈركىي ۋە پارس شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىكلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل خاھىشنى ئېنىق كۆرىمىز، شەمسىددىن تەبرىزى، جالالىددىن رۇمى، ھاپىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، سەئدى، جامى، فۇزۇلى، بېدىل، ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا، مەشرەپ، ھوۋەيدا قاتارلىق بۈيۈك مۇسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆرىمىز. مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلارنىڭ نەزىرىدە، ھەققە بولغان سادىقلىقنىڭ ئىپادىسى كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ھۇ ـ ھۇ تووۋلاش، زاھىد بولۇش ئەمەس، بەلكى پاك ئىشق. شۇڭا نەۋائىي بىر شېئىرىدا ھەتتا:

لەۋائىيدەك ئۇلەر ھالىمدە دېمەك ھۇرۇ جەننەتتىن،
سىزنىڭدۇر پارچىسى ئەي زاھىد، ماڭا بىر كۆرمەك ئانى بەس.

دەپ يازىدۇ.

كلاسسىكلار ئىجادىيىتىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش جەننەت ھۆر پەرىلىرىنى ئەمەس، بەلكى يار، جانان تەلەپ قىلىنغان، كۆڭۈلنىڭ مەسچىدۇ خانىقاغا ئەمەس، بەلكى مەيخانا ۋە مەيگە مايىللىقنى ئىپادىلەنگەن مىسرالارنىڭ تەسەۋۋۇپىي ئاساسى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا غايىۋىلەشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشلار ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇنداق مىسرالارنى پەقەت سىرتقى شەكىلگە قاراپلا مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنىڭ بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىكەنلىكىگە ئەھمىيەتسىز قاراش، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى توسۇق يولغا ئەكىرىپ قويۇپلا قالماستىن، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى پۇچەكلەشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق مەزمۇنلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىش، سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ تېگىگە يېتىش ئاساسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغىنى تۈزۈك.



يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن،
نې بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نې كېلىپ ئاخىر دەمدە نىھايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ ئاخىرۇ مابەين ئۆزۈڭ،
بارچەغە خالىق بارىغە ئەيىن ئۆزۈڭ.

دېگەن مىسرالاردا «سېنىڭ باشلىنىشىڭ ۋە يوقىلىشىڭ يوق، سەن ئەزەلى ھەم ئەبەدىي، ھەممىنى ياراتقان ئۆزۈڭ، ھەممىنىڭ ئەسلى ئۆزۈڭ» دەپ بارلىق قارىشىنى، يەنى تەسەۋۋۇپتىكى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىنى ئىپادىلەۋاتقان شائىرغا، «بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرغان» ⑬ دېيىلسە، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر مەزمۇنلار تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى «تەسەۋۋۇپنىڭ مېستىك تەلىماتىغا پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى» دەپ خۇلاسە چىقىرىلسا، بۇ شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ شائىر ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان «فەنا» سۆزى ئىپادىلەۋاتقان مەنە تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇرەككەپ مېستىك تەلىمات بولماي نېمە؟ شائىر «ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىن كۆرۈنۈشكىلا ئىگە» دەپ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى ياقلاۋاتسا، ئۇنىڭغا ئەكىلىپ «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرغان» دېيىش شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟

«نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» دېگەن ئاتالغۇدىن بىز نېمىنى چۈشىنىمىز؟ پانتېئىزم ھەممىلا يەردە قوللىنىۋېرىشكە بولىدىغان ئاتالغۇمۇ؟ ھەتتا مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىنى پانتېئىزمغا مايىل دەپ تەھلىل قىلىشقا كېگىل قارشى چىققان. رۇمىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭ «مەسنەۋى»سىنى ئىنگلىز تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئاتاقلىق ئالىم رەينولد نىكولسونمۇ شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە ئىپادىلەنگىنى پانتېئىزم ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەجەبا، ئۇلار پانتېئىزمنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي شۇنداق دېگەنمىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار پانتېئىزمنى بىزدىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ.

مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنىڭ «ئىلغار»لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا جەزمەن «پانتېئىزملىق قاراش»، «ئاتېئىستىك خاھىش»نى ئىپادىلىگەن دېگەن تامغىلارنى بېسىش شەرت ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بۈگۈننىڭ مەپكۇرىسى بىلەن ئۆلچەش، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن قاراش تارىخىي ماتېرىيالىزمغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئىدىيىۋى مەنبەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلار ياشىغان دەۋر، ئىدىيىۋى مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنى، ئىدىيىسىنى ئۆز مەنىسى بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدىن قېلىپ بەلگىلىۋالماسلىقىمىز، ھەر بىر مۇتەپەككۇرنى ئۆزىنىڭ دەۋرىگە قويۇپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

تارىختىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ پانتېئىست ياكى ماتېرىيالىست بولغانلىقى «ئاتېئىستىك خاھىش»نى ئىپادىلىگەنلىكى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىدىكى ئورنىغا «نۇقسان» يەتكۈزمەيدۇ. ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدە بار نەرسىنى ئىنكار قىلىپ يوققا چىقىرىپ، ئەكسىچە يوق نەرسىلەرنى ئۇلارغا زورلاپ تېڭىش، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى يەرگە ئۇرغانلىق،

چۇشۇرگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭ بۈرچىمىز ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە نېمە بولسا، شۇنى ئېيتىش، ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ يورۇتۇپ بېرىش، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا يوق ئىدىيىنى زورلاپ تاڭماسلىق.

تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر پۈتۈن ئۆمرىدە مۇشۇ خىل تەسىر ئىچىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنى يۇقىرىدا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ ئېنىق دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزدا نەۋائىي دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش. بۇنىڭسىز شائىرنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

نەۋائىي پانتېئىستمۇ ئەمەس، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپقا «قارىمۇقارشى»مۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تەسەۋۋۇپنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ھەم قوبۇل قىلغان، خالاس. شۇڭا ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ يول باشچىلىرى بولغان پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى، ھاپىز شىرازى، سەئدى، ئۆمەر ھەييام، نىزامى، جامىلارغا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شائىردۇر.

نەۋائىي ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى. شۇنداقلا ئەسىر بويى ئۆلمەي ياشايدىغان ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، تەپەككۇر ئالىمى ـ ئاجايىپ چوڭ خەزىنە. بۇ ماقالىمىز بىلەن شائىرنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىدىن دۇر ـ مەرۋايىت قازدۇق دېيەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ مەلۇم تەرەپلەردىن بولسىمۇ شۇ خەزىنىگە كىرىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندۇق. خەزىنىنىڭ ئۆزىگە كىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىشىمىزگە، چوڭقۇرلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى مۇتەپەككۇرنىڭ تۆۋەندىكى ھېكمەتلىرى بىلەن خۇلاسىلىمەكچىمىز:

ئەھلى مەنى گورۇھىدا زىنھار،
ھېچ ئار ئەيلىمە گەدالىغدىن.
كىم بۇلارگە گەدالىغ ئارتۇقدۇر،
ئەھلى سۇرەتكە پادىشالىغدىن.

ئىزاھلار:
① نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» (موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخا) ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 1 ـ سان، 86 ـ 88 ـ بەتلەر.
② نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 73 ـ بەت.
③ نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 77 ـ بەت.
④ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان، «تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى» ـ «بۇلاق»، 1996ـ يىل 4 ـ سان.
⑤ نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ « بۇلاق»، 1993ـ يىل 4 سان، 88 ـ بەت.
⑥ نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 66 ـ بەت.
⑦ نەۋائىي، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، ئۈرۈمچى، 1991ـ يىل، 18 ـ بەت (شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىسرالارنىڭ ھەممىسىگە مەنبە كۆرسىتىپ ئولتۇرمىدۇق. ماقالىدە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىزدە نەشر قىلىنغانلىرىدىن باشقا، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدىنمۇ خېلى كەڭ پايدىلىنىلدى. ـ ھ.ئا).
⑧ نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 62 ـ بەت.
⑨ نەۋائىي، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، 15 ـ بەت.
⑩ نەۋائىي، «لىسانۇتتەير» ـ «بۇلاق»، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 72 ـ 73 ـ بەتلەر.
⑪ شېرىپىدىن ئۆمەر، «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1988 ـ يىل، 372 ـ بەت.
⑫ نەۋائىي، «مەھبۇ بۇلقۇلۇب»، قەشقەر، 1989 ـ يىل، 81 ـ بەت.
⑬ شېرىپىدىن ئۆمەر، «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 373 ـ بەت.








(بېشى ئالدىنقى سانلاردا)

## ئوكيان سۆزلە تارىخىمنى

پۈتۈن يەر - زېمىن دانىشمەن ئادەمگە ئۆز ئىشىكىنى ئاچقان، چۈنكى كائىنات يۈكسەك قەلبنىڭ ۋەتىنىدۇر.

- دېموكرىت

كۆپكۆك ئوكيان، ئەتراپىغا شاھمات ئورۇقىدەك تىزىلغان ئاراللار، سۇ ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن توپ-توپ چايكىلار سىرلىق تىمتاسلىقتا چۆمگەن بۇ ئوكياننى ئىسپانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ماگېللان تۇنجى بولۇپ كۆرگىنىدە بۇ ئوكياننىڭ شۇنداق تىپتىنچ ئىكەنلىكىنى، دولقۇنى بىلەن بىرھازا كۆزەتكەندىن كېيىن ھەمراھلىرىنىڭ ھەر خىل ناملارنى بېرىشىنى رەت قىلىپ بۇ ئوكيانغا «تىنچ ئوكيان» دەپ ئۆزى نام بەرگەنىكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تىنچ ئوكياننىڭ سىرى يېشىلىپ ئەسلىدە چوڭ بىر قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مەدەنىيىتىنىڭ بۇ يەردىن باشلىنىپ دۇنياغا تارقالغانلىقى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ تىنچ ئوكياننىڭ ئاجايىپ سىرلىرى ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ زادى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى قەيەردىن باشلانغان؟ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى قەيەردە؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سوئاللارغا جاۋاب بېلىپ كېلىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئەنگلىيىلىك ئالىم، ئارخېئولوگ چىرچۋاردنىڭ ئۆلمەس بۈيۈك ئەسىرى «قەدىمكى مۇ چوڭ قۇرۇقلۇقى» ناملىق كىتابىنىڭ دەسلەپكى مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە سۇنماقچىمەن.

## قېرى ھىندى راھىبنىڭ سۆزى

1868 - يىلى ئەنگلىيىلىك پولكوۋنىك چىرچۋارد ھىندىستاندا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چېغىدا بىر ھىندى ئىبادەتخانىنىڭ قېرى راھىبى بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. چىرچۋارد بىر كۈنى قېرى راھىب بىلەن ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، قېرى راھىب ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇ:

«ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى‹ ئىنجىل› دا كۆرسىتىلگەن بېقىن شەرقتىمۇ ئەمەس ۋە ياكى ھازىرقى ئىلىم - پەن تەخمىن قىلىۋاتقان شەرقىي ئافرىقىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ھازىرقى كۆزقاراشتا ئىلگىرى يوقىلىپ كەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق ‹ تىنچ ئوكيان› دا. بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ‹ مۇ› دېگەن ئاتىلىشى‹ ۋەتەن› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللاردا ‹ م› ھەرپى ‹ ئانا› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ».

چىرچۋارد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، قېرى راھىب ئۇنى يېتىلەپ ئىبادەتخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئىبادەتخانىنىڭ بىر چوڭقۇر يېرىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ قالغان نەچچە يۈزلىگەن تاشقا ئويۇلغان خەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى چىرچۋاردقا يېشىپ بېرىدۇ ۋە بۇ قەدىمكى ئويما خەتلەردىكى تىنچ ئوكياندا پەيدا بولغان گۈللەنگەن، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن مەدەنىيەتنى بىر-

بىرلەپ بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن چىرچىۋارد بۇ مەدەنىيەتنى ئىزدەش ۋە تولۇق ئېنىقلاش يولىدا كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىنى بۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ.

چىرچىۋارد بۇ مەدەنىيەتنى ئىزدەش ئۈچۈن ھىندىستاندىن بىرما، ئارىزون، جەنۇبىي دېڭىزلار، ئالياسكا، ئاۋستراليە، مېكسىكا قاتارلىق يەرلەرگە بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىنى، يېزىقىنى، يۇنان يېزىقلىرىنى ۋە قەدىمكى دىنلارنى، ئۇ دىنلارنىڭ ھەر خىل مەدەنىي بەلگىلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ.

چىرچىۋارد قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، مۇشۇنداق بىر مەدەنىيەتنىڭ تىنچ ئوكياندا ئىلگىرى بارلىققا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ۋەتىنى ئىكەنلىكىگە كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ تارىخ يېزىشقا كىرىشىدۇ. چىرچىۋاردنىڭ بۇ ئۇلۇغ غايىسى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ، پۈتۈن دۇنياغا دەلىل - ئىسپات بىلەن مۇكەممەل بولغان ئۆزىنىڭ دۇنياۋى تارىخ ئەسىرى «قەدىمكى ‹مۇ› چوڭ قۇرۇقلۇقى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركەزلىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## قەدىمكى «مۇ» چوڭ قۇرۇقلۇقى

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيىلىك چىرچىۋارد بولۇپ، كىتاب چوڭ 32 فورماتلىق رەڭلىك قاتتىق مۇقاۋىلىق، بۇ كىتابتا مۇقاۋىغا ئەتراپىنى سۇ باسقان بىر قۇرۇقلۇق چۈشۈرۈلگەن. كىتابنىڭ تىتولىغا «ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ۋەتىنى» دېگەن سۆز ئېلىنغان. مەزكۇر كىتاب ئىنگلىزچىدىن رۇسچىغا ك. سىمنوف تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. 1997 - يىلى رۇسىيە-موسكۋا «سوفىيا» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. كىتاب سۆز بېشى ۋە تاماملىنىشى قاتارلىق 17 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىدەك:

1 - باب. مۇقەددىمە
2 - باب. يوقىلىپ كەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق
3 - باب. يەر يۈزىدە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى
4 - باب. يوقىلىپ كەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق ھەققىدىكى ئىسپاتلار
5 - باب. مىسىرنىڭ تۆلگەنلەر ھەققىدىكى مۇقەددەس كىتابى
6 - باب. «مۇ» قۇياش ئىمپېرىيىسى
7 - باب. «مۇ» مەدەنىيىتىنىڭ بېشى ۋە ئۆمرى
8 - باب. تۇنجى دىننىڭ سىمۋولى
9 - باب. تۇنجى دىننىڭ سىمۋولىنىڭ داۋامى
10 - باب. قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئىچىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئورنى
11 - باب. مېكسىكىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن شەھىرى «نىۋىنا»
12 - باب. قەدىمكى مەدەنىيەت ئىچىدىكى «يوكاتانا»نىڭ ئورنى
13 - باب. «مۇ»نىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخى
14 - باب. قانداق قىلىپ ئادەملەر ۋەھشىي بولۇپ قالغان
15 - باب. قەدىمكى دىنىي ناخشا - ئۇسسۇللار
16 - باب. قەدىمكى دىنىي رىۋايەتلەر ۋە ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىملار
17 - باب. خاتىمە

كىتابتا ئۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان دەلىل - ئىسپاتلىق تاش سۈرەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى «قۇياش ئىمپېرىيىسى»نىڭ ئۇيغۇر ئايال پادىشاھى ۋە ئېرىنىڭ سۈرىتى تولۇق چۈشۈرۈلگەن.

## خاتىمە

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز بۇ ئاددىيغىنە ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ بۇ قىسمىنى ئوقۇپ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟ ئىشىنىمەنكى، سىز چوقۇم تەسەۋۋۇرىڭىزنى بىپايان تىنچ ئوكيانغا ئاتا قىلدىڭىز. كېلەر سانىدا ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ داۋامى «تىنچ ئوكيان، ئانامنى ئېيتىپ بەر» دېگەن تېمىلاردا بۇ سىرلارنى يېشىپ بېرىشكە تەييارمەن.



# نەسرلەر

## ئارمان

ئەسقەر يۈسۈپ

### 1

سەن دائىملا «تۇيغۇم مېنى ئالدىمايدۇ» دەيسەن، دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەزەلىي مەۋجۇتلۇقنىڭ مەۋھۇملۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

زاماندىشلىرىمىز ئىنتايىن گۈزەل، بىراق چىن بولمىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ. مەن خۇمار بولغان دوستلۇق خىرۇسىندىنمۇ بەتتەر، شۇنداقتىمۇ ئۇنى تاشلىيالمايمەن.

... ...

جەننەتنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟ ھەقىقەت باغرىمنى تىلغايدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ ئۆيلەرنىڭ بىرەرىمۇ ئاڭا تەۋە ئەمەس. لېكىن نۇرغۇنلىغان بىنالار سېلىنىدى.

سېنىڭ ئايالىڭ بار، ئىتتىكمۇ بار. بىراق تۇرمۇشتا مۇكەممەللىك يوق. بىر كۈنلەر كەلگەندە تەگرى، قانۇن ۋە ۋىجدان ئالدىدا پاكلىقىڭ نامايان بولىدۇ.

خاسىيەتلىك ئادەم بىزنى چاقىرماقتا. سەنمۇ كىشىنى خۇشال قىلالايدىغان خاتالىقلارغا ئامراق. بىز زىمىستاندا تۇرۇپمۇ باھارنى مەدھىيىلەيمىز.

ئۆلۈۋېلىشنى ئىرادىسىزلىك دېيىشكىمۇ ھەقلىقمەن. بىراق ئۇ بىر خىل سەنئەت، مەۋجۇتلۇقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر يولى.

### 2

ئالەمنى تۇمان قاپلىغان كۈنلەردە باشقىچە يايراپ كېتىمەن. ھاياتلىق بۇزۇق ئايالغا ئوخشاش، ئاقىۋەت ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس.

بىزنىڭ مەقستىمىز قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئەمەس، قالايمىقان دۇنيانى تېخىمۇ ئېنىق كۆرستىش. سېنى يىرگىنىپ تۇرۇپ سۆيىمەن.

مەنمۇ بارلىق ئىشەنچ - ئۈمىدىمنى ۋەتىنىمگە باغلىغان. ئەمدى ئۈمىدنىڭ سايىسىنى كۆرەلمىدىم. شەيتان قىسسە سۆزلەۋاتىدۇ.

ئۆتمۈشكە ئادەملىكنى پەقەت ئادەملىكنىلا چىقىش قىلىپ باھا بەرسە دۇرۇس بولىدۇ.

ئىستىقلال ـ ئەڭ چوڭ سودا. قان ۋە كۆز يېشى - سەنئىتىمىزنىڭ ئانىسى. بىزنىڭ بۇ پارچە - پۇرات تۇرمۇشىمىز ۋە ئۆتكەندىكى قايغۇ - ھەسرەتلەر، كېيىنچە زوق - شوخ بىلەن سۆزلىشىدىغان بىر مۇھىم خۇشاللىقىمىزغا ئايلىنىدۇ.

سېنىڭ دىيانىتىڭدە، دونداق كەبى ۋەتەنپەرۋەر پاھىشىلەر، مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك پىيەنچۈكلەر، سىگانلار، كوردلار، تارىم چۆلى، ساكيامونى ۋە نىلسۇن ماندېلا قاتارلىقلار بار.

### 3

بىزگە قورقۇنچلۇق راست گەپلەر كېرەك. شېئىر ئارقىلىق نۇرغۇن ئىنشالارنى قىلغىلى بولاتتى. يېڭى يەرلەر ئېچىلغانسېرى زېمىن تارلىشىۋاتىدۇ.

تەگرى: «ھەر بىر تىننىقىڭمۇ ھېسابىنى ئالىمەن» دەپتىكەن. ئىنسانىيەتنى قىرىپ تاشلايدىغان يېڭى قائىدىلەر كۈندە بىر چىقماقتا.

ياشىسۇن بەرباتلىق، ياشىسۇن ئاق ۋە قارا! ھەممىنى قايتىدىن باھالاش لازىم. يارىلىشتىكى مەقسەت، ئۆز ئورنىغا قويۇلمىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئەسلى قىممىتىگە ئىگە قىلىشتۇر.

گۆھىرىمنى تاش بىلەن تېگىشتىم، دائىم كېسەل بولۇپ قالغۇم كېلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مەڭگۈ ئىلگىرىلىشىگە بولغان ئىشەنچمۇ ئىنسانلارنى ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. دادا، مەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتمەكچى...

### 4

سېنىڭ قۇچاقلىغىنىڭ باشقا ئادەم، ياد ئەتكىنىڭ باشقا ئادەم...

قەلبتە مۇھەببەت - نەپرەت بولغان بىلەن، تەسەۋۋۇردىلا شېئىر بولىدۇ.

ئىلگىرى كىشىلەر تەبىئەت ۋە ئىلاھ بىلەن كۈرەش قىلغان. ئەمدى ئۆزى بىلەن قىلماقتا.

ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئەزەلدىنلا نەچچە مىليون ئادەم دەۋاگەر بولغان دېيىلىدۇ، تارىخنىڭ ئادىل ھۆكۈمىگە ئېرىشكەن.

رېئاللىقتا ئاخىرقى ھۆكۈم مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر بولسا ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا كىم، كىمگە ئېيتىدۇ. مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەل قىلىشتىن مۇھىم. مەن چوڭ

دىۋاگەردىنىمۇ چوڭ دىۋاگەر!

**5**

ئەجدادلار بايقىمىغان نۇرغۇن سىرلار ئېچىلدى. بىراق جاھان چۈشىنىش ئېخىمۇ تەس بولغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئاللا بولمىسا، مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. ئادەملەر ئەقىدىگە، ئىلاھقا موھتاج. ھەممىمىز ھەقىقەتكە ئىشىنىمىز. بىراق كىم ھەقىقەتكە تۇتىشىدىغان بىردىنبىر يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىدى؟

ئەتراپىمىزدا «خۇدا ئۆلدى»، «ئادەم ئۆلدى»، «ئەدەبىيات ئۆلدى» دېگەندەك سادالار ياڭرىسىمۇ، تىرىكلىك ئېھتىياجى ۋە ياشاش ئەخلاقى ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىۋاتىدۇ. دېمەك، يەنە يېڭىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ مۇسابىقىغە چۈشۈۋاتىمىز.

ئوخشاشلا بىر خىل قىسمەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتىدۇ. ھازىر بىزگە مۇھىم يازغۇچى، داڭلىق يازغۇچى، تالانتلىق يازغۇچىلاردىن تولاراق مۇھىم ئادەم، داڭلىق ئادەم ۋە تالانتلىق ئادەملەر كېرەك.

ئېيتىش كېرەككى، دۇنياغا شېئىرىي شەرھى بېرىشتىن ئاۋۋال، دۇنيا توغرىسىدا ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش زۆرۈر.

**6**

يوللارنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرى بىرلا يەردە ئوخشايدۇ. بىز يەنە ئۇچراشتۇق. سەككىز مىڭ يىلدىن بۇيان سۆيۈگىدە ئېقىۋاتىمەن، لېكىن ياغرىم قالمىدى.

كىشىلەر libido نىڭ كارامىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. ئايرىلىش بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ پەرقى قالمىدى. تارىم قۇملۇقىدىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىڭ، بىراق مەن تەكلىماكان توغراقلىرىغا مەھلىيا.

يۈتۈپ كەتكەن خاتىرىلىرىمگە ئەڭ ئېسىل شېئىرلىرىنىڭ يېزىلغانلىقى، ئىسمىسىز سوۋغات تاپشۇرۇۋالغىنىڭدا ئاتۇشقا كەلگىن. يېقىندىن بۇيان كىنولاردىكى ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغان مەيدانلار دائىملا ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ.

قىزلارنىڭ توي قىلىشى بىر خىل زۆرۈرىيەت. ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش كېرەك. ئەپسۇس، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

# سۆيگۈ رىسالىسى

## گۈلنار ئابلىز

ئۇ ماڭا بۇرۇنقى سۆيگىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى، مەن كۈلۈپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ ھازىر مېنىڭ بولدى، مەن غالىب - دە...

مەنمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقى سۆيگىنىمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردىم، ئۇ چىدىيالماي يىغلاپ كەتتى.

* * *

بۈگۈن سۆيگىنىمدىن ئايرىلدىم. ئىككىمىز بىرلىكتە چۈشكەن بىر پارچىدىن سۈرەت ھەر ئىككىمىزنىڭ قولىدا بار ئىدى. ئۇ قولىغا قايچىنى ئېلىپ سۈرەتنى ئىككىگە بۆلدى. مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. «ئېلىڭ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ رەسىمى» دېدىم - دە، رەسىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئوخشاشلا مەن دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى: «ئېلىڭ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ رەسىمى». ئەپسۇس، ئۇنىڭ قولىدىكى سۈرەت ئۆزى ئىدى.

* * *

ئۇ مەندىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. سەۋەبىنى سورىدىم. «سەن مېنىڭ ھەممە ئىشىمغا ئارىلىشىۋالدىڭ، سەندىن سورىماي ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، مەن ساڭا ئوخشاش ئادەملەرگە ئۆچ» دېدىڭ. مەن ئۇنىسىز ھالدا سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا سۈكۈت قىلدىم. مەيلىڭگە قويۇۋەتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي سەن يەنە ماڭا ۋارقىراپ تۇرۇپ «سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق، سەن مېنى ياخشى كۆرمەيسەن، بولمىسا مەن قانداقلا ئىش قىلسام سەن قاراپ تۇرمايتتىڭ، مەن بىلەن سېنىڭ زادى كارىڭ يوق، ياخشى كۆرسەڭ شۇنداق قىلاتتىڭمۇ؟» دېدىڭ. ئاھ خۇدا! ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟!

* * *

مەن ئۇنىڭغا «مېنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيسەن» دېدىم. ئۇمۇ ماڭا شۇنداق دېدى. بىز ئەنە شۇنداق بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەي ئايرىلىپ كەتتۇق. ئەمدى ئويلىسام شۇ چاغدىلا بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىپ بولغانىكەنمىز.

# سادا ھەقىقەت

ئابدۇللا مەتقۇربان

«سادا» ئوبرازلىق ئىچكى مۇناسىۋەتتە ئاپتور قەلبىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، بەدىئىي بوشلۇق ئىپادىسىدە ئىنسانلاردىكى تەبىئەت ئېڭىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يەنە بەدىئىي قاتلامنىڭ ئىپادە كۈچى نۇقتىسىدىن تەبىئەتنىڭ ئاچچىق، ئەلەملىك ئىگىرىشىنىڭ، پەرياد چېكىشىنىڭ خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«سادا»نى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە نىسبەتەن تېما، ئۇسلۇب، پىكىر، ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ كىشىنى يىغىغا، يىغىدىن كۈچلۈك پارتلاشقا يېتەكلەيدىغان، تەبىئەت، مەدەنىيەت ئېڭى ھەققىدە قايتا ئويغىنىشقا قوزغايدىغان سۈرەتلىك مۇزىكا. ئاڭلىغان كىشىنىڭ يىغا ئىچىدە ئويلانغۇسى، ئويلىنىش ئىچىدە قوزغالغۇسى، سادا بەرگۈسى كېلىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل ئۆزگىچىلىك ھەرقانداق ئەسەرنى پىكىر يۇرگۈزۈش باسقۇچىدا پىشقان ھالەتكە كەلتۈرۈپ يېزىقتا خاتىرىلەش. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ پىكىر قاتلاملىرى، مەزمۇن تەرتىپى، ھېسسىيات رىتىمى ھەم ھېسسىياتتىكى خاراكتېر ئۆزگىرىشى، بەدىئىي كۆرۈنۈش، بەدىئىي تۇس ئىچىدىكى ئەسەرنىڭ «كۆزى» بولغان «سۇبيېكتىپ كۆرۈنۈش»، بەدىئىي بۇرۇلۇش ياساش، بەدىئىي بوشلۇق قالدۇرۇش، تىلىنى تاللاش ۋە پىششىقلاش، شۇ ئەسەردىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەر ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئۇزۇن مەزگىل، ئەستايىدىل، جاپالىق ھالدا تاماملايدۇ. كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىدىن بۇنى سەزگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۈملىدىن نەسرلىرى مەزمۇن، پىكىر قاتلاملىرى جەھەتتە كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ئىگە، قايىل قىلىش كۈچى گەۋدىلىك، ھېسسىياتى قويۇق، ئۆزگىرىشچان ۋە كۆپ خىل خاراكتېرلىك، مەنىۋى قاتلامغا سىڭىشىش كۈچى، بەدىئىي قوزغىتىش كۈچى يۇقىرى، ئۇسلۇب جەھەتتە بېزەكسىز، ئاددىي ـ سادda، تۈز بولۇپ، جەلپ قىلىش كۈچى، ئومۇملىشىش دائىرىسى، ئەدەبىي مۇھىت ھاسىل قىلىش دەرىجىسى يۇقىرى.

قۇرۇلمىدىكى، ئىپادىلەش شەكلىدىكى بەدىئىي بېزەكسىزلىك ماۋزۇ شەكىللىرى، ماتېرىيال تۈرلىرى ۋە تۈسلىرى، پىكىر ھالقىلىرى، تىل ۋە جۈملە شەكىللىرى، ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپلەرگىچە ئىزچىللىققا ئىگە يېزىش ئۇسلۇبى ۋە تەرتىپى قىلىنغان. بولۇپمۇ ماۋزۇ شەكلىدىكى ئاددىيلىق ۋە تۈز ئىپادىچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇنىڭ دەسلەپكى نەسرلىرىنىڭ نامى «قەلب سادالىرى». بۈگۈنكى بىرقەدەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە نەسرىدىمۇ يەنە «سادا» نامى بىلەن تەسىر قوزغىدى.

يازغۇچىنىڭ نەسر ئىجادىيىتىگە ماۋزۇ ئورناتقىنى ھەرگىز قاتماللىق ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى مەنىۋى قاتلىمىنىڭ، ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىق ئاساسىدىكى ئورناتقان ئىپادىسى. بولۇپمۇ كىشىلەر تونۇغۇسىغا، مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ھەم يېقىن كېلىدىغان تېمىنى، كىتابخانلار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان شەكىل ھەم ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش

ئۇسلۇبىنىڭ گەۋدىلىنىشى. شۇنداقلا مەنىۋى قاتلام ۋە بەدىئىي قاتلامدا تويۇنغان ئەسەرنى ئاددىي، بىزەكسىز شەكىلدە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى بولۇپ، بۇ ئىجادىيەتتىكى خاسلىق ۋە بىر خىل بەدىئىي ئۆرنەك.

«سـادا» تىلىمىزدىكى مەنە دائىرىسى، ھېسسىيات تۈسى قويۇق، ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە سۆزلەرنىڭ بىرى. شـۇ سۆزنىڭ ئۆزىدە تۈس، رەڭ، پۇراق، كۆرۈنۈش، تەسەۋۋۇر قوزغاش، پىكىرنى يېتەكلەش، مەنە يوللىرىنى ئېچىش، روھنى جەلپ قىلىش، مەنىۋى غىدىقلاش كۈچى مـەۋجۇت. بۇ ھال ئەسەردە كونكرېت تىل شارائىتىغا كىرىش ئارقىلىق شۇ سۆزنىڭ مەنە قاتلىمى ۋە بەدىئىي قاتلىمى كېڭەيگەن ۋە چوڭقۇرلىغان. يازغۇچى ئەسىرىگە «سـادا» نـامـىنى تاسادىپىي قويۇپ قويغان، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بەدىئىي ئەدەبىيات ياقتۇرىدىغان «ھالسىرىغان تەبىئەت»، «تىنىقتىن قالغان تاغ»، «ياش تۆككەن يەر شارى» دېگەندەك ماۋزۇلار ئىچىدىن خۇددى «يىلتىز»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دېگەنگە ئوخشاش ئاق ماۋزۇ شەكلىدە ئايرىلىپ چىقىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى، ئىستېتىك ئېڭىدىكى تاللاشنىڭ مەھسۇلى.

تـاغ مـەنزىرىسى تەسۋىرى بىلەن بىۋاستە لىرىكا ئـۇسۇلىدا گەۋدىلەنگەن لىرىك قەھرىماننىڭ مەنىۋى پائالىيىتى ئىچىدە جانلانغان تاغنىڭ ئىلاھىي تۈسكە، ئارامبەخش تەسىر كۈچىگە، ئانىلاردەك مېھىر بۇلىقىغا ئـايلانغـان بەدىئىي سۈرىتىنى يىغما بېرىش ئارقىلىق باشلانغان بۇ نەسىرنىڭ دەسلەپىدىلا لىرىك قەھرىماننىڭ مـۇرەككـەپ روھـىي دۇنيـاسى، قىياغا ئۇرۇلغان قار ئـۇچقـۇنلىرىدەك سالقىن ھېسسىياتى تاغ شامىلىدەك كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور كۈچلۈك ھېس ـ ھاياجانغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىترىگەن قەلىمىدىن نەچچە مىڭ يـىللـىق ئەرز - شىكايىتىنى تۆكۈۋاتقاندەك بەدىئىي كـۆرۈنـۈشنى ئاددىي، تۈز ئىپادە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئاددىيلىق كۈچلۈك ھاياجان، كـۈچلـۈك ئـاھـاڭدارلـىق ھەم مەنە كۈچەيتمىسى، تـەكرارلانمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ: «... چوڭقۇر ھەم ئۇزۇن بىر نەپەس ئېلىۋالسام، ئىچىم بوشارمۇ دەپ كـەلدىم؛ جىلغىلىرىدا ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ ـ بـىغلىـۋالسام، دەردلىرىم يەڭگىللەرمۇ دەپ كەلدىم؛ چوققىلىرىڭدا ساماغا قاراپ ۋارقىراپ - ۋارقىراپ ھال ئېيتىۋالسام، يۈرىكىمنىڭ سىقىلىشلىرى قويۇپ بېرەرمۇ دەپ كـەلدىم...» ئـاپتـوردىكى بۇ خىل ھېسسىيات پـەسـەيمـەس دولقۇن ئىدى. تاغلارنى يىغلىتىدىغان، قەدىمكى مۇز قاتلاملىرىنى ئېرىتىدىغان، قارىغايلاردىن غازاڭ ئەمەس، قوۋزاق تۆكىدىغان ئاچچىق ھەم ئازابلىق ئىدى ئىدى.

دېمەك، ئاپتور كىشىلەر قەلبىدىن ئەگىپ كېتەلمىگەن ھېـسسـىيات، تەسەۋۋۇر، تۇيغۇ ھەم نازۇك سېزىمدىن سىگنال بېرىش بىلەن ئەسەرنى باشلاپ، كېيىنكى مەنە رىتمى ئۇچۇن مەنىۋى، بەدىئىي مۇھىت ھازىرلايدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ بەدىئىي پارچىسى ئۇسلۇب، تىل شەكلى، ھېسسىيات رىتمى ۋە ئۆزگىرىشى، بەدىئىي ئىپادە بىلەن كىتابخان تەسەۋۋۇرىنى باغلاپ كەڭ بوشلۇق قالدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئەڭ مۇكەممەل چىققان قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى تەبىئەت ئېڭى، تىل ئادىتىگە ئۆزگەرتىش كـىرگـۈزۈش بـىلـەن يېـڭى تۇيغۇ بېرىدىغان «... دەردلىـرىـمنـى ئىشەنگەن تاغلىرىمغا ئېيتماي كىمگە ئېـيتـاي!؟» دىن باشلانغان ئىككىنچى قاتلام تەبىئەت ئېـكـولـوگىيىسىدىكى بۇلغىنىشقا نىسبەتەن كۈچلۈك سادانى ياڭرىتىشقا كۆچىدۇ.

تېـمىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىغا كۆچكەن بۇ قىسىم ئـەسلىدە كۈچلۈك ھېسسىيات، قويۇق بەدىئىي تۈس ھەم تېپىك ماتېرىيال ئاساسىدا خۇددى قىشنىڭ نەشتەر سوغۇقىدەك ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمما ئاپتورنىڭ قايناپ تۇرغان ھېسسىياتى، ماتېرىيال ھـالقىـلىرىدىكى تەڭلىك، كۆپ خىللىق دائىرىسى، كۈچلۈك خاھىش - قۇرۇلما، ئۇسلۇب، تىل جەھەتتە چـەكلىنىپ قالغان. تۆۋەن مۇقامدا ئەمدىلا باشلانغان سادا، مەنىۋى بۆلەكداش تاغقا ئەمدىلا تۆكۈلگەن دەرد ـ ئـەلەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى، ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئاددىي تەپسىلاتلار، ئادەتتىكى ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ماتېرىيال دائىرىسىدىلا چەكلەنگەن.

بـۇ قـاتلامدا گەرچە ھەجۋىي تۈس، يۇمۇرىستىك ئـۇسلـۇب، كـىنـايىلىق خاراكتېر گەۋدىلەندۇرۇلگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما نەسىرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان كۆپ خىل كۆرۈنۈش ئۆزگىرىشى، ھېسسىيات قـويۇقلۇقى ھەم خاراكتېر ئۆزگەرتىش، ئۆزگىرىشچان ماتېرىيال شەكلى ھەم كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش بىرقەدەر سۇسلىشىپ قالغان. شۇنداقتىمۇ مەدەنىيەت يارىتىملىرى بىلەن مەدەنىيەت ئىللەتلىرىگە نىسبەتەن كۆتۈرۈلگەن ئىسيان، سادا ئەمدى ئاپتورنىڭ لىرىك كەيپىياتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ يـەردە ئـاپتور پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچىدا تەسەۋۋۇر كەڭلىكى بويىچە ھاسىل قىلغان ئوي - پىكىر، خاتىرە،

ئەسلىمىلەرنى، بىۋاسىتە تەسىرات - تۇيغۇلارنى تاللاپ ئىپادىلەشكە، ياپىنا ئىپادىلەشكە، يادىن گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى ئات ھەم ئۇنىڭغا باغلانغان، ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىللەتلەر؛ بىزنىڭ ئەتىۋار تاناسىپلىق ۋاقىت ئېگىمىز ھەم سۈرئەت قارىشىمىز؛ ماشىنا مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن يېڭىدا بولغان نازۇك، ئەمما چوڭقۇر ھېسلار. ماشىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك روھىي داۋالغۇش ھەم زىددىيەتلىك ئاتنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان يەنە بىر قاتلام ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتى بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دۇنياۋى تۈس ئالغان روھىي كۈرەشنىڭ كونكرېت، جانلىق ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يادرو تېخنىكىسىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەھىمىلىك تەھدىتىنى بىلىپ تۇرۇپ قوللىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا، نېفىت زاپىسىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە چۈشىنىشلىك بەلگە قاداپ قويۇپ، يەنىلا ئاچكۆزلەرچە ئىستېمال قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ماشىنا تېخنىكىسىنىڭ رەڭ، تۈس، سۈرئەت جەھەتلەردىكى رىقابەتلىك نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئەمما ئىنسانىيەتكە - ئۆزلىرىگە نىسبەتەن بىۋاسىتە تەھدىتىنى، بوشلۇقنى بولغاشتىكى «پېششىقلاش زاۋۇتى» لىق ۋاستىلىق تەھدىتنى كۆرمەسكە سالدى. بەلكى نېفىت تامام تۈگىگەچە، ئىنسانلار ئات ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىلەر ۋە تەسەۋۋۇرلارغا بەنت بولۇپ، ئەسىرلىك تەھدىتكە نىسبەتەن روھىي جەھەتتىكى قارشىلىق قۇۋۋىتىنى ساقلىشى مۇمكىن، توغرا، دۇنيا تەبىئەتنى بوشىنىش دەۋرىدىن، ئەپسانە دەۋرىدىن، ئەنئەنە دەۋرىدىن زامانىۋى مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈشتە ئومۇمىي تەرەپلىك تەرەققىيات نىشانى ۋە مەزمۇنىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە تەرەققىياتتا ئاساس قىلىش، تەنقىدىي قوبۇل قىلىش، يېڭىلاش، شاللاش بولىدۇ، ئەمما بۇ يەردە تەرەققىيات نوقۇل ماددىي ئىستەكنى قاندۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتە قوبۇل قىلىش، چەك قويۇش ئۆلچىمىنى چەتكە قايرىپ قويسا تارىخ مۇكەممەل يارىتىلمايدۇ. تارىخ ماددىي ئېكولوگىيە ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە نورماللىقى ئۆلچىمىدە تەرەققىي قىلغاندا ئاندىن مۇكەممەللىكنى ساقلىغان بولىدۇ.

تارىخ ھامان تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. تارىخ تەرەققىياتى داۋامىدا كىشىلەر كۆپ ھاللاردا مەيلى نۇرغۇن ئۆي - جاي قۇرۇلۇشى قىلسۇن، مەيلى يېقىلغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلسۇن ياكى يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلسۇن، ھامان تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ ئىش كۆرۈپ كەلدى. يايلاقلارنى كەڭ كۆلەمدە بۇزۇپ يەر ئېچىش، تەبىئىي سۇ يولىنى تىندۇرۇپ يەر ئېچىش ياكى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، سۇنئىي ئەخلەت تاغلىرىنى بەرپا قىلىش، تەبىئىي ئورمانلىقلارنى نابۇت قىلىش، يېپيېڭى ئۆسۈملۈكلەرنى نابۇت قىلىش، كېرەكسىز چىقىرىندىلارنى دەريا، كۆللەرگە تۆكۈش قاتارلىق ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ ماددىي تويۇنۇش ئىستىكىنىڭ ۋاستە تاللىماسلىقى، تەبىئەت - جەمئىيەت، كېلەچەك ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش روھىي زەئىپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. بۇ خىل شەخسىيەتچىلىك ھەتتاكى ئۇچار قۇشلار، جان - جانىۋارلار، تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭمۇ تەبىئىتىگە، تەبىئىي ياشاش قانۇنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان تەھدىت ۋە ۋەھىمىنى كۆپەيتىۋالدى.

كەلگۈسىدىكى ۋەھىمىلىك يىغىنىڭ ئاچچىق ھەددىنى بۇرۇن سەزگەن بەزى دۆلەتلەر تەبىئەت ئېكولوگىيىسى، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ھەققىدە بەزىبىر ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قوللاندى. ئۇلار تەرەققىيات بىلەن مۇھىت ساپلىقى مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش يولىدا ئىزدەندى. يېشىل تىنچلىق ھەرىكىتى، پاكىز شەھەرلەر ستاتىستىكىسى، ھاۋا، سۇ، تۇپراق بۇزغۇنچىلىقىغا چەك قويۇش ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش ئارقىلىق بىزنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ. ئەمما يەنىلا ئات بىلەن ماشىنىنى پەقەتلا تەرەققىيات سۈرئىتىدە سېلىشتۇرۇپ ئۇلغارلىرىنى تاللاشتەك ئاجىز روھىيەت شەرقلىقلەر تەپەككۇرىدىكى چەكلىمە بولۇپ تۇرماقتا. ماشىنا ھازىرقى زامان تاللىشىدىكى بىر ئىنقىلاب. بىراق ئاتنىڭ سۈرئەت، تېزەكلەش نۇقسانى بىلەن ئۇنىڭغا چەك قويغان كىشىلەر چوقۇم ماشىنىنىڭمۇ ئەركىن سۈرئەت، ئەركىن كۆپىيىش ۋە ئەركىن «ئىستېمالى» غا نېفىت سەرىپىياتى ۋە كېرەكسىز گاز ئىشلەپچىقىرىشىغا چەك قويالىغىنىدىلا ئاندىن ئۇنى 21 - ئەسىر ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقى ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرالايدۇ.

ئاپتور بەسىرىنىڭ بۇ مەزمۇن قاتلىمىدا شەھەر ئاتموسفېراسى، ئېكولوگىيىسىگە، كىشىلەرنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتىگە كۈچلۈك تەھدىت ۋە تەسىر كۈچى بولۇۋاتقان ماشىنا سانائىتىنىڭ، ماشىنا مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت قىسمەن تەرىپى يىغما خۇلاسىلەش

ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئېكولوگىيە مەسىلىسىدىكى، تەرەققىيات زىددىيىتىدىكى چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كونكرېتلاشتۇرۇپ بارىدۇ ھەمدە ماھىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق، كىنايىلىق ئۇسلۇبتا بۇ بىر قاتلامنىڭ يوپۇقىنى چۈشۈرىدۇ. «ھەربىر ماشىنىنىڭ ئۆزى بىر چىلىم غاگزا، بىز ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭسىز سىزگە بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى بىلىنمەيدۇ. بېنزىن - سەلىيەركە پۇرىقىغا سېزىك بولۇپ قالىدىغان چوكانلار بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن قورقىمەن، ئاخىر بىر كۈن ھەممىمىز بۇ پۇراققا سېزىك بولۇپ قالمىغىدۇق» ئەمەلىيەتتە سېزىك بولدۇق. بىراق ماشىنىنى مەنسەپ، ئىمتىياز، دەرىجە، ئورۇننىڭ «تونى» ھېسابلاپ، ئالدانغان ئاجىز روھىيەت بۇنى سېزىشنى خالىمىدى. قاتتىق چىنلىق تەسۋىرگە ھەم كىنايىلىق ئىپادىلەشكە مايىل بولغان ھېسسىياتىمىز ئاپتورنىڭ بۇ پەردە تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى تەپسىلاتلىرىدا بەدىئىي مۇھىت تەشكىللەپ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى قاندۇرغانلىقىنى، بەلكى سېلىشتۇرما ئۇسۇلدا تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ماشىنا سانى جەھەتتە سېلىشتۇرمىنى بەرمەسلىك؛ ماشىنىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئاساس قىلماي كۆپىيىپ كېتىش، مەنسەپ ماشىنىسى، ئىمتىياز ماشىنىسى، مۇناسىۋەت ماشىنىسى شەكلىدە ماشىنىلارنىڭ قانۇنىيەتسىز ھالدا يەنى ئىلمىي ئىش سۈرئىتى، ئېلىش ئۈنۈمى، ۋەزىپە بويىچە ئەمەس بەلكى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك يوللاردا توپلىنىپ قېلىش؛ ئىشەككە بوغۇز بېرىپ، تېزىكنى تەرمەسلىك مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسى؛ كىشىلىك قىممەتكە ئەمەس، سۆلەتكە چوقۇنۇشتەك ئاللىبۇرۇن كەمسىتىلگەن پسىخىكا قاتارلىق تەرەپلەرگە سەل قارىغانلىقىدەك تېما دائىرىسىدىكى چەكلىمىلىككە دىققەت قىلمايمىز. بىزدە ساندۇققا سېلىپ ئۆزىچىلىك چوڭلۇقتىكى قۇلۇپ بىلەن سولاپ قويىدىغان تېلېفونلار كۆپ، چۈنكى بىزدە ھۆكۈمەتتىن تېلېفون ھەققى ئېلىپ تۇرۇپ، يەنىلا پۇل تۆلىمەي ھەقسىز تېلېفون بېرىدىغانلار كۆپ؛ بىزدە ئوقۇرغا باغلاقلىق تۇلپار كۆپ، سەھنە تاپالمايدىغان سەنئەتكارلار، ئىش ئورنىدا پېنسىيىگە چىققان تالانتلىقلار، مىخانىكىلىق شەكىللەرگە كۆندۈرۈلگەن خادىملار كۆپ. شۇنداقلا بىر - بىرى بىلەن سۈرئەت قوغلىشىپ، ھالىدىن كەتكەندەك ھېپتە - ھەپتە ياتىدىغان، ئىگىسىنى كۈتۈپ رېستوران - مېھمانخانىلاردىكى مەئىشەتلەرنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ

يۆشۈلداپ تۇرىدىغان، ئېگىز بىنالار ۋە ئار كوچىلاردىن كېلىدىغان قىقاس - چۇقانلارغا مەست بولۇپ مۈگدەيدىغان، بىر قاچا ئاماق ئۈچۈنمۇ تولا قاتراپ دوك بولۇپ كېتىدىغان ماشىنىلار كۆپ. بىز ئاخىرقى دۇنيانى ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن ئىگىلەشنى بىلدۇق. بۇ يول چوقۇم نوقۇل ئۈنۈمنى ئەمەس، قىممەتنى نىشانلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ چاغدىلا تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ئالدىدا كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئاشىدۇ. ئىقتىسادىي سەۋىيە پەرقىنىڭ كىچىكلىتىلىشى ۋە ئىلمىي قىممەتكە قاراپ دەرىجە بەلگىلەش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى كىشىلەردىكى روھىيەت ئېكولوگىيىسىنى بۇزغان ئامىللارنىڭ يېشىمىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ.

كىشىگە ئەنسىزچىلىك، ئەندىشە تۇيغۇسى ۋە تەسەۋۋۇرنى بېرىدىغان شەھەر رېئاللىقى ھەققىدە نازۇك تەرەپلەردىن ئۆتكۈر مەلۇمات بېرىش بىلەن باشلانغان مەزمۇن قاتلىمىدا ئاپتور سانائەت بىلەن ئولتۇراق ھايات؛ ئېستېمال ئېچىرقىشى شەكىللەندۈرگەن قانۇنىيەتسىز ئېچىش بىلەن ماكان كاپالىتى ھەققىدىكى گۇمان؛ ئۆز تەبىئىتىنىڭ، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنىڭ قاتىلى بولۇشتەك زامانىۋى ئالدىنىش؛ شۇنداقلا نىسپىي ساپ كىلىمات، نىسپىي ئەركىن تەبىئەت ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن ئىجتىمائىي قىستاڭچىلىق مۇھىتىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تەقدىرى، قىسمىتى ۋە ئىنسان ئۈچۈن ياراتما پەزىلەت- خىسلىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەزمۇننى دەسلەپكى يۈزە، ئايرىملىقتىن ھېسسىيات قويۇقلۇقىغا، پىكىر نازۇكلۇقىغا، مەزمۇن ئىجتىمائىيلىقىغا باشلايدۇ. بۇ مەزمۇن قاتلىمى ئەمەلىيەتتە لىرىك قەھرىمان روھىيىتىنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ يارقىن ۋە دېلىغۇلسىز ئىپادىلەشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىغا ئاساس سېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇھ، بولدىلا، تېغىم، ئەجەب كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. مەن يىغلىۋېتىدىغان ئوخشايمەن. بوپتۇ، مەن يىغلىۋالاي، شۇ دەرەخلىرىم ئۈچۈن يىغلىۋالاي، بوستانلىقلار ئۈچۈن يىغلىۋالاي، ھاۋالىرىم ئۈچۈن يىغلىۋالاي، ئەقلىنىمۇ، ئەقلىسىزلىكىنىمۇ، قۇدرىتىنىمۇ، ئاجىزلىقىنىمۇ، ئىنسابىنىمۇ، ئىنسابسىزلىقىنىمۇ ئۆزىگە يارىقلىغان ئىنسان تەبىئىتى ئۈچۈن ھەم يىغلىۋالاي.» پىكىر قاتلىمىنى، ھېسسىيات رىتىمىنى كىتابخان تۇيغۇسى بىلەن باغلايدىغان مۇكەممەل بەدىئىي ئىپادە شەكلىدە باشلانغان بۇ قاتلامدا ئاپتور ھېسسىيات ئۆزگىرىشى، مەنە خاراكتېرىگە ماس ھالدا تاللاپ ئىشلەتكەن سۆز

«مەن يىغلىۋېلىدىغان ئوخشايمەن» دېگەن بەدىئىي تۇيغۇن بىر تەرەپتىن، ئاپتور تەسەۋۋۇرى ۋە ھېسسىياتىنى شوخلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۆپ قاتلاملىقىنى قويۇق ھېسسىيات تۇيغۇلىرىغا ھەم كەڭ مەنىۋى بوشلۇققا ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىلى يۇرۇنلا ئەسەر مەزمۇنىنى قەلبىگە كۆچۈرۈش ئارقىلىق، ئەسەر مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان رېئاللىققا خۇددى سىياسىيونلاردەك مەمۇرىي جەھەتتە قايتا ھۆكۈم قىلىش، قانۇنشۇناسلاردەك جىنايەتكار يىلتىز ھەققىدە دەخلىسىزلىك بىلەن ئىچكىرىلەش، ئىلمىي خادىملاردەك ياش تۆككەن تەبىئەتنىڭ جاراھەتلىرىنى قايتا مەلھەملەش قىياسىدا بولۇش، شائىرلاردەك مەسلىنى غايىۋى ئوبرازلار، روھىيەت بوشلۇقىدا ھەل قىلىش ئۈستىگىدە باغلانغان كىتابخانلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى قوزغايدۇ.

بۇ بۆلەكتە ئاپتور رېئاللىقنى قويۇق بەدىئىي تون ئىچىگە ئالدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەسلى تۈسى، ئەسلى تىپى، ئەسلى خىسلىتىنى نىسبەتەن ساقلىغان مەنبەلەرنى بەدىئىي دىت كامالىتى، تىل ماھارىتى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى نەسرگە خاس بەدىئىي ئەركىنلىك بىلەن سۈرەتلەشكە بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قىسمىدا ئوبرازلار كۆپ خىللىقى، بەدىئىي رەڭ كۆرۈنۈشى، ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك رىتىم، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سۆزنىڭ تۈس مەنىلىرىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا تىلنىڭ قۇدرىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاپتورنىڭ بەدىئىي دىت، تالانتى ئارقىلىق لىرىك قەھرىماننىڭ تەسەۋۋۇر چەكسىزلىكىدە مەنىۋى بوشلۇقنى ھالقىلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل يېزىش ماھارىتى توپلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، لىرىك قەھرىمان نىداسىدا تاغنى ئادەملەشتۈرۈش، يەنە لىرىك قەھرىمان تەشنالىقىدا تاغنى يەنى ئادەملەشكەن، جانلاندۇرۇلغان تاغنى ئاشۇرما ئىپادىلەش شەكلىدە غايىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ھەمدە ئاپتورلۇق سالاھىيىتە كۆزىتىش ۋە چىنلىق خاتىرىسىنى قالدۇرۇش بىلەن لىرىك قەھرىماننىڭ ھېسسىيات قاتلىمىدىكى تەبىئەتنى قېنىش ۋە شادلىنىش، شۇنداقلا بىزارلىق كەيپىياتىنىڭ گىرەلىشىپ ئىپادىلىنىشى، خاھىش جەھەتتىكى تۇسقۇنسىزلىق بىلەن يېزىلغان كەڭ تەبىئەت ھەم ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ساغلام تەبىئىي مەۋجۇتلۇق بىلەن تەرتىپلەشمىگەن، ئىلمىي ياشقۇرۇلمىغان تەرەققىياتلار ھەمدە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۈچى شەكلىدە سىڭدۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. دېمەك، بۇ بۆلەكتە ئاپتور ئالدىنقى باسقۇچتىكى پىكىرنىڭ تاشقى قاتلىمىدا رېئاللىقنى بايان قىلىش ۋە سۈرەتلەشتىن، لىرىك قەھرىماننىڭ مەنىۋى بوشلۇقىدا چەكسىز تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن رېئاللىقنى كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزۈپ ئىپادىلەشكە، گىرەلەشمە ئوبرازلىق كۆرۈنۈشكە كەلتۈرۈپ غايىۋىلاشتۇرۇش، ھېسسىيات بوشلۇقىغا ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق كىتابخانلار ئېڭىدا بەدىئىي قېنىش ۋە سەكرەتمىلىكىنى ھاسىل قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇ. پىكىردىكى ئوبرازلىق كېڭىيىش ۋە بەدىئىي چۆكمە قاتلىمى ئارقىلىق مەزمۇننى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەش دائىرىسىنى جانلىق كېڭەيتىدۇ. «مەن باغرىڭغا تاشلىناي، خۇددى ئانامنىڭ قۇچىقىغا تاشلانغاندەك تاشلىناي!»، «باغرىڭدىكى قارلارنىڭ رەڭگى ماڭا ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. سەندە ئۇرغۇۋاتقان ساپ ھاۋالار ماڭا ئانامنىڭ مېھرىلىك تىنىقىدەك بىلىنىۋاتىدۇ»، «... سۇلىرىڭنىڭ شىلدىرلىشىدىن مەن سېنىڭ يۈرەك سوقۇشىڭنى ئاڭلاۋاتىمەن. بۇ ئاجايىپ يۈرەك، بۇ تەبىئەتنىڭ يۈرىكى، بۇ پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسى ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرەك» دەپ يازغان ئاپتور كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان قار، مۇز، شوخ سۇلار، گۈزەل مەنزىرىلەر تېز سىزمىسىنى يېزىش بىلەن بۇرۇننىڭ ئۈچىنى ئالدىن كۆرەرلىك، ماددىي مەنپەئەتدارلىقنى ئەلا بىلىش، يولنى توغرا تاللاپ خاتا مېڭىش، مەڭگۈلۈك بۆشۈكنى بىر ۋاخ نېمەت تەمەسى ئۈچۈن خالاپ تۈگىتىشتەك ئاجىز، زەئىپ روھىيەت ۋە بىچارە تەپەككۇرنى قاتتىق سۆكۈش ئارقىلىق، تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتىدە بىر - بىرىدىن ياتلىشىشتىن ئىبارەت تىراگېدىيىنىڭ باشلانمىسى ھەققىدە سەگەك سىگنالنى بېرىدۇ. بۇ سىگنال سارغايغان، غازاڭ تۆككەن، قۇۋزاقلانغان، يىغا يامرىغان تەبىئەتكە ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر دەۋرىدە ساۋاتسىزلىشىۋاتقان ئىنساننىڭ تويۇمسىز يۈرىكىگە ئۇرۇلىدۇ.

ھايات قانۇنىيىتى، قانۇنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدە بەدىئىي سىزما بېرىشتىن باشلانغان يەنە بىر مەزمۇن قاتلىمىدا ئاپتور ئالدىنقى بەدىئىي ئىپادە شەكلىدىن چېكىنىپ، شەھەر ھاياتىدىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈش، مەنزىرە، تېز ئۆزگىرىشلەرنىڭ تاللانما ئوبرازىنى بېرىش ئارقىلىق شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش بىلەن تەبىئەتنىڭ سادا، ياۋاش، قانۇنىيەتلىك رىتىمى ۋە مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ئاڭنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە، تەبىئىيلىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسى، زوقلىنىش ھەۋىسى ھەم بىرلىشىش

بىلەن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئايرىپ پەيدا قىلغان روھىي گادايلىقنىڭ زىددىيىتىنى ئاق ئىبادىچىلىكتە ئاددىي، توزلا يىغىنچاقلاپ، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبكارىنى سىلىق ئىشارەتلەش ئاساسىدا تېمىنى ئىنسانغا «سانائەت دەۋرىنىڭ ئەسەبىي رىتىمىغا ماسلىشىش» يولىدا مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، بىر - بىرىنىڭ ئاچكۆز مەقسەتلىرىنىڭ تويماس خېرىدارىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىنسانلارغا روھىي جەھەتتە، جىسمانىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى قانائەتلەندۇرۇش قۇدرىتىدىن يىراقلىشىۋاتقان تەبىئەت نېمەتلىرى ھەم مەنىۋى ھۇزۇرلاندۇرۇش تەسىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان، تەدرىجىي ھەممىگە قىيىداش پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىنسانغا، جۈملىدىن «بىز»گە يېقىنلاشتۇرىدۇ. دېمەك ئاپتور بۇ قاتلامدا يەنىلا مەزمۇننى كونكرېت، بىۋاسىتە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بىلەن باغلاش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاجىز تەبىئىتى، زەئىپ روھىيىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ماددىي توسالغۇ ھەم مەنىۋى چۈشەك بولغانلىقىنى ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى يۈكسەكلىكىدە ئاچچىق نىدا، كىنايە ئۇسلۇبىدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق تېمىنى مەركەزگە بىۋاسىتە چوڭقۇرلاپ شاخلاندۇرىدۇ. شاخلانغان تېمىدا ئىپادىلەنگەن جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى تۇرمۇش شەكىللىرى گەرچە قىيىداش، ياتلىشىش پىسخىكىسىدا كىنايىلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئەمما يېشىم يەنىلا ھېسسىيات قاتلىمىدا چەكلەنگەن.

تېمىنى شاخلىتىشتىن ئىنسان تەبىئىتىدىكى زىددىيەتلىك پىسخىكا، زىددىيەتلىك ئاڭ، زىددىيەتلىك ئىقتىدار مۇناسىۋىتىنى پەلسەپىۋى خۇلاسىلەش، پىسخىك ئاشكارىلاش ئۇسۇلىدا ئەسلى غول تېمىغا قايتقان ئاپتور، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايىسى باسقۇچلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قېنىش ئىستىكى بويىچە تەبىئەتتىن ياتلاشقانلىق ئاچچىق تراگېدىيىسىنى تېپىكلەشكەن ئايرىم ماتېرىياللارنىڭ تەپسىلاتىدىن بېشارەت بېرىش شەكلىدىلا قايتا يىغىنچاقلاپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ دۈشمىنى، ئىستىقبالىنىڭ كۆشەندىسى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ بۇزغۇنچىسى بولغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاخىرقى كۆچلۈك سادانى بېرىش ئۈچۈن مەنىۋى ئاساس ھازىرلايدۇ. «ئىنسان پىسخىكىسى ئاجايىپ مۇرەككەپ بولىدىكەن. بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى خۇش قىلىشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى رەنجىتىشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزدىن قىيىداشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى بەزلەشنى بىلىدىكەنمىز. بىزگە ئەقىل - پاراسەتمۇ، ھاماقەتلىكمۇ تەڭلا بېرىپ قىلىنغانىكەن. ئەقىل تۈپەيلى پاراسەت دولقۇنلىرىغا مىنىپ جىق تەرەققىيات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپتۇق، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپتۇق، بىمەنىلىكىمىز تۈپەيلى ئۆزىمىزنى زىيادە بوغان چاغلاپ، ئۇلۇغ تەبىئەتكە سارائلارچە مۇشت ئېتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇۋازىنەتنى تەبىئىي تەڭشەكنى بۇزۇۋېتىپتۇق». ئاپتور بۇ يەردە ئۆز تەقدىرى، رېئاللىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇش سىرلىرىغا بېرىلگەن دىئاگنوزغا دىققەت قىلىشى بىلەن روھىي دېلىغۇللۇقتا بولغان كىتابخاننى، تارىخ، تەبىئەت، قانۇنىيەت، جەمئىيەت، ئادەم قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي، دىئالېكتىك مۇناسىۋەت كۆرۈنۈشىگە ئۇستىلىق بىلەن باشلايدۇ. كىتابخان تەسەۋۋۇرنى ئەمدى ئەسەردىكى ئۈچۈق تىل شەكلىدىكى مەنە قاتلىمىدا چەكلەنمەي، مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدىمى قويغاندىن كېيىنكى تارىخنى بۈيۈك مەدەنىيەت ياراتمىسى ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك سىياستى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەندە قۇدرەت تېپىشى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادتا سۇسلىشىش، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە تەپەككۇردا يۈكسىلىش ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ئالدىدا شەخسىيەتچىلىكنى مەركەز قىلىش؛ قانۇنىيەتنى سىياسىي قىزغىنلىق، ئىجتىمائىي ئاچكۆزلۈك ھەم روھىي خاپىلىقنىڭ قۇربانى قىلىشتەك مەنە كەڭلىكى ۋە يۈكسەكلىكىدە كېڭەيتىدۇ ۋە نازۇك چوڭقۇرلايدۇ.

مەسئۇلىيەتچان قەلب، تەبىئىي ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە بۇزۇلۇشىدا سېزىمنى يوقاتمىغان ۋىجدان ھەم ئىنسانىي پەزىلەت كۆتۈرەلمەيدىغان ھەيۋەت زەئىپلىكلەردىن پەن ۋە مەدەنىيەت جاراھەتلىرىدىن ياتلىشىش تەمەسىدىكى تۇيغۇنىڭ غىدىقلىنىشىدا تەبىئەتنىڭ ساپ يۈرىكى گۇمانلىق ئويغاق سوقۇۋاتقان مەنزىرىگە كەلگەن لىرىك قەھرىمان ئەمدى شەھەرلەشكەن مەدەنىيەت ۋە پەننىڭ ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرغان تەسىرى قورشاۋىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇيغۇ تەسىراتلىرى كۆپلۈكىدىن، شۇ خىل بۇرۇقتۇرما پىكىر چېكىتلىرىدىن بوشىنىپ ئەركىن نەپەس ئالىدۇ. ئېغىر قاسراق قاتقان ھېسسىياتتىن، رەڭدار تون كىيگەن پىكىرلەردىن، توقمۇشلارغا ئورۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان تەسەۋۋۇردىن، كۆڭۈلچەك ئىدىيە ۋە زەئىپ، قىيىدىغاق تۇيغۇ - پىسخىكىدىن ئەمدى ئىلاھىي قۇدرەتتىكى چەكسىز ئەركىن ۋە پېكىچە پىكىر قىلىشقا كۆچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئەت قۇدرىتىنىڭ چەكلىمىسى، توسۇقسىز، پىكىلاش،

مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ بەنى ئالداش ۋە ئالدىنىشىنى بۇيۇكلىكنى يوقاتقان ئىنسانلارنىڭ هامان تەبىئەت ھەققىدە ئويغىنىدىغانلىقىنى جەزملەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر بۇ قىسمىدا لىرىك قەھرىمان نىداسى بىلەن ئىلاھىي قۇدرەتكە، بۈيۈك ئانىلىق خىسلەتكە ئىگە تەڭرىتاغ ئوتتۇرىسىدىكى نىدالىق، شىكايەتلىك، قىيداش ھەم كىنايىلىق تۈستىكى كۆپ قىرلىق مۇناسىۋەت بوشلۇقىنى شەكىللەندۈرۈپ بالىلىق پىسخىكىسى ئورۇن، ئالدىنىش تۇيغۇسى كۆپ ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى ئويغىنىشى، ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ساپ مەدەنىيەت ۋە پەندە تونۇپ يېتىشىگە ھەم روھىيەتتىكى مەركەزدىن قېچىشقا چەك قويۇشقا، پىسخىكا جەھەتتە زەئىپلىشىشتىن ساقلىنىشقا دالالەت قىلىش ۋە سادا بىرىشكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. شۇنداق، بۇ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سادا. ئۇنىڭدا ئىلتىجالىق قەلبنىڭ يالۋۇرۇشى بار، ئۇنىڭدا سەزگۈر روھىيەتنىڭ ئاچچىق غىدىقلىنىشى بار. ئۇنىڭدا ئىلاھىي تاغلارنىڭ، سېھرىي كۈچكە باي تەبىئەتنىڭ ئانىلارچە مېھرىبانلىقى ۋە ئاتىلارچە تەلەپچانلىقى بار. ئاشۇ سادادا، خارلانغان تەبىئەتنىڭ ۋەھىملىك ھۆرپىيىشى، ئالدانغان ئىنسانلارنىڭ ئىگرىغان بەدەل يېشى ۋە ئازاب دېغى بار. ئاشۇ سادادا ئاچ كۆز پىسخىكىغا رام قىلىنغان مەدەنىيەت ھەم ئىلىمنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى بار. ئاشۇ سادادا، ئاشۇ سادادا...

بۇ تەبىئەتنىڭ ساداسى، بۇ ئويغانغان قەلبنىڭ ساداسى، بۇ تراگېدىيىنىڭ جاۋابكارى بولۇشنى خالىمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەننىڭ ساداسى. ئالەمنىڭ، تەبىئەتنىڭ قەدىمدىن بەرگەن سىگنال - سادالىرى ئاچ كۆز روھىيەتنىڭ غۇۋالاشقان نەزىرىدە ئېتىبارسىز تاشلاندى. قىسمەتلىرى ئالدىدا خۇدىنى يوقاتقان ئىنسانلار بۇرۇقتۇرمىلاشتۇرغۇچى نېمەتلىرىگە ئۇلىشىپلا مەدەنىي سەۋدالارغا ئايلاندى. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى مەسئۇل بولۇش، مەجبۇرىيەتنى داۋا قىلىش سادالىرى ئىجازەتسىز ھالدا شار سۈپەت پاراسەتلەر ئاستىدا قالدى. تارىختا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىيەت - ئومۇمەن قېنىش، تويۇنۇش پىسخىكىسى بويىچە ھەرخىل باھالارنى بېرىپ، ھەرخىل خۇلاسىلەرنى جەدۋەللەشتۈردۇق. ھەقىقىي ئىلىم، ھەقىقىي مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك نورمال مەۋجۇتلۇق ئېگىدا قايتا باھالاپ ئاخىرقى ئومۇمىي ساداني ياڭرىتىش نۆۋىتىنىڭ تەخىرسىزلىكى 20 - ئەسىر جاراھەت ئىزلىرىدىن مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭچە ئەسىرلىك ئىلمىي

ئىلىمسىزلىككە، مەدەنىي سەۋدالىققا، ئىنسانىي ياۋۇزلۇققا تەبىئەت يەنە چىدىمايدۇ. بىگى ئەسىر بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

بۇ سادا ئاشۇنداق سادا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۇتۇقى، ئەدىبلىرىمىز قەلەم ئىزلىرىدا قايتىلاشقا تېگىشلىك بەدىئىي نەمۇنە: ئەسەرنىڭ تېما جەھەتتە دۇنياۋى دېلىغۇللۇق قوزغاۋاتقان ساھەگە بېغىشلانغانلىقى؛ بىر مىللەت، تار رامكا پىسخىكىسى، روھىي پائالىيىتى ھەم زىددىيەتلىرى تۈركۈمدە دەۋر قىلىدىغان قاقشاش، دىخمارلاش پىكىر چەكلىمىسىدىن ھەم پىسخىكا قىسىلىشىدىن ئۇنۇملۇك بوشانغانلىقى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بۇزۇلۇشى، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ئاجىزلىقى ھەم روھىي ئېكولوگىيە زەئىپلىكىنى بەدىئىي كىرىشتۈرۈش شەكلىدە ئۇنى ھەم ئاپتور تىلىدا لىرىك بايان قىلىش، كەسمە يۈزىنى سۈرەتلەش ھەم لىرىك قەھرىمانىنىڭ روھىي پائالىيىتىدە رېئاللىقنى ھېسسىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، لىرىك مۇھاكىمە شەكلىدە قويۇق بەدىئىي رەڭگە ۋە چوڭقۇر مەنىۋى بوشلۇققا ئىگە قىلغانلىقى، ئاپتور تەسراتى بىلەن كىتابخان تەسەۋۋۇرىنى ئۇچراشتۇرۇپ ئەسەرنىڭ ستېرېئولۇق تۈسىنى شەكىللىگەنلىكى ھەم كۆپ قاتلامغا ئىگە قىلغانلىقى ئاپتور ئىپادىسى بىلەن لىرىك قەھرىمان ئىپادىسىگە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىش ئارقىلىق، لىرىك ئىپادىلەش بىلەن بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنى، مۇھاكىمىلىق چوڭقۇرلاش بىلەن پىسخىكىلىق ئاشكارىلاشنى، تەسۋىر ئۇسۇلىدا ئوبرازلارغا سۆزلىتىش بىلەن پەلسەپىۋى پىكىر يىغمىسىدا مەزمۇننى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئۇنۇملۇك بىرلەشتۈرگەنلىكى قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپلەردىن گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەردە باشتىن - ئاخىر جانلاندۇرۇلغان، ئىلاھلاشتۇرۇلغان لىرىك ئوبراز تاغقا نىدالاش، تاغقا روھىي كەچۈرمىشنى تۆكۈش، پىسخىكىلىق پارتلىشى ۋە كىنايىلىق تۇيغۇسىنى تاغ بىلەن ئورتاقلىشىش شەكلىدە لىرىك كەيپىياتنىڭ بەدىئىي سۈرئىتىنى كۆپ خىل تۈستە ۋە رەڭدە سىزىپ چىققانلىقى، ئاشۇ خىل شەكىلدە ھېسسىياتنى كۆپ خىل خاراكتېرگە ئىگە قىلىش، ئۈزۈك - ئۈزۈك مەنىدىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بەدىئىي كۆرۈنۈش ئالمىشىشى كۈچەيتكەنلىكى ۋە ھېسسىيات رىتىمىنى ئاشۇرغانلىقىدىن ئىبارەت لىرىك ئەسىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى يەنە بىر تولۇقلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

96

# روھنىڭ چېكىنىشى

غەيرەتجان ئابىت

ئىنسان ـ شەيتان ئازدۇرغان تەگرىدۇر. ئۆز - ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلىپ شەيتانىي نەپسىنى يېڭىش ـ ئىنساننىڭ ئەسلىدىكى ئىلاھىي ماھىيەتلىرىگە قايتىشتىكى ئاساسىي مەشىق ۋە پائالىيەت.

ـ ئەھمەد يەسەۋى

راست سۆزلىگەندە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئادەملەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى (ھەرقانداق شەيئىنى) چىن مەنىسى بىلەن سۆيۈپ باقمىدى. ئۆزگىنى سۆيمىگەنلەر ئۆزىنىمۇ سۆيەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى (ھەرقانداق شەيئىنى) چىن مەنىسى بىلەن سۆيۈپ باقمىغان ئادەملەر ئۆز - ئۆزىنىمۇ چىن مەنىسى بىلەن سۆيۈپ باقمىدى. مەلۇمكى، ھەقىقىي سۆيۈش چوڭقۇر چۈشىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆز روھىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ سۆيەلمەيدۇ. چۈشىنىشتىن خالىي بولغان سۆيۈش ساختا سۆيۈش. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مۇقەررەر ھاسىلات. ئەگەر تەبىئەتنىڭ شۇنداقلا ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئادەملەر ئۆز روھىيىتىنى ياكى ئادەملىكنىڭ ئېگىزلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ باققان بولسىدى، ئۇ ھالدا ئادەملەرنىڭ ئېڭى ھازىرقىدەك ساختا رامكىلار ئەرىپىدىن قىسىلىپ، ئۆز ئەركىدىن مەھرۇم ھالدا، بىچارىلەرچە ھالەت بىلەن تۈيۈق يوللاردا ئېزىپ يۈرمەس ئىدى.

توغرا، ئادەملەرنىڭ ئاڭلىرى ياكى ئۆز ئېڭىنى ساختا رامكىلارنىڭ قىسىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەبىئىي بىلوۋاتلىرىغا ئەركىن قويۇۋېتىلگەنلىرى، روھىيەتنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ، ئىلاھىي ماھىيەتنى ئېپىپ چىقىشقا ئىنتىلىپ باقتىمۇ، ۋاپىغا يېتەلمىدى. ئەسلىدە قەلب ئېڭى بولغان ئەدەبىيات مۇشۇ ساھەدە مۇناسىپ كۈچ چىقىرىش، ئىنسان روھىنى، ئۆزلۈكنى، (ئاڭنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى) سەممىيلىك بىلەن ئاشكارا قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاڭنىڭ پائالىيەتلىرىنى چۈشەنمەسلىكتەك ياكى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك بىمەنە تراگېدىيىگە خاتىمە بېرىشى لازىم ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇ ھازىرغىچە ئاجىز نۇقتا بولۇپ كەلدى. گەرچە چەتئەل يازغۇچىلىرى روھىيەتنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا روھىيەتنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە يورۇتۇش يەنىلا گۆدەك ھالەتتىن قۇتۇلالمىدى.

جاھان قوۋملىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان، جۇغراپىيىلىك مۇھىت بېكىنمىچىلىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن شەكىللەنگەن تەپەككۇر قاتماللىقى تۈپەيلى مۇتەئەسسىپ تۈس ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ تەۋرىنىش ھالىتىدىكى بۇ خىل زىلزىلىدىن سىلكىنىپ، تولغاقسىمان چېكىنىشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن رېئاللىقنى قايتا ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئۇسۇل قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، روھىيەتنى، ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان ئەسەرلەر يوقلۇقتىن بارلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر يېڭى ئىدىيە قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچرايدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. بولۇپمۇ شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات ئىدىيىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بىپايان كەڭلىك يەنىلا

ئۆز ئىزدەنگۈچىلىرىگە تېگىشلىك ۋە مۇناسىپ ئورۇن هازىرلاپ بەردى. «ئۆزۈمچىنىڭ چۈشى»، «بىلان بىللىق قىز»، «جىن باسقان مەھەللە» قاتارلىق ئىزلىنىش تۈسىنى ئالغان ھېكايە توپلىمى، پوۋېستلىرى بىلەن دىققىتىمىزنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ياش يازغۇچى ھۆسەيىن تاش، دىل ئەنە شۇ كەڭلىكتە ئىنسان روھىنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، تىنىماي ئىزلىنىۋاتقان ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ھۆسەيىن تاش ئۆز ئىجادىيىتىدە ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھازىرقى زامان چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ، پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسىرىنى ئىجادىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ توقۇنۇشى تۈپەيلى شەكىللەنگەن چەكسىز زىددىيەتلەر قاينىمىدا گاڭگىراپ، تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كرىزىسقا تولغان ئېڭىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە ھېسسىيات ئالدىدا ئاشكارىلىنىشنى خالىماي تۇرۇپ ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان تەبىئىتىنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بويىچە دادىل يورۇتۇشقا تىرىشتى.

بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شەخسىي ئەركىنلىككە يېتىش ئۈچۈن ئۆلۈمنى تىلەپ يۈرگەن بوۋاينى، يىرگىنىپ تۇرۇپ بېسىپ بولغۇسىز ئىستەكلەر تۈپەيلى پاھىشەنىڭ كەينىدىن لالما ئىتتەك سوكۇلداپ كېتىپ بارغان يىگىتنى، پەرىشتە ياكى ئالۋاستىلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان چۈمبەردىلىك ئايالنى، تېخىچە ئىشق كوچىسىنى بويلاپ يۈرگەن مومايىنى، ئۆز مەنىسىدىكى مۇھەببەت ئۈچۈن ئەركىن تۇيغۇلار پەيزىدە ياشايدىغان روھىي غالىب قىزلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان پېرسوناژلىرى ھايات يولىدا تىنىماستىن نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزلەيدۇ. بىراق زادىلا قاچالمايدۇ. «راست، ئادەملەرنىڭ پانىي دۇنيادىن، ھاياتلىقتىن ئىزدەيدىغىنى نېمىدۇ؟ مۇھەببەتمىدۇ؟ ئائىلىمىدۇ ۋە ياكى پەرزەنتمىدۇ؟» (يىرگىنىش). توغرا ھاياتلىقتىن بىز زادى نېمىنى ئىزدەيمىز؟ ئەتىگەندىن - كەچكىچە پالاقلاپ ئالدىراپ يۈرۈشىمىزنىڭ، كۈلگىمىز كەلمىسىمۇ زورلاپ كۈلۈشىمىزنىڭ، كۆچلۈكلەرگە تەلمۈرۈپ، ئاجىزلارغا ھومىيىپ ياشىشىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى نېمە؟ بىز نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئۆلۈم ھالىتىدىكى قانائەتمۇ ياكى ئالۋۇندەك يەتكىلى بولمايدىغان ئەركىنلىك، ئازادىلىك تۇيغۇسىمۇ؟ يارىلىش ۋە ئۆلۈم، قىممەت ۋە قىممەتسىزلىك نۇقتىلىرىدا بىردەم تېڭىرقاپ، بىردە مەردانە ياشاۋاتقان

بۇ پېرسوناژلار گاھىدا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي قالىدۇ. «ئادەملەر ئەزەلدىن يالغۇزلۇق تۈپەيلى ھاياتتىن زېرىكىپ، باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بېرىدۇ. لېكىن ماھىيەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇنداق، ھاياتلىق بىلىش - ئاخىرى يوق چەكسىز بوشلۇق» «سېختىكى ئىشلار». ھاياتلىقنىڭ بىزدىن جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان سوئاللىرى بەكمۇ تولا. چۈنكى ھاياتلىق مۇرەككەپلىككە، زىددىيەتكە تولغان بىر جەريان. ھالبۇكى، ھاياتلىقنىڭ شۇقەدەر مۇرەككەپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاڭ ياكى روھ تېخىمۇ مۇرەككەپ. قاچانكى ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاشۇ سىرلار، ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ھەققىي تۈردە ئايدىڭ بولغىنىدا، يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ تولىمۇ بىمەنە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلار ئايلاپ - يىللاپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، يوشۇرۇن بايلىقلارنى ئىزدەپ تېپىشقا خۇشتاركى، بىر تىيىن پۇل چىقارماي، بىرقەدەم يول يۈرمەي، ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە، روھىي ئېڭى ھەققىدە چوڭقۇر، تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئېرىنىدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىق ئىنسان روھىدىكى تراگېدىيىدىن ئىبارەت.

ھۆسەيىن تاش ئۆز ئىجادىيىتىدە، ئەنە شۇ خىل تراگېدىيىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىزدەپ كەلدى. «شۇنداق، تۇرمۇش، ئادەم، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، تەن ۋە روھ بىر خىل رىتىمدىكى مېخانىك قانۇنىيەتكە باغلىنىپ قالغان... بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن تىركەشمەكتە. ئۇنى ئۆزى تەرەپكە - ئۇ ئازابلىنىدىغان، زېرىكىدىغان ھەتتا يىرگىنىدىغان تەرەپكە سۆرىمەيدۇ...» «مەڭگۈلۈك بوشلۇق». دېمەككى، مېخانىكلاشقان تۇرمۇش قانۇنىيىتى ئادەملەرنى ئۆز - ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۆزى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا، ئۆزلۈككە ئىنتىلىشكە خىرە تۇيغۇلارنى بەخش قىلغان. چۈشىنىش كېرەككى، بۇ ھۆسەيىن تاشنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى ئەمەس، بەلكى سەۋەبلەر توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ قىسمىي نەتىجىسى.

ھۆسەيىن تاش ئەسەرلىرىدە قويۇق پەلسەپىۋى پىكىر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ پېرسوناژلىرى بىلەن بىللە رەزىللىك ۋە گۈزەللىك، پاكلىق ۋە ناپاكلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئوتتۇرىسىدا ئېغىپ يۈرۈپ ھايات - ماتەم ھەققىدە قىممەتلىك تۇيغۇلارنى زاھىر قىلىدۇ. ئۇ ھاياتلىقنى سان ئۇقۇمىغا ئوخشاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ «ئۆلۈمنىڭ

مىنۇس تەرىپى تەننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن چىرىپ پارچىلىنىشىدۇر، بۇ يوقلۇق. ئۆلىنىڭ پىلۇس تەرىپى مەۋجۇتلۇق، يەنى روھنىڭ كېڭىيىپ پۈتۈن ئالەمنى، زامان - ماكاننى ئۆز - ئۆزىگە سىغدۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئۆل ـ هايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشەك...»، (رەڭ قارىغۇسى) دېدى. شۇنداق دېدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىزدەنگەن ھەقىقەتتىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈن چىقاردى. بۇ يەكۈن دەل ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تېڭىرقاش ھالىتىدۇر.

قارىماققا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەنئەنىۋى ئەخلاققا زىت تۇيغۇلارنى بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەخلاقنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئادەملەرنى چىن مەنىسىدىن ھاياتنى، مۇھەببەتنى چۈشىنىشكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئەخلاقتىن ھالقىغان ئەخلاقنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرى ئارقىلىق بارغانسېرى تۇتۇقلىشىۋاتقان ئېڭىمىزنى كەلگۈسى دەۋەتلەر ئارقىلىق ئويغىتىشقا، تراگېدىلىك ئېڭىمىزنى قايتا ئەسلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

جىنسىي مۇھەببەت ئەسلىدە ئۇنچىۋالا سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەس. ئۇنى تەسۋىرلەش، چۈشەندۈرۈش گۇناھ ۋە ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىگە تېخىمۇ كىرمەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنى قانداق چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشتا. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر مىللەت جىنسىي مۇھەببەت ئېڭىنىڭ قانداق بولۇشى (قالاق ياكى ئىلغار) شۇ مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى تەبىئىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. جىنسىي مۇھەببەتنى توغرا چۈشەنمىگەن، ھەقىقىي يوسۇندا قوبۇل قىلالمىغان (بۇرمىلاپ ياكى پەسلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان) مىللەت تەبىئىيلا چۈشكۈنلۈكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ھىندىستان پەيلاسوپى ئوشونىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار. «تەبىئەت ئادەمگە بىر ئىشىك ئاتا قىلغان. ئۇ بولسىمۇ جىنسىيەتتۇر. لېكىن نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى پەندى - نەسىھەتلەر، ئۇ ئىشىكنى كۈچەپ تاقىۋېلىپ، ئۇنىڭ چىقىش يولىنى ئېتىپ قويدى. يېتەرلىك چىقىش ئېغىزى بولمىغاچقا، ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئېنېرگىيە ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن - بۇيان دوقۇرۇپ يۈرۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قېلىپ، ئىنسان روھىدىكى بۆلۈنۈشنى، چۈشكۈنلۈكنى ۋە نېرۋىدىكى نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»، «يېڭى ئىشىك ئېچىلمىدى. كونا ئىشىك تېخى تاقاقلىق» بۇ خىل ھالەت ھەقىقىي بەختسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. ئادەملەر تېپىشچە بۇ خىل زىددىيەتلىك ئاڭنىڭ يوشۇرۇن ھالىدىكى تۇسقۇنلۇقىدىن ئەلتۈكۈس قۇتۇلغىنى يوق. ئۇلار يەنىلا ئۆز - ئۆزىنى بېھۇدە ئازابلاپ ئاتالمىش ئەخلاق ئىسكەنجىسىدە قىينىلىپ ياشىماقتا. «ئۇرۇمچىنىڭ چۈشى»دىكى مۇراتنىڭ زىددىيەتلىك ئېڭى، شۇنداقلا رەشىدەنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. «... روھ دېگەن بوشلۇق خاراكتېرىدىكى نەرسە. رەشىدەنىڭ روھى، خىيالى ساپ، ئۇ مېنى ئويلايدۇ، مېنى سۆيىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ روھى پاك، رەشىدە مېنى بالىشى كۆرگەندىكىن ئۇنى پاك ھېسابلاپ، بۇرۇنقىدەك سۆيسەم بولمامدىمۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە تەن بىلەن روھنى سېلىشتۇرغاندا، تەن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ۋاستە ئەمەسمۇ... ئاھ! بۇ چىدىغۇسىز ئازاب. ياق، ياق، خۇدا ساقلىسۇن!...» مۇرات ئەنە شۇ ھالەتتە سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش قۇتۇپلىرىدا زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئازابلىنىدۇ. مۇرات رەشىدەنى داۋاملىق سۆيەمدۇ ياكى ئەخلاق ئۈچۈن ئۆز سۆيگۈسىنى قۇربان قىلامدۇ؟ ئاپتور بۇ يەردىكى يېشىمنى كىتابخانغا قالدۇرغان. ئەسەرنى ئۆز ئىچكى رىتمى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە يېشىمنى كىتابخانغا قالدۇرۇش ـ ھۈسەيىن تاش ئەسەرلىرىنىڭ تېپىك ئالاھىدىلىكى. چۈنكى ھەقىقىي مەنىدىكى ئاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۆزلۈكنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، ئۇ مۇناسىۋەتسىز شەخستىن جاۋاب تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەتلا ئۆز ئەركىنلىكى بويىچە ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ چىقىش يولى تاپىدۇ. بىز بۇ ھېكايىدىن ئىنسان روھىيىتىدىكى پاكلىق بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس زىددىيەتنى بايقىيالايمىز.

ھۈسەيىن تاش گەرچە روھىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرىنى تەسۋىرلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەقدىرى جىنسىي مۇھەببەت بىلەن زىچ باغلانغان پېرسوناژلىرى ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن پېرسوناژلار ئەمەس. ئۇلار رېئاللىقتا مەۋجۇت. ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرگە ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئەقىل كۆزلىرىمىز بىلەن نەزەر تاشلىيالىساقلا ئۇلارنى كۆرەلەپ ئۇچرىتىمىز. «سېختىنكى ئىشلار»دىكى 3 - شەخسكە كۆكۈل بەرگەن گۈلىيەرى؛ «چېكىقى چۈشتىكى مۇھەببەت»تىكى ئاق كۆڭۈل بىچارە بوۋاي ۋە ئۇنىڭ مەمەت قوتازنىڭ ئاستىدا نازلىق ئىڭراپ ياتقان ئايالى ئاسىمخان؛ «كېرەكسىز ئەر»نىڭ «ۋاپادار ئايالى»؛ بالىكونىغا بىر تەشتەك گۈل قويۇپ قويغان ھېلىقى سىرلىق ئۆي ئىگىسى؛

«كۆلەڭگىدىكى سارىخان موماي»، «ئۆلۈمگە چىللانغان ئادەم»دىكى كامىل، قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىدىكى تەسەۋۋۇرسىمان پېرسوناژلار بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي رېئال بولغان ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىك پائالىيەت كەچۈرمىشىدىن ئىبارەت. بىز پەقەتلا ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايۋاتىمىز، خالاس. ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە يەنە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى قاتمال ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ يۈكسەك ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان توسقۇنلۇقىنى، سېھىرلاشقان تەسۋىر ۋە خىيال ئارىلاشقان بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئازاب ئىلكىدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ. «روھنىڭ قۇدرىتى»دىكى قۇملۇق مەلىكىسى ئايتېكىننىڭ تەقدىرى، شۇنداقلا ئاشىق يىگىتنىڭ روھىي ھالەت كەچۈرمىشى ۋە مەزكۇر ھېكايىدە ئىپادىلەنگەن ئادەملىك قىممىتىنىڭ بارلىق ۋە يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى تېگىرقاشلىرى ئاپتورنىڭ ئىچكى ئازابىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى.

«مەن ئۇنىڭ بەللىرىنى يەڭگىل ئېگىپ قۇم ئۈستىگە ياتقۇزدۇم. ئۇ ھەممە ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇرغاندەك مەستخۇش ھالەتتە ياتاتتى. تېنىم ئاللىقاچان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولۇپ، روھىم بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدىكى بوشلۇقتا غۇۋا لەيلەپ يۈرەتتى. بىز قۇم ئۈستىدە قانچىلىك ياتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. بىزنىڭچە ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىككى قولۇم بىلەن قۇمغا تايىنىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىمنى قىزنىڭ كۆكسى ئوتتۇرىسىغا قويدۇم... مەن ئۆزۈمنى سەنئەت بوشلۇقىدا يۈرگەندەك سېزەتتىم. مۇھەببەت سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىمىدۇ؟... چۈنكى بۇنداق مەستخۇشلۇق تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوققا چىقىرىدىكەن» «روھنىڭ قۇدرىتى». ھۆسەيىن تاش يۇقىرىقىدەك تەسۋىرلەر بىلەن جىنسىي مۇھەببەتنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئەخلاقسىزلىقنى، جىنسىي ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلمىدى. بەلكى كۆپلىگەن ئادەملەر ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىدىغان بىر نۇقتىنى، يەنى مۇھەببەتنىڭ (ئىلاھىي ماھىيىتىنىڭ مەنە چوڭقۇرلۇقىدا مەرۋايىتتەك پارلاپ تۇرىدىغان يۈكسەك ئىنسانىي سۆيگۈنىڭ) ئەخلاقتىن ھالقىغان ئىسيانكارلىقىنى بىزگە ئازاب ئىچىدە سۈرەتلەپ بەردى. «بىز مۇھەببەتنىڭ ئىلاھىيلىقىنى، مەنىۋىلىكىنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھايۋانىيلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، يالغانچى- كاززاپلاردىن بولۇپ قالىمىز» (ئابدۇقادىر جالالىدىن). شۇنداق، ئادەملەرنىڭ بەختسىزلىكى شۇ يەردىكى – ئۇلار ئۆزلىرىچە شەكىللەندۈرۈۋالغان ساختا رامكىلار ئارقىلىق ئەخلاقنى كونكرېتلاشقان ئۆلۈك ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەخلاقنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ ۋە تەبىئىيلا چىن مەنىدىكى ئەخلاقنىڭ ئىنسان ئېڭىدا ئويناۋاتقان گۈزەل رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى تويۇق يولغا باشلايدۇ ۋە ئۆزلىرىچە شۇ خىل ياشاشنى پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خۇددى چۈمپەردە ئارتىۋېلىپ پاھىشىلىك قىلغاندەكلا بىچارىلەرچە قىلمىش، خالاس.

ئۇشۇ مۇنداق دېگەن: «ئادەملەر قاچانكى جىنسىيەتتىن ئىبارەت بىرىنچى ئىشىكتىن ھالقىپ ئۆتەلىسە، ئاندىن ئىستىقامەت ھالىتىدىكى ئىككىنچى ئىشىككە ئېرىشەلەيدۇ ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىق، خاتىرجەملىككە مۇيەسسەر بولالايدۇ». ھۆسەيىن تاش ئۆز تەپەككۇرى ۋە ھېس - تۇيغۇ، تەجرىبە - ھاسىلاتلىرىدىن تۇغۇم بولۇۋاتقان يارقىن پىكىرلىرى ئارقىلىق، دەۋرىمىز كىشىلىرىگە ۋاكالىتەن چەك قويۇپ، داتلىشىپ كەتكەن بىرىنچى ئىشىكنى چېقىپ تاشلاپ، ئىككىنچى ئىشىكنى ئېچىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ سەل يالغۇز كېلىپ قالغاندەكمۇ تۇرىدۇ. شۇنداقلا قىيىنچىلىقلارمۇ تولا. ئەمما ھېس قىلىشىمىزچە، ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن ئالدىراپ ياندىغاندەك ئەمەس.

يۇقىرىقىلارنى دېيىش ئارقىلىق ھەرگىزمۇ ھۆسەيىن تاشنى ئالاھىدە يازغۇچى قىلىپ تەسۋىرلەش نىيىتىم يوق. چۈنكى ھۆسەيىن تاش مەڭگۈ پەقەتلا ھۆسەيىن تاش بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يىلتىزىمۇ شۇ. مەن پەقەتلا ھۆسەيىن تاش ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچىلىكنى، ئۇنىڭ خاسلىقىنى، ئىجادىيەت مەقسىتىنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىمگە يارىشا ئىپادە قىلدىم، خالاس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ باشقا ياش يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بەزىبىر كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، روھىي ئانالىزنىڭ دېگەندەك ۋايىغا يەتمەسلىكى، ئەسەر تىلىدىكى لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ سەل كەملىكى، شۇنداقلا ئەسەر دېتاللىرىنىڭ گالۋاڭ بولۇپ قېلىشى كىشىنى تولىمۇ ئېپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەمما بىلىشىمىز كېرەككى، مۇكەممەلسىزلىك يەنىلا بىر خىل تەبىئىيلىكتىن، ئەسەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە ئىگە بولغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.



# ياتناق

(هېكايە)

ئىبراھىم نىياز

**1**

ـ هوي، يانتاق! تۇر ئورنۇڭدىن، مالنى چىقار...

يانتاق چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قانمىغان بولسا كېرەك، ئۆزىنى تولىمۇ ھارغىن ھېس قىلدى. بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بىر كېرىلىۋېلىپ يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيدى ـ دە، بەلۋېغىغا ئىككى زاغرىنى تۈگۈپ ئىشىكتىن چىقتى. تاڭ ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. دەريا شاۋقۇنى ۋەھىمىلىك چۇقان سالاتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، پاقىنىڭ كوركىراشلىرى قوشۇلۇپ بۇ خىلۋەت مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

ـ ئويغاتمىسام چۈشكىچە ئۇخلايدىكەنسەن ـ دە، يانتاق...

ئۇ قوتاننىڭ ئالدىدا كالتە ئىشتان بىلەنلا سىركولدەك كېرىلىپ تۇرغان ئوسمان ياپساغا قاراپ شىپپىدە توختاپ قالدى.

ـ يا...يا...ياق، ئەمدى تۇراي دەپ تۇرغان شۇ...

ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

ـ بول چاپسان، مال ئاچ قالدى... مالغا ياخشى قارا ھە؟ بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن يانتاق...

يانتاق تولىمۇ تېزلىك بىلەن دەررۇ ماللارنى قوتاندىن چىقىرىشقا كىرىشتى. ئوسمان ياپسا كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

ـ شۇنچە ئىشلەپ بەرسەممۇ رازى بولمايدىيا، ئوغرىلارنىڭ... ئۇ غۇدۇڭشىغان پېتى، بىر توپ مالنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. مەھەللىنىڭ تۆۋىنى كەڭرى كەتكەن ساسلىق ئىدى. بۇ يەردە توپ ـ توپ چارۋىلار يايلاپ، قورساقلىرىنى راسا تويغۇزالايتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بېلىگە تۈگۈكلۈك زاغرىنى ئالدى ـ دە، كاراسلىتىپ غاجاشقا باشلىدى. ئۇ مالنى دەريا بويىلاپ، مەھەللىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بۇ دەريانىڭ نەدىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ دەريا قومغىرىق دەپ ئاتىلاتتى. غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان بۇ دەريا بىر يىلنىڭ ھەممىسىدە شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئاشقۇدەك تىك يار بولۇپ، دەريا سۈيى يارنى بويلاپ شەرققە ئېقىپ كېتەتتى. 4 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا دەريا سۈيى رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، بارا ـ بارا ئاۋۇشقا باشلايتتى. 6 ـ 7 ـ ئايلاردا سۇ دەرياغا پاتماي قالاتتى. بۇ چاغلاردا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ۋەھىمىلىك شاۋقۇن سېلىپ، كىشىلەردە قورقۇنچ پەيدا قىلاتتى. كىمىنىڭدۇ دەريادا ئېقىپ كەتكەنلىكى، كىمىنىڭدۇ دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىدەك ۋەھىمىلىك خەۋەر بۇ مەھەللىدە پات ـ پات پەيدا بولاتتى. ئېقىپ كەتكەن تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ دەريا ئارالچىلىرىنى تىنتىپ يۈرگۈچىلەرمۇ ئارىلاپ كۆزگە چېلىقاتتى.

يانتاق مەھەللىنىڭ تۆۋىنىگە بېرىپ، بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا ئولتۇردى ـ دە، ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى رەسمىي باشلىۋەتتى. ئۇ بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ قانغۇدەك ئىچتى. زاغرىنى چىلاپ يۇمشىتىپ، ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئۇ بۇنداق

تۇرمۇشىمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا مۇشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى. بۇلاق بېشىدا بىر تۈپ جىگدە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كەيپىسى ئىدى. يامغۇر - يېشىندا قالسا مۇشۇ جىگدە تۈۋىدە پاناھلىناتتى.

مەھەللىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كىچىككىنە بىر دەريا بولۇپ، ئۇ تۇسۇن دەريا دەپ ئاتىلاتتى. دېھقانلار ئېشەك ھارۋىلىق بۇ دەريادىن ئۆتۈپ، بازارغا باراتتى. قۇمۇشلۇق دەريادىن ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولمايتتى. مەھەللىنىڭ تۆۋىنىگە سوزۇلغاندا، بۇ ئىككى دەريا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى. باھار يېتىپ كەلگەندە بۇ مەھەللە تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ قالاتتى. تۆۋەن تەرەپتىكى كەڭ كەتكەن ساسلىق يىراقتىن پاياندازغا ئوخشايتتى. ئېگىزدىن قارىغاندا بۇ دەريا غايەت زور ئەجدىھانى ئەسلىتەتتى. بىرلا يېرى بۇ مەھەللە شەھەردىن بەك يىراق ئىدى.

كۈن ھەش - پەش دېگۈچە تىكلىشىپ، ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. قويلار بولسا قورساقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاۋارە ئىدى. يانتاق خىيال سۈرگىنىچە جىگدە سايىسىدە ئولتۇراتتى. «مۇشۇ كۈنلەردە ئوسمان ياپسا ھەجەپ بوزەك قىلىۋاتىدىيا... بىر نېمە دەي دېسە، بۇ خەقنىڭ جىقلىقى... ھېلىمۇ مەھەللىدىكىلەرنى قوغلاپ بولغىلى تۇردى». ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. مەرھۇم دادىسى يادىغا كېلىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەسلى ئابلا بولۇپ، كېيىنچە نەدىن پەيدا بولدى، يانتاق دېگەن لەقەم ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ باشتا تېرىكىپ باقتى. بىراق تېرىككەنسېرى تېخىمۇ تارىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ باشتا «ئابلا يانتاق» دەپ چاقىرىدىغانلار، كېيىنچە «يانتاق» دەپلا چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇمۇ ئاخىر كۆنۈپ قالدى. ئۇششاق باللارمۇ، ئايالالارمۇ، ھەتتا چوڭلارمۇ «يانتاق» دەپلا چاقىراتتى. بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق بولۇپ، ئۇ تىنكەندەك يالغۇز ئىدى. ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى.

ئۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاققا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى...

— ھەجەپ ئۇزۇن ساقلاتتىڭىز ئاسمگۈل...

— باشقىلارنى ساقلاۋاتقانسىز ھەقچان...

قىز شوخلۇق بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ سېھىرلىك بىر تەبەسسۇم بالقىپ تۇراتتى. كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ لاتاپەت قوشقانىدى. ئۇ قىزنىڭ قولىنى كاپىدە تۇتۇۋالدى.

— قويۇۋېتىڭ، كۆيىكۈندۈزدە...

— ماڭا تېگىڭ، بولامدۇ؟

قىز ھۇيپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ قورقىنىدىن خۇددى جەرەندەك ئۇياق - بۇياققا قارايتتى.

— مەن بۇلاق سۈيى ئېلىپ قايتمىسام بولمايدۇ، ئانام - دادىلار ئۇسساپ...

— ئۇنداق قىلماڭ، بىرنى سۆ... ...

قىز شوخشۇپ بېرىپ بۇلاقتىن سۇ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ راستتىنلا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

يانتاق چاقچاقلىق بىلەن قىزنىڭ قېشىغا باردى - دە، سۇ ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا يۈزىگە سۆيۈۋالدى. قىز يەنە ۋىللىدە قىزىرىپ، يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى.

— مەشەدە سىزنى ساقلايمەن، ئاسمگۈل...— يانتاقنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن تەلمۈرگىنىچە جىگدىنىڭ دالدىسىدا خېلىغىچە قاراپ تۇردى. قىز ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان بۇغدايلىق تەرەپكە بېرىپ غايىب بولدى. «ھەجەپ قىلىنكەنسەن يانتاق، ئاخىر تىكىنىڭنى سانجىۋالدىڭ...» قىز كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى.

ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، قىز يەنە بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدى. يانتاق بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
چىراغ كۆيەدۇ.
چىراغ ئەمەس، يازنىڭ ئوتى
يۈرەك كۆيەدۇ...

— كۆيسە بۇلاققا چىلاپ ئۆچۈرمەمسىز...

يانتاق بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئوماقىنا كۈلۈپ تۇرغان ئاسمگۈلنى كۆردى.

— دادىلار بىلەن كېتەي دېسەم تېخى، ئاخىر ئۇلارنى گوللاپ قويۇپ كەلدىم، گېپىڭىزنى چاقىقان دەڭ... كېتىمەن.

ئۇلار قەلبىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈپ ۋاقىتنىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قىلىشتى.

— ماڭا تېگىڭ ئاسمگۈل، بولامدۇ؟

— دادام ئۇنىماس... مىكىن.

— ئۇناپ قالار...

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئوسمان ياپسا قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا يانتاقنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــ ئوختىسا، هەي دىۋانە، ئۆزۈڭچە ئاكامنىڭ قىزىغا ئىشتەي ساقلاۋاتامسەن؟ سەن كىم؟ بىز كىم؟ ئاكام قىزىنى ساڭا بەرسە، ئوغلۇمنى قانداق قىلىمەن، ئۇنىڭغا بىرىدىغان سىڭلىڭ بارمىدى يا...

ــ ئاكا... بۇ...

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ھېلى بىكار بىزنىڭ باللا ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ مەھەللىدە ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر... بولمىسا سەنمۇ يوقال!

ئوسمان ياپسا ئاغزىنى بۇزۇپ ئۇنى بىرمۇنچە تىللىغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. يانتاق چۈشىنى يەۋالغاندەك بىئارام بولدى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. يانتاق ئاسمىگۈلنى زادىلا كۆرەلمىدى (ئۆيدىن چىقارمىغان بولسا كېرەك). ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردى. بۇ مەھەللىدە ئوسمان ياپسانىڭ تۇغقانلىرى بەك كۆپ ئىدى. ئۇلار نەۋرىلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، باشقىلارغا قىز بەرمەيتتى. باشقىلارنىڭ قىزىنىمۇ ئاسانلىقچە كېلىن قىلمايتتى. مەھەللىدىكى يۈز ئائىلىنىڭ يەتمىشى شۇلارنىڭ جەمەتى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ گېپى گەپ بولۇپ قېلىۋېرەتتى. ئۆكتە قوپقانلارنى ئەدەپلەيتتى.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان بىر كۈنى، مەھەللىدە ئاسمىگۈلنىڭ تويى بولدى. ئۇ راستتىنلا ئوسمان ياپسانىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولغانىدى. شۇ كۈنى يانتاق مەھەللىنىڭ تۆۋىنىدىكى مۇشۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ قانغىچە يىغلىدى، نەچچە قېتىم دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا كېلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس دەپ قارايتتى. ئۇ ئاخىر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى...

2

ــ ئۇخلاپلا كېتىپسەنغۇ بالام...

يانتاق ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، قېشىدا ئۆرە تۇرغان ئىسمايىل بوۋاينى كۆردى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

ــ ياقەي... مال بېقىپ شۇ...

ــ ھەجەپ ئۇيقۇسىدا كىشى، ــ بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ سۇنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇچىنەك ئاقارغان ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى ـ دە، ئاستا كېلىپ يانتاقنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. بوۋاي بۇ مەھەللىدىكى ئەڭ مويسىپىت كىشى ئىدى. ئۇ توقسانغا بىرىپ قالغان بولسىمۇ، بەنىلا تەمبەل، چەبدەس ئىدى. بەرنى گۈس ـ گۈس دەسسەپ ماڭسا، يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كىشىدىن قېلىشمايتتى.

— قويغىنا، — دېگەن ئىدى بوۋاي، — بۈگۈن بىر باشقىچە كۆرۈنىسەنغۇ بالام، — ئۇ شۇنداق دېدى؟

پۇتى ئاستىدىن تۇپا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇمۇ خۇددى يانتاققا ئوخشاش تىكەندەك يالغۇز ئىدى. ئۆيىدە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغىدەك بايلىقى بولمىسىمۇ، كۈنى ـ كۈنىگە ئۇلاپ، ئاچ قالماي ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

ــ ھەي، بالام، ــ دېدى بوۋاي ئۇ بەر ـ بۇ بەردىن پاراڭ قىلىپ بولۇپ، ــ سەن ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى، بەزىدە سېنىمۇ قېرىغاندا مەندەك يالغۇز قالارمىكىن دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ...

ــ قويۇڭە بوۋا، خوتۇن دېگەن شۇنداق بولسا...

ــ ئۇنداق دېمە بالام، ھېلىقى ئىشتا خوتۇنىڭدا گۇناھ يوق ئىدى. مۇشۇ تۈزكورلار...

يانتاق جىمىپ كەتتى. بوۋاي بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە، خۇددى بىرسىگە چۆچەك سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك توختىماي سۆزلەيتتى.

ــ سەن ئاسمىگۈلدىن قۇرۇق قېلىپ، كېيىنكى خوتۇننى ئالغاندا، مۇشۇ ياپسا جەمەتىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ھەممىنى بىلمەن بالام، مەن بۇ مەھەللىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىمەن. خەق مېنى يىرتىق، مەينەت كىيىملىرىمگە قاراپ ساراڭمىكىن دېگىنى بىلەن ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىمەن. سەن ھېلىقى چىرايلىق خوتۇنۇڭ بىلەن بىر چىرايلىق ئۆي تۇتتۇڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئوسمان ياپسانىڭ ئىككىنچى ئوغلى كەنت باشلىقى بولۇۋېلىپ بەكمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى، چىرايلىق خوتۇنى بار يىگىتلەرنى ھاشارغا ھەيدەپ، ئۆيدە قالغان خوتۇنىغا ئەسكىلىك قىلدى. خوتۇنۇڭ نېمىشقا ئۆلۈۋالدۇ، بىلەمسەن؟ شۇ چاغدا سەن ھاشاغا كەتكەندە ئۇ خوتۇنۇڭغا زورلۇق قىلىپتۇ. خوتۇنۇڭ ھەقىقەتەن پاك ئايالكەن، ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا خورلۇققا چىدىماي دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان... بۇ دەريا جىق قىسمەتلەرنىڭ شاھىتى، بۇ دەرياغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نالە ـ پەريادى سىڭىپ كەتكەن. بەزىدە مېنىڭمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغۇم كېلىدۇ، ئامال قانچە؟ قېرىغاندا جان تاتلىقكەن. خورلۇققا چىدىيالمسامۇ، مەھەللىدىكى مۇشۇ بۇزۇلۇشلار ئىچىدە ياشاپ، ئاللانىڭ بەندىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باققۇم بار. كۆرۈۋاتامسەن بالام، تەبىئەتتە تەگكۈلۈق بۇزۇلۇۋاتىدۇ، قىش كۈنى قار ياغماس بولۇۋالدى، يازدا مۆلدۈرنىڭ يامانلىقى... مۇشۇ دەريانىڭ ۋەھىملىك شارقىراشلىرىنى بىر نەرسىنىڭ بېشارىتىمىكىن دەپ قالىمەن. بوۋاينىڭ كۆزىنىز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. يانتاق نېمىگىدۇر تىكىلگىنىچە قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھەسرەت ۋە ئازاب ئوتىدا پۇچىلىنماقتا ئىدى. راست، يانتاق

خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئىشىنىڭ ئېگىگە يەتكەن. شۇنچە يىراق يولنى پىيادە بېسىپ ساقچىغىمۇ بارغانىدى. لېكىن ئۇنىڭغا نە گۇۋاھچى، نە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ساقچىلار نەچچە كۈن ئەھۋال ئىگىلەپ بىرەر يىپ ئۇچى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەرزىمۇ سۇغا چىلاشقانىدى. ساقچىلار كېتىپ ئەتىسى يانتاق بولۇشغا تاياق يېدى. نەچچە كۈن قوپالماي يېتىپ قالدى. يەنە ئەرز قىلىۋىدى، جەرىمانە بىلەنلا يېگەن تاياق يېگەن بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئەرز قىلماس بولغانىدى. بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتەي دېسە نەگە بارىدۇ؟ ئۇ بىرەر ئايچە مەھەللىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ «نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن» دەپ قايتىپ كەلگەنىدى، شۇندىن بۇيان مەھەللىدىكى ئوسمان ياپسانىڭ قويلىرىنى بېقىپ، تاپقان پۇلغا كۈننى كۈن ئېتىپ كېلىۋاتاتتى.

كەچكى شەپەق بۇ خىلۋەت مەھەللىنى ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرى بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. بۇنداق پەيتتە دەريا سۈيى قىزىل نۇرلارغا پۈركىنىپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. يانتاق دەريانى بويلاپ، ماللارنى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس، مەھەللە ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەتتى.

- كېلە يانتاق، مال تويغاندۇ - ھە؟ - دېدى ئوسمان ياپسا ئىشىكى ئالدىدا.

- تويدى.

ئۇ مالنى سولىۋېتىپ ئۆيىگە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوسمان ياپسانىڭ بەشىنچى ئوغلى باغدىن چىقىپ ئۇنى چاقىردى.



- باغقا كىرە يانتاق...

- ئىش بارمىدى؟

- ئاۋۋال كىرمەمسەن...

باغدا ئوسمان ياپسانىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى بولۇپ، يىگىرمىچە ئادەم ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى خېلىلا مەستەك كۆرۈنەتتى. يانتاق ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى بولغاي، دەرھال ئارقىسىغا ياندى.

- بولدى، مەن قايتاي...

- كىرمەۋالاتا.

يانتاق ئامالسىز سورۇنغا قېتىلدى. ئۇ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بېرىپ، ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى.

- ئىچە مانى.

- بولدى، مەن ئىچمەي، ئولتۇرۇشۇپ بېرەي...

- ئىچەۋا، بۇنچۇ ئوغۇل بالا ئىچىدۇ. سەن ئايالمۇ يا.

- ئايالدىن قېلىشمايدۇ، بولمىسا خوتۇن ئالار ئىدى...

- ۋەيت!...

ئۇلار خۇددى ئوغلاقتەك مەرىشىپ سورۇننى بېشىغا كىيىشكە باشلىدى.

بىمەنە چاقچاقلارغا چىدىمىغان يانتاق ھاراق قويۇلغان پىيالىنى قولىغا ئالدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپلا گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ئۇ خۇددى بىر پارچە چوغنى يۇتقاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ ھاراق سورۇنىغا يولىمىغانىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا مەھەللىدە ئىچىشۋازلىق تاپتىن چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ بۇنداق سورۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مەھەللىدە ئىچىش - چېكىش كۆپەيگەنسېرى جېدەل تېخىمۇ ئاۋۇپ، ئادەم ئۆلىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلگەنىدى. يانتاقنىڭ ئويلىشىچە، بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار تازا قولاق كەستىلەر بولۇپ، دادىسى ياكى تاغىلىرى بولسىمۇ بىرگە ئىچىشىۋېرەتتى، چوڭلاردىن تەپ تارتىشتا يوق، ئۇلار غىمۇ ھاراق زورلايتتى. نەشىنى ئاشكارا چېكىۋېرەتتى.

ئاچ قورساققا كىرگەن ھاراق، يانتاقنى بىردەمدىلا مەست قىلىپ قويدى. ھاراقنىڭ تەسىرىدە شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ خېلى يوغىناپ كېتىۋاتاتتى.

- يانتاق، سېنىڭ خوتۇنۇڭغا نېمە بوپتىكەن؟

- ئاڭلىسام، بىرسى نومۇسىغا...

- سەن بىمىش قىلغانىنىڭ يانتاق، خەق چېقىلغۇچە...

- ھا- ھا- ھا...

– خوتۇنۇڭمۇ تازا جىدىماسكەن، بولمىسا بىر قېتىمغىمۇ دەرياغا سەكرىمىدىۋا...

– ئاغزىڭنى يىسسەڭۋا ئاداشلار، – يانتاقنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىگەنىدى.

– ۋۇي، تىلى چىقتىغۇ ماۋۇ لاتىنىڭ!

– بىزنىڭ ھاراقنى ئىچىپ تېخى...

– مانا ئەمىسە، – يانتاقنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ، پۇلاڭگىدە كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىرقانچىسى كېلىپ ئۇنى دەسسەشكە باشلىدى، ئۇ بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ توپىغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى بىلدى، بۇرنىدىن تېخىچىلا قان ئېقىۋاتاتتى، ئۇلار بولسا تېخىچىلا ھاراق ئىچىشمەكتە ئىدى.

– ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ زادى، بۇ جاندىن تويدۇم...

يانتاق ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بۇقىدەك ئىككى پىرقىراپ، ئۆرۈك شېخىغا ئىلىنغلىق ئورغاققا كۆزى چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمىگەنىدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئورغاقنى قولىغا ئالدى - دە، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن بىرسىگە ئۇدۇللاپ چاپتى. ئارىدا بىرى چوشقىدەك چىرقىراپ پالاقلىدە يەرگە يىقىلدى. ئورغاق ئۇنىڭ بىقىنىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

3

– يانتاق تۈرمىدىن چىقىپتۇ.

– قېچىپ چىقىپتىما؟

– ياق، مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىپتۇ...

بۇ خەۋەر ھەممىدىن بۇرۇن ئىسمايىل بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ساقسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ تالاغا چىقتى. دەريا سۈيى ۋەھىمە بىلەن شارقىرايتتى. «ئۇ كەلسىمۇ، دەريادىن مەھەللىگە ئۆتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى بوۋاي. يىراق ئۇنىڭ يانتاقنى بىر كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى. يانتاق كېتىپ ئۇ تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قالغانىدى. ئۇ بۇلاق بېشىدىكى جىگدە تۈۋىدە يانتاق بىلەن تالاي قېتىم خىيالەن مۇڭداشتى. يانتاق كۆلۈمسىرەپ كېلىپ، بوۋاي قېشىدا ئولتۇرغۇزۇشقا قولىنى ئۇزاتقاندا تۇيۇقسىز غايىب بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا بوۋاي ئۆزىنىڭ خىيالغا ئالدانغانلىقىنى بىلىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

بوۋاي ئاستا مېڭىپ، دەريا بويىغا كەلدى، دەريا سۈيى يارا - يارا ئۇلغىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەھەللىنىڭ ئىككىلا تەرىپىدىكى دەريا سۈيى شۇ قەدەر كۆپ ئىدى. يانتاق قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا، تۇسۇن دەرياسىغىمۇ زور كەلكۈن كەلگەنىدى، كەلكۈن سۈيى بۇ خىلۋەت مەھەللىنىڭ بېشى تەرىپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەسلىدىكى تۇسۇن دەرياسىغا قوشۇلۇپ، مەھەللە ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغانىدى. بوۋاي دەرياغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى. بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق بالىلار ئولىشىۋالغانىدى. تۇساتتىن بىر بالا چۇقۇلداپ سۆزلەپ كەتتى.

– قاراڭلار، بىرسى دەريادىن ئۆتۈۋاتىدۇ...

– ئاپلا، ئېقىپ كېتىدىغان بولدى.

شۇ ئارىلىقتا بوۋاينىڭ ئەتراپىغا چوڭلارمۇ ئولاشقانىدى.

– ھوي، راست بىرسى ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتىدىغۇ...

– كىمدۇ؟

– ھەي، ئۇ نېمىشقىمۇ قىلاتتىكىنە، بۇ قاغىش تەگكەن يەرگە ئۆتمەن دەپ...

– قاراپ تۇرۇپ جېنىدىن ئايرىلىدىغان بولدى - دە...

چوڭلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆز قىياسلىرىنى دېيىشەتتى.

– ۋاي يانتاقكەن...

«يانتاق» دېگەننى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرديۇ، دەررۇ ئەسلىگە قايتتى. «خۇدا، يانتاقنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دېدى بوۋاي پىچىرلاپ.

يانتاق ئاخىر قىرغاققا چىقتى. بوۋايدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى بىردىن - ئىككىدىن غايىب بولغانىدى. يانتاق بوۋاينى قۇچاقلاپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار مەڭزىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشەتتى.

بوۋاينىڭ ئۆيىدىكى جىنچىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يانتاق كۆرگەن قىسمەتلىرىنى بوۋايغا قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

– بوۋا، بۇ نېمە كارامەت، مەھەللىمىز نېمە بوپكەتتى؟– يانتاق تەقەززالىق بىلەن بوۋايغا تىكىلدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى خۇددى جىنچىراغدەك خۇنۇك ۋە گۇنسىز ئىدى. ئۇ گويا كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان شامغا ئوخشايتتى.

– ھەي بالام، «ئادەم بۇزۇلسا پالاكەت باسىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم، راستكەن. مەھەللىمىزدە ئادەمگەرچىلىك قالمىدى، زىناخور، ھاراقكەش، نەشكەشلەر كۆپىيىپ كەتتى. ياپسانىڭ جەمەتىدىكىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ نەلەرگىدۇر كۆچۈپ كەتتى. راستىنى دېسەم ئۇلار بۇ خەقنىڭ بوزەك قىلىشىغا چىدىمىدى، ئاشلىق ئېرىسا مال - چارۋىلىرىغا يېگۈزۈپ ۋەيران قىلدى. بىرنېمە دېسە تاياق... يۇقىرىدىن كېلىپ مەھەللىدىكىلەرنى كۆچۈشكە دەۋەتمۇ قىلدى،

كۆچىدىغانلار كۆچتى. بىراق مۇشۇ خەقلا كۆچكىلى ئۇنىمىدى، ئېخى «ئېمىلا بولساق مەھەللىمىزدە بولىمىز، ئاتا - ئانىمىز ياشىغان بەرنى تاشلاپ نەگە باراتتۇق» دېيىشىدۇ. بۇ دەريا ئەتىياردا بىر باشلانسا، كۆزدە ئاران پەسىيىدۇ. مۇشۇ مەھەللىنىلا قورشىۋالغىنىغا قاراپ ئاللانىڭ بەرگەن جازاسىمىكىن دەپ قالىمەن. ئېرىلغۇ يەرلەرنى بىر پارچە - بىر پارچىدىن ئېقىتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يىل روزى ھېيت نامىزىدا مەسچىتتە جېدەل چىقتى دېمەمسەن، قوشنىمىز ئېزىز ئاخۇن ئېخى كۆچمىگەنىدى، ئۇ مەسچىتكە كىرسە، ياپسانىڭ نەۋرىسىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «سەن مەسچىتكە نېمىشقا كەلدىڭ، نامازنى ئۆيۈڭدە ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟» دەپتۇ، ئېزىز ئاخۇننىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «بۇ يەرگە كەلسەم ئىختىيارىم، چاتىقىڭ نېمە؟» دېۋىدى، شۇ بىچارىنى ئۇرۇپلا كەتتى. مەن ئارىغا چۈشۈپ ئاران بېسىقتۇردۇم. شۇ دەرىجىدە بۇزۇلغان خەقنى خۇدا ئۇرماي قالامدۇ؟

بوۋاينىڭ ئاۋازى تولىمۇ غەمكىن ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان داغ سۇنى يەنە بىر قېتىم ئوتلاپ، بىرھازا يۆتەلگەندىن كېيىن جىمىپ قالدى. يانتاقنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاس قېلىۋاتاتتى.

- بالام، بۇ يەردىن سەنمۇ كەت، ھامان بىر كۈنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ، - دېدى بوۋاي بېشىنى سىلاپ.

- بوۋا، سىزنىمۇ بىرگە ئەكېتەي، سىزنى تاشلىيالمايمەن، - يانتاقنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى.

- ياق بالام، مېنىڭ قېرى جېنىم نېمىگە ئەسقاتاتتى، مەن بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، بەلكىم بىر - ئىككى كۈنلۈكۈم قالغاندۇ... سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم، سەن ئامال قىلىپ بىر كىچىك تېپىپ ئۆتۈپ، ئاخىرەتلىك ئەكىلىپ بەرگىن. سەندىن ئىككى دۇنيالىق رازى بولۇپ كېتەي...

بوۋاينىڭ كۆزى ياشقا تولدى. يانتاقنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

يانتاق سەھەردە ئويغىنىپ سىرتقا چىقتى. دەريا شاۋقۇنى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. شەرقتىن غايەت زور ئوت شارى لىپىلداپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ بوۋايغا دەپ قويۇپ مەھەللىنىڭ تۆۋىنىگە - ئۇدۇل بولاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇلاق قاچاندۇ دەريانىڭ ئاستىدا قالغانىدى. قېرى جىگدە دەرىخى قىيسىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. دەريا خېلى جىق ئۆيلەرنىمۇ يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تالاي قېتىم ماڭغان يوللار، يادا باققان ساسلىقلار سۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ، مەھەللىنىڭ تۆۋىنى خۇددى دېڭىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. كۈن چۈش بولاي دېگەندە بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسماندىن توپا يېغىشقا باشلىدى. بارا -

بارا كۈنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى. يانتاق ئۆيگە كىرگەندە بوۋاي قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئايەت ئوقۇۋاتاتتى. «ئۇلۇغ خۇدا، تىرىكلىكتە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن...». بوۋاينىڭ ئاۋازى، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، بىر تامچە ياش مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى.

ئاسماندىن يېغىۋاتقان توپا ئۈچىنچى كۈنىمۇ داۋاملاشتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى سولاشماقتا ئىدى.

بوۋاينىڭ تەلپىيى بويىچە يانتاق ئاخىرەتلىك ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، ئۇ توسۇن دەريادىن كىچىك ئىزدەپ يۈرۈپ خېلى تەستە دەريادىن ئۆتتى. ئەتىسى ئۇ بىر خالتىنى كۆتۈرگەن ھالدا يەنە دەريا بويىدا پەيدا بولدى. ئاسماندىن تېخىچىلا توپا يېغىۋاتاتتى. «توۋا، مۇشۇ مەھەللىدىلا توپا يېغىۋاتىدىيا، بۇ نېمە كارامەت». يانتاق شۇلارنى ئويلاپ دەرياغا قارىدى، دەريا سۈيى لاتقىلارنى ئېقىتىپ تىنىمسىز لۇغۇلدايتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا ھېلىقى بۇلاق بېشىدىكى جىگدىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ تۇرغان يەردىن جىگدىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. جىگدە خۇددى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خادا تاشتەك كۆرۈنەتتى. «ئىم!» ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا «قارت» قىلىپ قالدى. جىگدە ئاستا - ئاستا قىيسىيىۋاتاتتى، ھەش - پەش دېگۈچە جىگدىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. يانتاقنىڭ خىيالىغا يەنە بوۋاي كەلدى. بوۋاي ئاشۇ جىگدىدەك ئۇزاق ياشىغانىدى. «بوۋايغا بىرنېمە بولمىغاندۇ؟» ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا ۋەھىمە ئارىلاشتى.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، شوتا بىلەن مىڭ تەسلىكتە ئۆگزىسىگە چىقتى. ئۆينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ياپسا جەمەتىنىڭ ئۆيلىرى غۇۋا كۆرۈنەتتى. خۇددى مەھەللىدە ئادەم قالمىغاندەك ئەتراپتا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاتىنىڭ كىشنەشلىرى، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان شاۋقۇنغا جۆر بولاتتى. بوۋاي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىچىدە «تەڭرىنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولسا كېرەك. قىيامەت مانا مۇشۇنداق باشلانسا كېرەك، كېيىنكىلەر بۇ پاجىئەدىن ساۋاق ئالالارمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. ئۇ ئۈچىنەك ئاقارغان ساقاللىرىنى سىلاپ بىراق - بىراققا تىكىلدى. مەھەللىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆچەپ - كۆچەپ شورىدى - دە، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغانىدى. ئاسماندىن تېخىچىلا سىرىق توپا يېغىۋاتاتتى. قارلىغاچلار پەس ئۇچۇشۇپ بېمەسدىسىدۇر قۇرقىغاندەك توختىماي ۋىچىرلىشاتتى. قوي - كالىلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاشلىرى قوشۇلۇپ تېخىمۇ ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى.

# ئالبېرت كامۇسنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە سۆزلىگەن سۆزى ۋە خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندىلەر

**فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى، دراماتورگ، ئوبزورچى ۋە پەيلاسوپ ئالبېرت كامۇس 1913 - يىلى تۇغۇلغان. 1935 - يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «يېگانە ئادەم»، «ۋابا»، «ھەققانىيەتچى»، «كالىگۇلى» قاتارلىقلار بار. ئۇ 1957 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.**

**ئالبېرت كامۇس 1960 - يىلى ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن.**

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە سۆزلىگەن سۆزى
1957 - يىل 10 - دېكابىر

سىلەرنىڭ مۇستەقىل پەنلەر ئاكادېمىيەڭلار تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات مەندە شۇنداق مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرىنى ئويغاتتىكى، بۇ شەرەپنى ئۆز خىزمەتلىرىمدىن يۇكسەك دەپ قارايمەن. ئىنسان بالىسى، بولۇپمۇ سەنئەتكار ئەلگە تونۇلۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كەمىنىمۇ شۇنداق. سىلەرنىڭ مېنى تاللىغانلىقىڭلار ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇكاپاتنىڭ سالمىقى ۋە ئۆزۈمنىڭ سالاھىيىتىمنى خىيالەن قىياسلاشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدىم. ئاخىر خېلىلا خام، بىردىنبىر بايلىقى - ھېسابسىز ئىككىلىنىشلەر ۋە تېخىچە يېزىپ بولالمىغان كىتابلىرى بولغان، پىنھان ياشاپ ئىشلەشكە ۋە يالغۇزلۇقنى دوست دەپ قاراشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن مەندەك بىر ئادەم بۇ خۇش خەۋەرنى خاتىرجەم قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئومۇمەن، ياۋروپانىڭ بارلىق سۆزى ئۆتكۈر يازغۇچىلىرى سۈكۈت قىلماي ئامالى يوق، قەدىمىي فىتنە تۈگىمەس بەختسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە، بۇنداق شەرەپنى قانداقمۇ ھاياجانلانماي قارشى ئېلىش مۇمكىن؟

مەن قىسقىغىنا ئۆمرۈم داۋامىدا ناھايىتى كۆپ ئىزتىراپلارنى باشتىن كەچۈردۈم. مۇكاپات ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمدە تەقدىر بىلەن كەسكىن ھېساب - كىتاب قىلىش ئېھتىياجىنى سەزدىم. پەقەت خىزمەتلىرىمدىنلا كېلىپ چىقىپ ئۆزۈمنى بۇ شەرەپكە مۇناسىپ كۆرگىنىم يوق. ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ قىيىن دەقىقىلىرىدىمۇ بىردىنبىر تايانچىم - سەنئەت ۋە يازغۇچىنىڭ مەۋقەيى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم بولدى. ئىجازەت بەرسەڭلار، مىننەتدارلىق ۋە شادلىق تۇيغۇلىرى مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئۇشبۇ بەختلىك مىنۇتلاردا ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتسەم.

مەن ئۆز سەنئىتىمسىز ياشىيالمايمەن. بىراق ھېچقاچان ئۇنى دۇنيا دەردلىرىدىن ئۈستۈن قويغانمۇ ئەمەسمەن. ئەكسىچە، ئۇ مېنىڭ ھېچكىم ۋە ھېچنەرسىدىن ئۈزۈلۈپ قالماي سەنئەتكار ۋە ئاددىي بىر ئىنسان سۈپىتىدە ھايات كەچۈرۈشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. مەن ئۈچۈن سەنئەت يالغۇزچىلىقتىكى شۇنچىكى بىر ئەمەك ئەمەس. سەنئەت ئىنسان ئىزتىراپلىرى ۋە خۇشاللىقىنىڭ بىپايان مەنزىرىلىرىنى سىزىش ئارقىلىق دىللارغا تەسىر قىلغۇچى قۇدرەتلىك كۈچتۇر. سەنئەت ئىجادكارىنىڭ ئۆز پوستىدا خاراب بولۇشىغا يول قويمايدۇ، ئۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ھەقىقەت ئۆتكىلىگە تاپشۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىجادكار ئۆز يولىنى تاللاپ تۇرۇپ (باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ) ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن پەرق قىلمايدىغانلىقىنى تەن ئالمىسا ئۆز سەنئىتى ۋە خاسلىقىنى ناھايىتى تېز يوقىتىدۇ. سەنئەتكار چەتنەپ ئۆتكىلى بولمايدىغان گۈزەللىك ۋە بۇزۇلماس ئىنسانىي ھەمكارلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارا يولدا بۆزچىنىڭ موكىسىدەك ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي سەنئەتكار ھېچ نەرسىنى نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇ ئەيىبلەشنى ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق نەرسىنى چىن دىلىدىن چۈشىنىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭغا تاللاش ھوقۇقى بېرىلسە، ئۇ سودىيە ئەمەس، ئىجادكار باشقۇرىدىغان جەمئىيەتنى تاللىغان بولاتتى.

يازغۇچىنى مۇرەككەپ مەسىلىلەر قايىنىمىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ تەبىئەتەن بۈگۈنكى تارىخ ياراتقۇچىلارغا ئەمەس، شۇ تارىخنى بېشىدىن

كەچۈرۈۋاتقانلارغا خىزمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ سەنئەتتىن ئايرىلىپ يالغۇز غېرىبسىنىپ قالىدۇ، تالانتنىڭ تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرىمۇ ئۇنى بۇ يالغۇزلۇقتىن خالاس قىلالمايدۇ. پەقەت دۇنيانىڭ باشقا بىر بۇرجىكىدە جەبرى - جاپالارغا چىداپ ياشاۋاتقان نامەلۇم شەخسنىڭ سۈكۈناتىلا - ئەگەر يازغۇچى ھۆر ھاياتنىڭ ئىمتىيازلىرىغا ئالدىنىپ شۇ سۈكۈتنى ئۇنتۇمىسا ۋە ئۆز سەنئىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا جور بولالىسا - يازغۇچىنى ئىنسانىيەتكە قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن.

بۇنداق بۈيۈكلۈك ھېلىغىچە ھېچبىرىمىزگە نېسىپ بولمىغان. ئەمما ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك بوھرانلىرىدىمۇ ناتونۇش ياكى ئانچە - مۇنچە تونۇش، تەقىپلەنگەن ياكى ھۆر پىكىرلىك يازغۇچى ئادىمىيلىك بىلەن ھەمكارلىق تۇيغۇسىنى تېپىشقا قادىر. ئەگەر ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىقتىدارىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى تەقەززا قىلغان ئىككى ئامىل - ھەقىقەت ۋە ئازادلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلسىلا ئۇنىڭ سەنئىتى مەلۇم بىر مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يالغۇزلۇق ۋە بېقىندىلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئىللەتلەر ھۆكۈمران يەردە يالغۇزلۇققا مەھكۇملارنىڭ سانى داۋاملىق كۆپىيىپ باردۇ. قانچىلىك ئاجىز ۋە ناتىۋان بولايلى، تاللىغان يولىمىزنىڭ ئالىيجانابلىقى بىزدىن ئەمەل قىلىشىمىز مۈشكۈل بولغان ئىككى مەجبۇرىيەتكە سادىق بولۇشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يالغۇز سۆزلىمەسلىك ۋە ئىستىبداتقا قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش.

تەلۋە تارىخىمىزنىڭ 20 يىلدىن ئارتۇق دەۋرى مابەينىدە، ئەۋلادلىرىم زامان ئەسەبىيلىكلىرى ئالدىدا ئاجىز ۋە ساراسىمىدە قالغان پەيتتە يازغۇچى بولغانلىقىم مەن ئۈچۈن بىر خىل شەرەپ، چۈنكى ئۇ زىممەمگە مەسئۇلىيەت، يەنى يېزىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ دېگەن بىر ئۈمىد ماڭا كۈچ بېغىشلاپ كەلدى. بۇ مەسئۇلىيەت مېنى ھامان كۈچۈم ۋە ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە تارىخ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ھەمدەرد بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا تۇغۇلغان، گىتلېر ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ۋە ستالىننىڭ قانلىق باستۇرۇشى باشلانغان، ئىسپانىيە ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بولغان ھەمدە قىيناش ۋە قاماقخانىلار قىنىسىغا ئايلاندۇرۇلغان

ياۋروپادا ياشاش نېسىپ بولغان مېنىڭ ئەۋلادلىرىم، يادرو ئۇرۇشى ھالاكىتى خەۋپ سېلىپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىمەكتە، ئىجاد قىلماقتا. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭچە، ھېچكىم ئۇلاردىن ئۈمىدۋارلىقنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ئەمەس. بىز ئۇلارنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈنكى كۈندە كۆپچىلىك ئاما ياۋروپادا تەكەببۇرلۇقنى تاشلاپ، تارىخنى ئىزچىل يولغا سېلىش دەردىدە رىيازەت چەكمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىدە كۈچ ھاسىل قىلىپ دۇنيانى چىرمىۋالغان ئۆزلۈكنى يوقىتىشقا ئىنتىلىش تۇيغۇسىغا قارشى ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۈرەش قىلىش ۋە پاجىئەلەر ئارىسىدا ياشاشنى بىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلاشقا مەجبۇر قىلىنغاندى.

ھەربىر ئەۋلاد ئالەمنى قايتا قۇرۇشقا ھەقلىقمەن دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما مېنىڭ ئەۋلادىم بۇ دۇنيانى ئەمدى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق ۋەزىپە تۇرۇپتۇ. بۇ ۋەزىپە ئالەمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقتۇر. ھالدىن كەتكەن تارىختا مىراسخور بولغان، ئىنقىلابىي چۈشكۈنلۈكلەر، قۇترىغان تېخنىكا، چىركىن غايىلەر، چالا موللا مۇستەبىتلەر ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمىگەن ئەھۋالدا، ھەممە نەرسىنى ئاسانلا ۋەيران قىلىدىغان، زىيالىيلىرى ئاداۋەت ۋە باسقۇنچىلىقنىڭ گۇماشتىلىرىغا ئايلانغان شۇنداق تۆۋەن بىر زاماندا بۇ ئەۋلاد بىرلا ھادىسە بىلەن چەكلەنمەسلىك، شۇنداقلا ئۆزى ھەمدە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ قىممىتىدىن ساۋاق بېرىش بۇرچىغا ئىگىدۇر.

ئۇ خالىغان دەقىقىدە ئۆلۈم سەلتەنىتىگە ئايلانغۇچى زېمىندا دەۋر بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇسابىقە جەريانىدا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئورنىتىشنى، ئەمگەك بىلەن مەدەنىيەتنى ياراشتۇرۇپ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى ھەمكارلىق كۆۋرۈكى تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ناھايىتى ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا قادىر ياكى قادىر ئەمەسلىكىدىن خەۋىرىم يوق، ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، بۇ ئەۋلاد جاھاننىڭ ئىستەلگەن نۇقتىسىدا ھەق ۋە ئازادلىققا ئىشەنچ باغلاشقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشكىمۇ تەييار. بۇ ئەۋلاد ئۆزىنى قۇربانلىققا بېغىشلاۋاتقان ھەممە جايدا سىلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىڭلارغا موھتاج. شۇ سەۋەبتىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ماڭا كۆرسىتىلگەن بۇ چەكسىز

ئىلتىپاتقا ئېنە شۇ ئەۋلادنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىپتىماقچىمەن.

يازغۇچىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە توختالغىنىمدا، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ كۈرەش قىلالايدۇ دېگەن نامدىن بۆلەك ھېچبىر بىساتى يوق، ھەق ۋە ئازادلىققا تەشنا، ئۆز ئەسەرلىرىنى مەغرۇرلۇقنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەيمەنمەي يېزىۋاتقان، دائىم ئىزتىراپ ۋە گۈزەللىك ئارىسىدا ھەلەك بولۇۋاتقان، تارىخنىڭ پارچىلىغۇچى بېسىمى ئاستىدا ئىككىگە ئايرىلغان شەخستىن زۇۋۇلا ئېلىشقا مەھكۇم يازغۇچى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆزلەپ ئۆتۈشۈم كېرەكتەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييار جاۋاب ۋە چىرايلىق ئوخشىتىش كۈتۈشكە ھەققىمىز بارمۇ؟ غايىبانە، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان ھەقىقەت ھەمىشە قايتا بىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇستەقىللىققا ئېرىشىش مۇشكۈل ۋە لەززەتلىك بىر جەريان. بىز ھەقىقەت ۋە ھۆرلۈك تەرەپكە قاراپ قەتئىيلىك بىلەن ھەرىكەت قىلغان چېغىمىزدا، بۇنداق ئۇزۇن يولدا چۈشكۈنلىشىدىغان چاغلارنىڭ بولۇشىنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ قايسىبىر يازغۇچى ۋىجدانى ئالدىدا قىينالماي ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىشتەك جاسارەتكە قول سالالايدۇ؟ ئۆزۈمگە كەلسەم، ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەككى، مەن ھېچقاچان يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن پەزىلەتلەرگە ئىگە بولالمىغانمەن. باللىقتىن بېرى تونۇش تۇيغۇلار، يەنى يورۇقلۇق، مەۋجۇتلۇق شادلىقى، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش قاتارلىقلار نۇرغۇن خاتا ۋە يېڭىلىشلىرىمغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ماڭا ئۆز سەنئىتىمنى ياخشىراق چۈشىنىشىمگە ۋە ھازىرچە سۈكۈت ساقلاپ، ئەركىنلىك بىخلىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى شېرىن خاتىرىلەرنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا كۆنۈككەن كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشقا ياردەم بەرمەكتە. ئەمدى بۇرچ ۋە ئېتىقادىم ھەمدە ئۆزۈم توغرىسىدىكى ئېنىقسىزلىقلار ئاخىرلاشقاندا، خاتىمە تەرىقىسىدە سىلەر بەرگەن بۇ يۈكسەك مۇكاپاتنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلارنى ۋە ئۇنى ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم، پالاكەت ۋە تەقىپكە دۇچار بولغان بارلىق كۈرەشچان دوستلىرىمنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ مۇناسىپ باھاسى دەپ ھېسابلىشىڭلارنى سورايمەن. سىلەرگە چىن يۈرەكتىن تەشەككۈر ئېيتىپ ھەققىي ئىجادكار ئادەتتە سۈكۈت بىلەن ئىپادىلەيدىغان مەڭگۈلۈك سادىقلىق قەسىمىنى ئىچمەكچىمەن.

## «خاتىرىلەر» دىن

«تەجرىبىلىك ئادەم» دېگەن گەپ پۈتۈنلەي بىمەنە گەپ. «تەجرىبىلىك ئادەم» بولۇش ئەسلا تەجرىبىگە باغلىق ئەمەس. تەجرىبە قولغا كەلتۈرۈلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى كېلىدۇ. ۋاقىت بىلەن پەقەت تەجرىبىلا ئەمەس سەۋر - قانائەتمۇ كېلىدۇ. بىز چىدايمىز، ئېنىقراقى مۇشەققەت چېكىمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تەجرىبە ئىنساننى دانىشمەن قىلالمايدۇ، پەقەت خەۋەردار قىلىدۇ. ئەمما نېمىدىن؟

* * *

پەقەت ئوبرازلار ئارقىلىقلا پىكىر قىلىش كېرەك. پەيلاسوپ بولۇشنى خالىساڭ رومان ياز.

* * *

ئويۇن ۋە قەھرىمانلىق پەقەت ئۆلۈم بىلەن باغلانغاندىلا ھەققىي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئەڭ خەۋپلىك ھەۋەس - ھېچكىمگە ئوخشىماسلىق ھەۋىسىدۇر.

* * *

داۋاملىق ھەق بولۇشقا ئىنتىلىش ئاڭنىڭ خۇنۇكلۇكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

* * *

ئىنسانشۇناسلىقتا تولىمۇ ئىنچىكە زىر - زەۋەرلەپ كېتىش خاتادۇر. ئىنسان دائىم ئۆزلۈكىنى ئىزدەيدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىنسانشۇناسلىق ئۆز - ئۆزىنى ئاختۇرۇش ئەمەس، ھەرىكەت دېمەكتۇر.

* * *

ئىنسان ھاياتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىدۇ. ئۈزلۈكنى تولۇق بىلىش – ئۆلمەك دېمەكتۇر.

* * *

پەيلاسوپ قانچىلىك زېرەك بولسا ئۇنىڭ پەلسەپىسمۇ شۇنچىلىك كۆچلۈك بولىدۇ. ئىنساندا ئۇلۇغۋارلىق قانچىلىك يۈكسەك بولسا ئۇنىڭ پەلسەپىسىدە ھەقىقەت شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

* * *

ئويغىنىش دەۋرىدە رەسساملار ھەمىشە ئىمارەتلەرنى كىچىك، ئادەملەرنى چوڭ قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆلچەم قانۇنلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار تەسۋىرلەۋاتقان ئىنسان ۋە ئەۋلىيا – ئەنبىيالارغا ئىشەنگەنلىكىدىن بولغان دەپ قاراش لازىم. تىياتىر دېكوراتسىيىسىگە ئىشلىگەندە ئەنە شۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك.

* * *

– ئۆزىڭىزنى ئاقلاڭ، – دېيىشتى قازىلار.
– ياق، – دېدى ئەيىبلەنگۈچى.
– نېمىشقا؟ قائىدە شۇنداققۇ؟
– مەن سىلەرنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى زىممىڭلارغا ئېلىشىڭلارنى كۈتۈۋاتىمەن.

* * *

خاتىرجەم سۆيگۈنىڭ زادى ئىمكانى يوق. ئاڭ ۋە شەخسىيەت ئاشقا چىۋىن بولۇپ قونىدۇ ۋە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە مۇھەببەت دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

* * *

گىبنو: بىز مايمۇندىن پەيدا بولغانمىز، ئەمما شىددەت بىلەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىمىز.

* * *

بىلىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئىنسانغا ئىنسان ھەققىدە سۆزلىگەن ۋە يازغانلىرىغا قاراپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، قىلمىشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىشمۇ توغرا ئەمەس.

* * *

ئەگەر بىرەر ساۋاققا ئىگە بولغان بولسىڭىز، يالغۇزلۇق ھەققىدە بۇنچە كۆپ يازمىغان بولاتتىڭىز.

* * *

سىياسەتچىلەر باراۋەرلىكنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ كۈشەندىسى ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. يۇناندا قۇللار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئازاد كىشىلەر بولغان.

* * *

ھەيكەلتىراشلىقتا بولغان ئىشتىياقىم بەلكىم تاشقا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ نىشانىسىدۇر. ھەيكەلتىراشلىق ئىنسانغا ئېغىر – بېسىقلىق، سوغۇققان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارسىز مەن ئۆزۈمنى ئۇلۇغۋار ھېس قىلالمايمەن.

* * *

تولستوينىڭ يېزىق ئۈستىلىدە قالغان ئەڭ ئاخىرقى تاماملانمىغان ئەسىرى: «دۇنيادا ئەيىبدار يوق».

* * *

شۇنداق، مېنىڭ ۋەتىنىم بار: فرانسۇز تىلى.

* * *

ئىنسانپەرۋەرلىكتىن تېخى زېرىككىنىم يوق، ھەتتا ئۇ ماڭا ياقىدۇ. ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن كۇپايە ئەمەس.

ئۆزبېكچىدىن **ئەزىزى** تەرجىمىسى

# مەن يىغلىدىم

(ھېكايە)

زۆھرەگۈل ئەخمەت

مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمدىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىمدىن كېچىشكە رازى ئىدىم. بىر - بىرىمىزگە شۇنچىلىك ئامراق ئىدۇقكى، ھەتتا بىرەر قېتىم مەن ئۇنى، ئۇ مېنى رەنجىتىپ باقمىغان. ئەگەر ئۇ مەندىن سەن ئۈچۈن نېمە ئەڭ قىممەتلىك دېسە، مەن قىلچە قورۇنماي تۇرۇپ: «سېنىڭ مۇھەببىتىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. ئەگەر ئۇ ماڭا يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ بەر دېسە، ئىككىلەنمەستىن يۈرىكىمنى سوۋغا قىلىشقا تەييار ئىدىم.

ئۇ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق بولسا، مەن مۇلايىم، كەمسۆز، خىيالچان ئىدىم. ماڭا ئۇ بولمىسا بۇ دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى قالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەڭتۈشلىرىمىز بىزگە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى ۋە بىزنى خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر، غېرىب - سەنەمنىڭ ئۆزى، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار ئاشىق - مەشۇقلار... دېيىشەتتى.

بىز توي قىلماقچى بولدۇق...

ھۆپپىدە پورەكلەپ ئېچىلغان باھار چېچىكىنى سوغۇق جۇدۇن بىر كېچىدىلا توزۇتقاندەك مېنىڭ كاللام قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئۇيقۇ، تاماق، كۈلكە، خۇشاللىقتىن قالدىم. بىر خىيال ئىچىمدە ئاچ قالغان چىلبۆرىدەك ھۇۋلايتتى. باشقىلارغا ئېيتىشقا پېتىنالمايتتىم. ئېيتمىسام بىئاراملىق، پەرىشانلىقتىن تۇگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇ مېنى ھەقىقىي سۆيمەيدىغاندەك، مەنمۇ ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىغاندەك باشقىچە ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. تۇنجى قېتىم ئۆزۈمدىن ئازار يەپ چەكسىز ئازابلاندىم. ياق، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، ئاھ خۇدا، ئارمىنىمنى يەردە قويمىغايسەن، ئۇ مېنىڭ سىناقلىرىمدىن ئۆتۈپ كەتسىلا ھەممە ئازابتىن، غەشلىكتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن بىراقلا ئازاد بولىمەن. مەيلى ئۇنى بىر سىناپ باقاي. ئىست، ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىگە شەك كەلتۈردۈم، خۇدا مېنى كەچۈرگىن... ئەگەر ئۇ مېنىڭ سىنىقىمدىن ئۆتەلمىسچۇ؟ ئەزىرايى خۇدا، ئۇ چاغدا مەن مەڭگۈ توي قىلماسلىققا قەسەم ئىچىۋېتىمەن!

ئاخىر بۇ ئويۇمدىن ۋاز كېچەلمىدىم. تالاي كېچىلەر كىرپىك قاقمىدىم، تالاي سەھەر نامىزىمدا خۇدادىن ئۇنىڭغا سىنىقىمدىن ئۆتۈپ كېتىشكە جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىككىمىزگە ھەقىقىي بەخت تىلىدىم.

بۇ ئويۇمنى ئەڭ يېقىن دوستلىرىمغا، ھەتتا ئاتا - ئانام، ھەدىلىرىمنىڭ بىرەرىگە، ئىنىسى - جىنىغىمۇ تىنمىدىم.

تويىمىز يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

مەن ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. تۇۋا، جاھاندا ئۆزى سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەشتىنمۇ قىيىن ئىش بارمىدۇ...

- جۇدەپلا كېتىپسەنغۇ گۈل، نېمە بولدۇڭ؟

- ھېچنېمە، - كۈلۈمسىرىدىم مەن.

- نېمىشقا مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغانسەن، نېمە گېپىڭ بولسا بىر دېسەڭچۇ!

- پېتىنالمايۋاتىمەن باتۇر.

- قارا سېنى، ئادەمنى تىت - تىت قىلماي، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ بىر دېسەڭچۇ؟

- باتۇر مېنى كەچۈرمىسەن، راست گېپىڭنى قىلغىن، كەچۈرمىسەڭمۇ رەنجىمەيمەن...

- زادى نېمە بولدى ساڭا، تېزرەك دېسەڭچۇ... - ئۇ راستتىنلا جىددىيلەشتى، مەن ئاخىر ئېغىز ئاچتىم.

- سەندىن يوشۇرالمايدىغان بولدۇم باتۇر، مېنىڭ كىچىكىمدىن تارتىپ ئاق كېسىلىم بار ئىدى، سەندىن ئىزچىل يوشۇرغاچقا بىلمەيسەن ھەم ئىشەنمەيسەن. دوختۇرلارمۇ ئامال قىلالمىدى. توي قىلساق سەن... سەن بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، سېنى ئازابلاشنى ھەرگىز خالىمايمەن!

- چاقچاق قىلمىغىنە، - ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، - بۇ يالغان، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! - ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى.

- خۇدا ھەققى سېنى ئالدىمىدىم، - بۇ ئىش گويا بىردىنلا راستقا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى، - بىز ئايرىلىپ كېتەيلى، سەن ئۆز بەختىڭنى تېپىشىڭ كېرەك. سېنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭغا قاراپ

ئۇرالمايمەن، ئەمدى مېنى ئىزلىمە، سەن بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن... خوش.

— توختا، گېپىمنى ئاڭلا.

يېنىمدىن يۈگۈرگەنچە كەتتىم. كەينىمگە قارىماسلىققا، يىغلىماسلىققا تىرىشاتتىم. بىراق كۆڭلۈم شۇ قەدەر پاراكەندە ئىدى. شۇنچىلىك تېز يۈگۈردۈمكى، مەستتەك دەلدەڭشىپلا قالدىم. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈلۈپلىشىنى، «ئارتۇقچە ئازابلىما، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسەن، يىغلىمىغىن» دېيىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. شۇغىنىسى ئۇ كەلمىدى...

ئۆيۈمگە كېلىپلا ئۇنىڭغا ئۇنى سىناۋاتقانلىقىمنى، كۆڭلۈمنىڭ بەك مالىمان، پاراكەندە ئىكەنلىكىنى، ئۇيلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ خەت يازماقچى بولدۇم، قوللىرىم ئۇغرىنىڭ قولىدەك تىترەيتتى.

«قەدىرلىك باتۇر، مەن ئۇچۇن بەدەل تۆلەيمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولما، سېنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئالدىغىنىممۇ يېتەر. سېنى ئاداققىچە سۆيىمەن، بىراق سەن بىلەن توي قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم. قايىل قىلىمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، ئادەم دۇنياغا ھاياتتىن ھۇزۇرلىنىش، بەختلىك بولۇش ئۈچۈن تۆرۈلىدۇ. سېنى ئىستىقبال، بەخت، خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلىش — مەن ئۈچۈن ئېغىر جىنايەت. مېنى مەڭگۈ ئىزلىمە، سەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي، تەمكىن، سوغۇققان بول...»

* * *

شۇنداق قىلىپ بىز جىمجىتلا ئايرىلىپ كەتتۇق. بىز ھەققەتەن بىر - بىرىمىزدىن يىراقلاپ كەتكەندۇق. بۇ ئىشنىڭ ئەلمىدىن يىغلىماقچى بولۇپ سوغۇق كۈلەتتىم، كۈلمەكچى بولۇپ يىغلاپ سالاتتىم. تووا، مەن ئۇنى سىنايمەن دەپ توغرا قىلدىممۇ ياكى خاتا؟ نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ پۇشايمان قىلمايمەن. ئۆكۈنمەيمەن. ئەمما مەن يەنە نېمىگە ئازابلىنىمەن؟ دوستلىرىم مېنى «ئەخمەق، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، ھازىرقى ئوغۇللار شۇنداق تۇرسا، سىنايمەن دەپ بېشىڭغا پىت تېرىۋالغىنىڭ نېمىسى؟» دەپ ئەيىبلەشتى. بىراق مېنىڭ بۇنداق قىلىشقا رايىم بارمايدۇ.

بۈگۈن باتۇرنىڭ توي باغقىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، پاھ! ئەجەب تېز، ئۇ مېنى تويىغا تەكلىپ قىپتۇ، نېمىدېگەن تەسىرلىك كۆرۈنۈش - بۇ! قولۇمدا لەنتى باغاق، قېتىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇ توي قىلىدىكەن، باشقا ئامەتلىك بىر قىز بىلەن. ئەگەر ئۇ قىزمۇ ئاق كېسىلىم بار دەپ قويسا ئۇ قىزدىنمۇ ۋاز كېچەرمۇ؟ نېمە كارىم، مەن ئۇنچىلىك بىچارە ئەمەس، ياق، مەن يىغلىماسلىقىم، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىپ خۇشال بولۇشۇم، ئۇنى تەبرىكلىشىم، بار جۈرئىتىمنى، چىدامچانلىقىمنى يىغىپ ئۇنىڭ تويىغا بېرىشىم كېرەك...

قولۇمدا ئەينەك، گىرىم قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن چېچىمنى تاراشقىمۇ رايىم يوق. ئەينەكتىكى ئىچ - ئىچىدىن يىغا قايناۋاتقان قىز ماڭا قاراپ يىغلايدۇ. مەن ئەينەكتىكى قىزغا قاراپ يىغلايمەن. ئۆزۈمدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، كۆز ياشلىرىمنى، ھەسەتخورلۇقىمنى زادىلا يوشۇرالمىدىم. مۇشۇ تاپتا دۇنيادا ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەستەك، دۇنيا بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

«يۈزسىز، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز!» ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللايتتىم. تۇرۇپ بىر سىقىم ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا يەپ راسا قېنىپ ئۇخلاپ ھەممىسىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئۇنتۇماقچى بولاتتىم. جان ئاچچىقىمدا تويى بولۇۋاتقان قىزغا ئوت قويۇۋەتكۈدەك ۋەھشىي خىياللارغىمۇ كېلەتتىم. ياق، ئۇ قىز گۇناھسىز، ھەممە گەپ ئاشۇ يۈرىكى بىلەن ئەمەس، مېڭىسىگە تايىنىپ ياشايدىغان قاقۋاشتا. مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن! مەن ئەمدى ھازىردىن باشلاپ يىراق جايغا كېتىمەن، بۇرۇنقىدىنمۇ مىڭ ھەسسە چىدام بىلەن ياشايمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكىم، ئۇلارنىمۇ كۆرۈپ قالماسلىقىم كېرەك. ئازابلانماسلىقنىڭ بىردىنبىر يولى — مانا شۇ.

ئىشىك چېكىلدى. ئانام كىرىپ كەلدى. باغاقنى يوشۇرۇۋالدىم. بىردىنلا ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىغۇم كەلدى. ئۇنىڭغا ئىچ - باغرىمنى تۆكمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئانام كۆڭلۈمنى ئاياپ گەپ قىلمىدى. ئەمما كۆزلىرى يىغلاۋاتاتتى. «جېنىم بالام، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئەرزىمەس ئىشلار ئۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ...» دەيتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى.

— ئانا، بىردەم ئۇخلىۋالاي، بېرى ئىزلەپ كەلسە يوق دەپ قويغىن، بولامدۇ...

ئانام مېھرىبانلىق بىلەن غەمكىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەتتى.

مەن بىغلىدىم، يىغلىماي دەپ شۇنچە قىلسامۇ يىغلاۋەردىم، ئۇنىڭ نامەرد، چىدامسىزلىقى، ئالدىراپلا توي قىلىۋالغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم ئۈچۈن يىغلىدىم.

# ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى



☜ ئەدەبىي بەت مۇھەررىرلىرى خىزمەت ئۈستىدە.



☜ مۇخبىرلار بۆلۈم مەسئۇلى مۇخبىرلارغا كۈندىلىك زىيارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرماقتا.



☜ مەخسۇس بەت بۆلۈمى.



☜ مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى.

# ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى




标准刊号ISSN1004-1745　国内统一刊号CN65-1012/I　邮发代号58-83　零售价4.40元